

# گۇلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

(11)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئاق يۇلتۇز ........................ مۇستاي كەرىم ( 1 )

يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا .................. ۋ. توكارېۋا ( 95 )

ۋاسىلى بىلەن ۋاسىلىسا .................. ۋ. راسپۇتىن (125)

ئېلىشىش .......................... ف. مۇخامماجىيېۋ (173)

باشقىلارنىڭ رولىدا ...................... ن. شېۋزوۋ (211)

# ئاق يۇلتۇز

## مۇستاي كەرىم

سابان بايرىمىنىڭ① ھارپا كۈنى قوشنىمىز ئۆيىگە بىر كېلىننى كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ قوشنىمىز تام قوشنا ئەمەس، ئاراتام قوشنا ئىدى. بىزنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان سۆزىمىز بىلەن ئېيتقاندا، جان بېقىش يولىغا كىرىۋالغان جارىيام بوۋاي مۆرىمەس ئوتتۇرانچى ئوغلى ھەمزىنى ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن، ھەمزىنىڭ كۆزى ئېچىلغانىدى.

بىزنىڭ بۇ يەردە توي مەرىكىسى قىش كۈنى ئاۋال قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئاندىن يىگىت قىزنى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان يازدا بويىنىغا جىرىڭلاپ تۇرىدىغان قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، توغرا تامدەك تېمەن ئاتقا مىندۈرۈپ كۆچۈرۈپ كېلەتتى. يىگىت تويى بولغان كۈندىن باشلاپ قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگىچە ھەر پەيشەنبە كۈنى قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ كېلەتتى. بۇ "قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش" دېيىلەتتى. ئارىلىق مەيلى ھەرقانچە يىراق بولسۇن، مەيلى ھەرقانچە يېقىن بولسۇن، يىگىت رەسمىي تەييارلىق بىلەن يولغا

---

① سابان بايرىمى — تاتار ۋە باشقىرتلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىنكى بايرىمى.

چىقمىسا بولمايتتى: يىگىت ئىتىنى يۈيۈپ تاراپ، ئاتىنىڭ يايلىنى ۋە قۇيرۇقىنى چاچىتەك ئۆرۈپ، رەڭگارەڭ لېنتا چېگىشى، ئېگەر ۋە نوقتىدىكى تۇچنى قۇم بىلەن سۈرتۈپ پارقىرىتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىنى تالاغا مىنىپ چىقماي، يېتىلەپ چىقىشى، كوچىغا چىققاندىن كېيىن پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاتقا چەبدەسلىك بىلەن بىر ئىرغىپلا مىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن كوچىدا ئاتنى ھە دېگەندىلا بولۇشچە چاپتۇرماي، كۆرمىگەنلەر مېنى ئوبدان كۆرۈۋېلىشىلار دېگەندەك قىلىپ، مەيدىسىنى كېرىپ، ئالغا قاراپ مەغرۇر مېڭىشى كېرەك ئىدى.

چوڭ ئاكام مۇرتاج ئۆتكەن يىلى، مەنسۇرنىڭ ئوغلى قارىموللا ئۆزاقى يىلى شۇنداق كۆرەڭلەپ ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ئادەتتە ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئەبگا بىرنېمىلەرمۇ ئۆيلەنگەندە قالتىس پۈزۈرلىشىپ كېتەتتى.

لېكىن ھەمزىنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن بىر قېتىم بارغان، بارغاندىمۇ ئاكىسىنى ئېلىپ بارغانىدى. گەپ كوچىلاشقا ئامراق بەزى يىگىتلەر نېمىشقا خوتۇنۇڭنى يوقلىغىلى بارمىدىڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالمىدىڭ دەپ سورىسا، ئۇ: "ئارىلىق بەك يىراق، يولمۇ ئەسكى، يولدا يامان ئادەملەرگە ئۇچ-راپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم، ناۋادا يامان ئادەمگە ئۇچراپ قالسام، كۆچۈرۈپ كەلمىگەن خوتۇنۇم تۇل قالمامدۇ، تۇغۇلمىغان بالام يېتىم قالمامدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بىزگە چاي ئىچكۈزۈپ قويغان، ئۇ ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزى كېلىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

قاش قارايغاندا مەھەللىمىزدىكى ئەرلەر بىرەر تام تۈۋىگە يىغىلاتتى-دە، تاماكا چېكىشىپ، پاراڭ سېلىشاتتى، ئۇلارنىڭ گېپىمۇ تازا بىر يەردىن چىقمايتتى. ئۇلار، قىز ئۆزى: "يىگىت ئادەم ئەۋەتىپ كۆچۈرۈپ كەتكىچە بۇ ئۆيگە كەلمىسۇن" دەپ شەرت قويۇپتىمىش دېيىشەتتى.

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا پادىچى نۇردىن "قىز نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ، بۇنىڭدا بىر سىر بار، بۇنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ" دېگەنىدى.

لېكىن ھەمزىنىڭ گېپىمۇ دېگەن يېرىدىن چىقتى. چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغاچقا، قىز ھېچنەگە قاچماي ئۇدۇللا يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. ئۇ قىزنى ناھايىتى يىراقتىن — جاما دەرياسىنىڭ بېشىدىن ئاپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن-جامالى كىشىنى شۇ قەدەر جەلپ قىلاتتىكى، كۆزى بار ئادەم ئۇنى پەرىزات ئىكەن، دەپ قالاتتى. مەھەللىمىزدە گۈزەل قىزلار، سەتەڭ چوكانلار، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان چىرايلىق ئاياللارغۇ خېلى كۆپ ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان-ئېسەن ئىدى. بىزنىڭ باش قوشنىمىز مەنسۇرنىڭ قىزى گۈلبوستان كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان قىز ئىدى. ئۇنىڭ تەقى-تۇرقىمۇ، يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ شۇنداق جايىدا ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىشى بەزىدە مەيىن شامالدا ئىغاڭلىغان مەجنۇن تالغا ئوخشىسا، بەزىدە سۇ يۈزىدە يېنىك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنغا ئوخشايتتى. خەقنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يول ماڭغاندىمۇ بەش خىل فوكۇس چىقىرىپ ماڭىدىكەن. بۇ يىل باھاردا كۆكتاتلىقتا ياڭيۇ تىكىۋاتقاندا، مەنسۇر بوۋاي خاپا بولۇپ قىزىنى: "گۈلبوستان، خويمۇ زېرىكتىمغۇ سېنىڭ خېنىملارچە مېڭىشىڭدىن!" دەپ تىللىغان ئىكەن. شۇ چاغدا خىيالغا

كەتكەن گۈلبوستان ئىش قىلىشىۋېتىپمۇ خېنىم پەدىسىدە فوكۇس چىقىرىپ ماڭغانىكەن. چوڭ ئاكام مۇرتاجىغا قىز ئىزدەپ يۈرگەن چاغلاردا بىز گۈلبوستاننى ئېلىپ بېرەيلى دەپ ئەلچى قويماقچى بولغانىدۇق، ئەمما كېيىن يالتىيىپ قالدۇق. بىز: "سەتەڭ كېلىن خالايىقنىڭ گۈلى، ئىشچان كېلىن ئەرنىڭ قولى. ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسى كىچىك، بىزنىڭ كىچىككىنە ئۆيىمىز گۈلبوستاندەك سەتەڭ قىزغا تارلىق قىلارمىكىن" دېگەن يەرگە كېلىپ، مۇرتاجىغا دىمەينى كوچىسىدىن غۇنچە بوي قىز بىكانى ئېلىپ بەرگەنىدۇق. چوڭ ئاكامنىڭمۇ بىكاغا بۇرۇنلا كۆزى چۈشۈپتىكەن. داداممۇ ئەلچىلىككە ھېچكىمنى قويماي، قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىلا بارغانىدى. بىراق كۆڭلى غەش قايتىپ كەلدى. كەچلىك چاي ۋاقتىدا ئۇ:

— قىزغۇ ماڭا يارىدى. ئۇنىڭ خۇلىق-مىجەزى بىزنىڭ ئۆيگە تازا لايىق كەلگۈدەك. لېكىن قۇدىلىرىمىز...بەك پىششىقتەك قىلىدۇ، — دېگەنىدى.

— نېمە، ئۇلار نۇرغۇن مال بېرىڭلار دەمدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى چوڭ ئانام.

— ياق، نۇرغۇن مال ئالىمىزغۇ دېمىدى. مەن ئۇلارنى ئاچكۆز ئىكەن دەۋاتقىنىم يوق، پىششىق ئىكەن دەۋاتىمەن.

— ھەي، ئىلگىرى بىز يا ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ باقمىغان تۇرساق، پىششىقلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ.

— داستىخانغا قويغان قايمىقى شۇنداق ئاز دەڭلا، ناۋاتىنىمۇ پۇرچاقتەك ئۇششاقلىۋېتىپتۇ...

چوڭ ئانام ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىدى.

www.uyghurkitap.com

چوڭ ئاكام دېگەندەك ئوبدان خوتۇن ئېلىۋالغانىدى، بىز ئۇنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشاتتۇق. بىراق قۇدىلىرىمىز بىرىدىن بىرى ئۆتۈپ كەتكەن پىششىق خەقلەر ئىدى...

گۈلبوستاندەك قىزلار مەھەللىمىزدە مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ بولمىسىمۇ، ساناپ كەلسەك خېلى كۆپ چىقاتتى. شۇڭا قوشنا مەھەللىلەردىكى ناھايىتى شوخ يىگىتلەر شىرنىغا ئولاشقان سېرىق ھەرىدەك ھەركۈنى مەھەللىمىزنى چۆگىلەپ نېرى كېتەلمەيتتى. ئۇلار چۆگىلە ـ چۆگىلە ئاخىر قۇرۇق قول قايتاتتى. چىرايلىق قىزلار ئۆز مەھەللىمىزدىكى يىگىتلەرگە ئاران چىقىشاتتى، تېخى ئازراق كەملەيتتى. بولمىسا، ھەمزە جاما دەرياسى بېشىدىن خوتۇن ئېلىپ يۈرەمتى؟

لېكىن، بىزنىڭ گۈزەل قىزلىرى بىلەن نام چىقارغان مەھەللىمىزگە بىر قىز كېلىش بىلەنلا خۇددى موزايلار ئارىسىغا كىرىپ قالغان تەنھا كىيىكتەك لوڭگىدە گەۋدىلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھۆسنىمۇ، بوي ـ تۇرقىمۇ، كۆزىمۇ، ھەتتا ئاۋازىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەممە يېرى بىزگە ئۆزگىچە ۋە سىرلىق تۇيۇلغانىدى. ئۇ مۇشۇ زېمىندا، بۇ ئالەمدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، مۇشۇ ھاۋادىن نەپەس ئالغان قىزلارغا ئوخشىمايتتى. ئىچىشكە سۇ ئەمەس، ھەۋزىكەۋسەر ئىچىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭكىدەك زىل چىقاتتى. بۇ زېمىننىڭ سۈيىنى ئىچكەن بولسا، ئاۋازى ئۇنداق چىقمايتتى. مەھەللىمىزدە يىگىتلەرنى بىر قاش تاشلاپلا شەيدا قىلىپ، ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان قىزلارغۇ كۆپ ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدەك قىز تېخى چىقمىغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭكىدەك ئىسمىنىمۇ بۇ كەمگىچە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغانىدى: ئاق يۇلتۇز — ئاپئاق يۇلتۇز، كۈندۈزى چاقنايدىغان يۇلتۇز، چۈشتە چاقنايدىغان يۇلتۇز.

مەن بۇ ئىسمنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان چېغىمدا، خۇددى كۆندۈزى ئاسماندا چاقنايدىغان يۇلتۇزنى كۆرەي دېگەندەك ئىختىيارسىز ئاسمانغا قارىغانىدىم. ئاسماندا يۇلتۇز يوق ئىدى. لېكىن مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام‌لا، ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ھەمراھ يۇلتۇزلىرىنى مەندىن باشقىلارمۇ ئىزدەيدىغاندۇ بەلكىم.

بەزىلەر: "ئىسمى ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ قىزنىڭ تەقى-تۇرقى قانداق؟" دەپ سوراپ، "قېنى، ئۇنى بىزگە بىر تەسۋىرلەپ بەرسەڭچۇ" دېيىشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭغا: سەن كۆن بىلەن ئاينى تەسۋىرلەپ بېرەلەمسەن؟ ھەربىر ئادەم ئۈچۈن كۆن دېگەن كۆن، ئاي دېگەن ئاي، خۇددى شۇنىڭدەك ئاق يۇلتۇز دېگەن ئاق يۇلتۇز. ئۇ بىرلا، دەپ جاۋاب بېرىمەن.

ئاق يۇلتۇز ئادەت بويىچە مەھەللىدىكى قىزلارغا ئەگىشىپ بۇلاققا بېرىپ، سۇ ئەكىلەتتى، شۇنداق چاغلاردا، كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قارىشاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قارىغۇچىلىكى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى سوغىسى لىپمۇ-لىپ توشقۇزۇلغىنى بىلەن، بىرەر تېمىم سۇمۇ تۆكۈلمەيتتى. ئۇ ماڭسا يەرگە ئايىقىنىڭ ئۇچىلا تېگىپ قالاتتىكى، تاپىنى زادى تەگمەيتتى. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى. ئۇ نېمىشقا كۈلىدىغاندۇ؟ مېنى كۆرۈپ قالغانمىدۇيە؟ مەن ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغان 12 ياشلىق ئوغۇل بالا ئىدىم، ئۇ چاغدا مەن تامغا مىنىپ ئولتۇراتتىم. ئۇ زادى كىمگە قاراپ كۈلگەندۇ؟ ئۆزىگىمۇ؟ ئۆزىگە قاراۋاتقانلارغىمۇ؟ ياكى باشقىلارغىمۇ؟ لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىنچىلاپ قارىساق، ئۇ ھازىرلا قاتتىق يىغلىۋېتىدىغاندەك، كۈلكىسى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى...

...بۇنداق كۈلكىنى كېيىنكى ئۆمرۈمدە ئىككىلا قېتىم كۆردۈم. خۇددى بۇ دۇنياغا ئېزىپ قالغاندەك كېلىپلا ھاياتىنىڭ خوۋلۇقىنى ئۇزۇن كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن ئۆمرى كوتا بىر قىز بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەت ئىدۇق، مىللىتىمىزمۇ بىر ئىدى. بىركۈنى ئۇ ماڭا بىر قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى-دە، يۈرىكىمنى ئېرىتىۋەتتى... بۇ بىرىنچى قېتىمقىسى ئىدى. ئىككىنچى قېتىمقىسى، ليوناردو داۋىن-چىنىڭ ئۆلمەس نادىر ئەسىرى «مونالىسا»دىكى مونالىسانىڭ مەڭگۈ يوقالماس كۈلكىسى ئىدى، مەن ئۇنى كۆرسەملا، يۈرىكىم ئەرشى-ئەلاغا ئۇچۇپ چىقاتتى. ئاندىن تەھتىساراغا چۈشۈپ كېتەتتى...

يىگىتنىڭ ئۆيىدىكى توي ئولتۇرۇشى شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئاندىن تارقىدى. مەنمۇ، ئىككىنچى ئاكام سالىخمۇ سالتاڭ ئىدۇق، ئىككىمىز كەپىنىڭ ئۆگزىسىدە ياتتۇق. ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغانىدى. مەن ئوڭدا يېتىپ يۇلتۇزلارغا قارىدىم، ئاسماندا كۆكۈچ يۇلتۇزلار، ئاچ يېشىل يۇلتۇزلار جىمىرلىشاتتىيۇ، ئاق يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم، ئاق يۇلتۇزدىن بىرسىلا باردۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتى كەلگەندە چىقىدىغاندۇ، ياكى يۇلتۇز ھازىر ئاسماندىن قىزغا ئايلىنىپ ئادەمزات ئارىسىغا كەلگەندۇ. ئەتىگىنەي، ئەسھەتنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلسەم بولاتتى، شۇغىنىسى ئۇ قوشنا مەھەللىدە مال بېقىۋاتاتتى، ھازىر بۇ يەردە يوق ئىدى.

جاريىام بوۋاينىڭ ئۆيىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بارا-بارا بېسىلدى. مەھەللىدىكى ئىتلارمۇ قاۋاپ-قاۋاپ توختىدى. خورازلارمۇ بىر چىللاپ بولدى.

شۇ چاغدا تۆۋەن مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدىن ئاككوردىيون ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز باشتا خۇددى بىراۋنى قىچىرىۋاتقاندەك يېقىملىق ئاھاڭدا سوزۇلۇپ چىقتى، كېيىن يۈرەكنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان دەرد-ئەلەمنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك قىزغىن، شوخ ئاھاڭدا چىقتى. ئاخىر بېرىپ سەممىي يېلىنىش ۋە تەقەززالىق بىلەن ئۆتۈنۈش تۈسىنى ئالدى. يېلىنىش ئاۋازى بىردىنلا ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازى ئىچىدە بېسىلدى. ئاخىردا ئاككوردىيونمۇ دىر-دىر تىترەۋاتقان يۈرەكنى تىنجىتماقچى بولغاندەك، غارت قىلىپ قاتتىق بىر ئۆھ تارتتى-دە، توختىدى. لېكىن يىغا ئاككوردىيوننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەلمىدى. ئاككوردىيون بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۈنلۈك سايراپ، پۈتكۈل كېچە ئاسمىنىغا ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ-تىلەكلىرىنى، كەلگۈسىدىكى بەختىنى ناخشا بىلەن ئىزھار قىلىشقا باشلىدى...

مەن بۇ ناخشا ئاۋازىنى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان، كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرگەندىم. ناخشا ئاۋازى خۇددى قارلىغاچتەك ئۇچۇۋاتاتتى، گاھ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلسە، گاھ تۆۋەنگە چۈشەتتى، ئۇ ئارقىسىدا نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، تۆۋەن مەھەللىدىن يۇقىرىقى مەھەللىگە قاراپ ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى.

"ماراجىمغا يەنە جىن ئولىشىۋېتىپتۇ" دېدى سالىخ ئۇيقۇلۇقتا.

ھەي، ئوتتۇرانچى ئاكا! نېمىشقا شۇنداق دەيدىغانسەن؟ بۇنى قانداقمۇ جىن ئولىشىۋالغانلىق دېگىلى بولسۇن؟ سەن شۇنداق

www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى دەپ بولۇپلا يەنە خورەك تارتىشقا باشلىدىك. تېخى باياللا پۈتۈن جاھاننى مەپتۇن قىلىپ، پۈتۈن مەھەللىنى يورۇتۇۋەتكەن يېقىملىق ئاۋاز سىنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭ بىلەنلا ئۆچۈپ كەتتى ئەمەسمۇ.

چوڭ ئانام بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتى. ئۇ: ”ماراجىمنىڭ غېرىبانە دىلى يەنە دىلبەرنى ئىزدەۋېتىپتۇ“ دەيتتى. ئۇ چاغدا مەن يېرىم كېچىدىكى يالغۇزلۇق دەردىنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بىلمەيتتىم. بۇنداق چاغلاردىكى ئىچ پۇشۇقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم. لېكىن مەن ئەمدىلىكتە ھېچنېمىگە قارىماي، پۈتۈنلەي ماراجىم تەرەپتە تۇرىدىغان بولغاندىم. ئۇنىڭ دەردىمۇ، شادلىقىمۇ تۈن ئاسمىنىدا تارالماي مېنىڭ قەلبىمدە بىر-بىرلەپ ئېرىيدىغان بولدى. شۇ تاپتا پۈتۈن ئالەمدە ئىككىلا بەندە ئۇخلىمىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ بىرى ماراجىم، بىرى مەن...

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چاچلىرىم ھاكتەك ئاقىرىپ كەتكەن چاغدىلا شۇنداق بىر داۋلىنى چۈشەندىمكى، ئادەم ھەممە نەرسىگە كۆنەلەيدۇ، چىرايلىقنىڭ چىرايلىقلىقى، بەتبەشىرىنىڭ سەتلىكى، ئەسكىنىڭ ئەسكىلىكى كۆزگە سىڭىپ قالغاچقا ئادەمگە شۇنداق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، كىشىلەر كۆنۈپ قالغان نەرسىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا چىرايلىق ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر قاتتىق يېڭىلىپ، بەتبەشىرىلەر ۋە ئەسكىلەر ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئاق يولتۇز بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى، ئۇ ئاينى ئاي قوغلاپ، يىلنى يىل قوغلاپ شۇنچە ئۇزاق

ئۆتكەنلىككە قارىماي، ئۆزىگە خاس قاراشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. ئۇ ھامان باشقىلاردىن سەل ئۇستۇن تۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ تۇرغان ئورنى يەر يۈزىدىن بىر پەللە يۇقىرى ئىدى. بۇنى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ياكى چوڭچىلىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولمايتتى، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئادەملەر جۈملىسىگە كىرمەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدۇ دېگەنلە-كى ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلغانلىقى ئىدى، ھەتتا كېيىنمۇ مەيلى ھەرقانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ھېچكىم ئۇنى پەس كۆرمىدى.

بىزنىڭ مەھەللىمىز سىرسىدىكى كىشىلەر باشتا ئاق يۇلتۇزنىڭ ساھىبجامالىنى ۋە كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى ماختاشقان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ ئىشچانلىقى بىلەن چاققانلىقىدىن، خۇش خۇيلۇقى بىلەن مۇلايىملىقىدىن ھەيران قالدى. ھەممەيلەن، جارىيامنىڭ كېلىنى يېپىنى مەشۇتتەك ئىنچىكە ئىگىرىدىكەن، كاناپنى شايىدەك سىپتا توقۇ-ۋېتىدىكەن، ئۇگرىنى تارىدىنمۇ ئىنچىكە چىقىرىدىكەن دېيىشەتتى. ئاياللار ئۇ تىككەن كىيىمنى كىيسىلا، تېرىسى يۇمشاپ كەتكەندەك، تېنى راھەتلىنىپ، كۆڭلى شادلىققا تولۇپ، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. جارىيامنىڭ ئۆيىدىكىلەر سۈت ساغقاندا، بۇرۇن ئالا ئىنەكنى تۆت پۇتىدىن چۇشەپ قويغان بولسا، ھازىر بۇ ئالا ئىنەك پادىدىن ئايرىلىپ، كېلىنىنىڭ يېنىغا كەلسىلا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە-دەك ئايلىنىپ نېرى كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال بىزگە ھەر كۈنى قاش قارايغان ۋاقىتتا چېلىقىپ تۇراتتى. ھەتتا ھېلىقى ناھايىتى شاش ئاتمۇ يۇۋاشلىشىپ قالدى. بىركۈنى ئورمانغا ئوتۇن ئەكەلگىلى كېتىۋاتقاندا ئاق يۇلتۇز ئېرىنىڭ قولىدىن چۇلۋۇرنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ: "ماڭە، ئوبدان ئېتىم، ماڭە، كۆچتۆكۈر ئېتىم!" دېيىشى بىلەنلا ئات: خوپ، ئۇقتۇم، جەزمەن دېگىنىڭىزنى بىجا كەلتۈرۈدەن دېگەندەك قىلىپ قايرىلىپ بېشىنى ئىككى قېتىم لىڭشىتىپ قويغانىدى. قۇرۇق ئوت يىققان چاغلاردىمۇ، قارا بۇغداي ئورۇغان چاغلاردىمۇ ئاق يۇلتۇزنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭغا مەپتۇن بولاتتى ـ دە، جايىدا توختاپ بىر قارىۋالماي قويمايتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا قارايمەن دەپ قىلىۋاتقان ئىشىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. ئېسىگە كەلگەندە: "ئامىتىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ!" دەپ قويۇپ، ئارقىغا ئىختىيارسىز قارىغان پېتى كېتىپ قالاتتى. ئاق يۇلتۇزمۇ ئېرىنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا، "سىلەرگىمۇ ئامەت يار بولغاي" دەپ جاۋاب بېرەتتى. ھەمزە ئۇنى ئەمرىگە ئالغان بولسىمۇ، يۇگۈرۈپ بىرنېمە دېمەيتتى.

ئۇ مېنىڭ قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ سايراتقۇزالايدىغان، غۇنچىنى پۈۋلەپ ئېچىلدۇرالايدىغان ئايالنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان چاغلىرىم ئىدى. بۇنداق ئايالنىڭ تۇنجىسى ئاق يۇلتۇز ئىدى. شەھىدۇللانىڭ ئانىسى مېلىكە ھەدە دائىم: "ئاق يۇلتۇز كوچىغا چىقسا، كۆركەملىشىپ كېتىدىكەن. توۋا، توۋا!! ئۇنىڭغا تورلىشىپ قالغان كۆزلىرىم تەگمىسۇن يەنە!" دەيتتى.

جارىيام بوۋاي غەلىتە ئادەم ئىدى، ئۆيىدىن چىقماي كۈن ئۆتكۈزۈشكە خۇشتار ئىدى، قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن ئانچە باردى ـ كەلدى قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشنىڭ چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ سىرتقا چىقىپ كەتمەيتتى. مېلىكىخان ھامماچىلارنىڭ ئۆيىدىكى بىر سوكال مېكىيان ئىككى باش ياڭيۇنى چوقۇلاپ چىقىرىۋەتكەنچىلىك ئىشنىمۇ بىزنىڭ بۇ كوچىدىكىلەر يېپىدىن يىڭنىسىغىچە

ئاڭلاپ بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئات يوقتۇپ كەتسىمۇ، شەپىسىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئاق يۇلتۇزنىڭ بۇ ئۆيدە قانداق ئۆتتۇۋاتقانلىقىنى باشقىلار بىلمەيتتى.

يېڭى كېلىن كەلگەندىن كېيىن، قاتىلاڭ ياز ئۆتتى، يوپۇرماقلار سارغىيىپ، سوغۇق كۆز شامىلىمۇ سوقتى، ئەلۋەك قىش باشلىنىپ يەنە ئاخىرلاشتى، قار ـ مۇزلار ئېرىپ، ئەگىز سۇيى جىلغىلارنى بويلاپ ئۆركەشلەپ ئاقتى. ماراجىمنىڭ ئاككوردىيونى زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، ئۇزاقتىن بېرى سايرىمىدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن باشتا ئەجەبلەنگەندى. كېيىن تەشۋىشلەندى ۋە ئەپسۇسلاندى: كىشىلەر بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغاچقا، بىرمەھەل ئۆزلىرىنى بەزلەپمۇ باقتى، كېيىنچە، بۇمۇ كار قىلمىدى. بۇ نېمە بولغىنى؟ ئىلگىرىكى چاغلاردا، مەھەللىدىكىلەر ماراجىم تارتقان ئاككوردىيوننىڭ قايغۇلۇق ئاۋازىنى كۈندە بولمىسىمۇ ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىردەم ئاھمۇ ئۇراتتى. توساتتىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈزۈپ تاشلانغاندەك بولدى...ھەممەيلەن بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار دېيىشەتتى. مېنىڭچىمۇ شۇنداق ئىدى. بىچارە ماراجىم ئەپتىدىن قارىغاندا، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كەتكەندەك، دىلبىرىنى تاپالماي ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد چىرىقى ئۆچكەندىن كېيىن، ئاككوردىيوننىڭ تىلى تۇتۇلغاندى. بەلكى شۇنداقتۇر ياكى زادى ئۇنداق ئەمەستۇر...

كىچىك چېغىمدا ناھايىتى يامان بىر ئادىتىم بار ئىدى. قاراڭغۇ چۈشسىلا بېشىمنى يوتقانغا تىقىپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالاتتىم-دە، چوڭلارنىڭ گەپلىرىنى تىڭشايتتىم. چوڭلار گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ، بەزىدە يېنىك خورەك تارتىپمۇ قوياتتىم. بەئەينى پايلاقچىنىڭ

ئۆزى ئىدىم-دە! تۇفىي، ھۇي شەيتان! ھازىر شۇ ئىشلارنى ئويلاي-دىغان بولسام، قۇلاقلىرىمىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان كەپسىزلىكىم ئەمەس ئىدى. بىرىنچى قېتىم كەپسىزلىكنى تۆت-بەش ياش ۋاقتىمدا قىلغانىدىم.

مەن نېمىشقىكىن دائىم غايىپ تاغىنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. ئۇلارنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيىمىزگە قىيپاش ئۇدۇل ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۈندە كىرەتتىم. ئۇلارنىڭ ياتلىق قىلغۇدەك بولۇپ قالغان ئىككى قىزى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى زەينەپ، بىرىنىڭ ئىسمى ھەمراھ ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى پەلەمپەيدە، بىرى قازناقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئەتىدىن-كەچكىچە تىللىشاتتى، ئۇلارنى ھويلا ئايرىپ تۇراتتى.

زەينەپ بىركۈنى مېنى قىچىرىپ، ماڭا تۇگمىگە ئوخشاش كىچىك بىرنېمىنى بەردى. ھەمراھنى تىللا دەپ جىق سەت گەپلەرنى ئۆگەتتى. ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ئۆگەتتى، مەن ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كارنىيىم يىرتىلغىچە ۋارقىرىدىم:

— سەن قاپكىن دۇمچەك بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇخلاپسەنغۇ! قانشا شالدامغا ئۆزەڭنى سۆيدۇرۇپسەنغۇ! قانشانىڭ مايماق ئاغزى تېتىپ كەتتىمۇ؟ تېخى كالۋا جاپپاسقا مۇھەببەت خېتى يېزىپسەنغۇ! ھۇي يۈزى قېلىن! نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان شەرمەندە! خەت يېزىپ نېمە قىلاتتىڭ، خەت يازغىچە ئۇنىڭغا بىر ئىشتان تىكىپ بەر! بولمىسا ئۇ يىل بويى ئىشتانسىز قالدۇ!

بىز ھەمراھنى يىغلىغىچە مۇشۇنداق بەدنام چاپلاپ، ھە دەپ تىللىدۇق.

ئەتىسى ھەمراھ مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ماڭا بىر سەرەڭگە قېپىنى

بىرنۇۋدى، مەن دەرھاللا ھەمراھ تەرەپكە ئۆتتۈم-دە، تۈنۈگۈنكى قىلىقىمنى يەنە تەكرارلىدىم، لېكىن بۇدا ھەمراھنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە زەينەپنى تازا تىللىدىم:

— ھۆي ئوغرى! تاغاق ئوغرىسى! سوپۇن ئوغرىسى! ھۆي ئىمانىنى ساتقان مۇناپىق! روزا ئېيىدا روزا تۇتماي، ئوغرىلىقچە گۆش يەيسەن! يالغانچىلىق قىلىسەن! شۇڭا، ساڭا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى چۈشمەيدۇ! كالۋا جاپپاس جېنىدىمۇ ساڭا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ قويماپتىغۇ!؟ سەنزە ئاشۇ مايماق ئىلمەك بۇرنۇڭ بىلەن ئەردىن بىرنى ئىلىۋالالايمەن دەمسەن؟ ھۆي بەتبەشىرە جۇۋاينىمەك! جادۇگەر! ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئالۋاستى!

زەينەپ ئىلمەك بۇرۇن دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ھەمراھغا ئېتىلدى-دە، چېچىغا ئېسىلدى... ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندىكىن، بۇگۈنكى ۋەزىپەم ئورۇنلاندى دېسەم بولاتتى.

مەن مۇشۇ تەرىقىدە كۆندە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇراتتىم.

بۇ ئىش كېيىن ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقمىدى. بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا، خۇددى قارا باسقاندەك بەدىنىمگە تىترەك ئولىشاتتى. تىترەك ئولاشقان ھامان ئېسىمگە كېلەتتىم. ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىن: "شۇكۇر، بۇ چۈشۈم ئىكەنغۇ" دەپ قوياتتىم. بەزىدە ئۆزەمگە ئۆزەم: "نەۋاقتىكى ئىش بۇ، ئۇ مېنىڭ چۈشۈم بىلەن ئۇخۇمنى ئايرىيالمايدىغان چاغلىرىم ئىدى" دەپمۇ قوياتتىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم. دېمەك، بۇ مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئۇنتۇلماس ساۋاق بولدى. تونۇپ يەتكەن سەۋەنلىكنىڭ

ھەتتا گۇناھىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىساڭ، ئۇ ئاستا-ئاستا ساقا-ياخشى ئۇستاز ۋە ئوبدان دوست بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئېنىق تونۇۋالالمىساڭ ياكى يوشۇرساڭ، ئۇ ساڭا قىيامەتلىك دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ. مەن بۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويماي دەپ تىرىشىپ، ئەگەر بۇگۈنى زەينەپكە، ئەتىسى ھەمراھقا كارناي بولۇپ ۋارقىراۋەرگەن بولسام، ئۆزەمنىڭ گېپىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتىم.

...مەن بۇرۇنلا يوتقانغا كىرىۋالغانىدىم، ئۆيدە چوڭ ئانام بىلەن كىچىك ئانامىلا بار ئىدى. چوڭ ئانام كىيىم ياماۋاتاتتى، كىچىك ئانام قازاننىڭ تېگىنى قىرىۋاتاتتى.

— مەھەللىدىكىلەرنىڭ ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇزنىڭ كەينىدىن قىلىشقان غەيۋەت-شىكايىتى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، — دېدى كىچىك ئانام.

— خەقنىڭ قىلغان غەيۋىتىنى تولا ئاڭلىسىڭىز، كالىلا ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ... ۋەزىپە، ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ! — دېدى كەسكىنلىك بىلەن چوڭ ئانام.

ئەمما كىچىك ئانامنىڭ قورسىقىدا گەپ ياتمايتتى، ئاڭلىغانلىرىنى دەۋەتمىگىچە كۆڭلى تىنمايتتى.

— ھەممە ئادەم ئۇلار بىر-بىرىگە بۇرۇندىنلا تاھىر-زوھرادەك كۆيۈشىدىكەن، مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىكەن دېيىشىدۇ...

چوڭ ئانام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدى-دە، پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇھەببەتلىشىش گۇناھ ئەمەس. مۇھەببەتلەشمەي تۇرۇپ ئامەرەملىك قىلىش گۇناھ...ئەگەر سەن بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇھەب-

بەتلەشمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېپيشۇالغان بولساڭ، ئىككىمىز پىتىشال-مىغان بولاتتۇق: جاھان كەڭ بولسىمۇ، ئىككى خوتۇن پىتىشالمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ... مۇھەببەتلەشكەندىكىن، باشقىنىڭ كارى چاغلىق...

— ھەركىم گۇناھ قىلسىمۇ ئۆزىگە قىلىدۇ، ساۋابلىق ئىش قىلسىمۇ ئۆزىگە قىلىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق، — دېدى كىچىك ئانام، — ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇز ئاللىبۇرۇنلا تونۇشۇپ-تىكەن. بىريىلى ئۇرما ۋاقتىدا مەھەللىمىزدىكىلەر جاما دەرياسىنىڭ ئۇستۇن تەرىپىگە مەدىكارچىلىق قىلىشقا بارغاندىلا ئۇلار كۆرۈشۈپ-تىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاق يۇلتۇز ھەمزىگە تېگىشكە ماقۇل بوپتىكەن. بەزىلەر ئاق يۇلتۇز: "ئەگەر ماراجىم بىلەن يەنە بىر دېدار كۆرۈ-شەلىسەم، ھېلىغۇ ھەمزىگە تېگىش ئىكەن، دوزاخقا كىرسەممۇ كىرەت-تىم" دەپتىكەن دېيىشىدۇ. بەلكىم، ئۇ شۇنداق ئويلىغاندۇ.

— كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاللا ئىگەم بەزى بەندىلەرنىڭ بىلگىنىدەك كۆپ ئىشلارنى بىلىشكە قادىر بولسا ئوبدان بولاتتى...، — دېدى چوڭ ئانام سوغۇققىنا كۇلۇپ تۇرۇپ، — ئەپسۇسكى، بەندە بىلىۋالسا بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىپ قالىدىكەن، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلىدىكەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ماراجىم 30 ياشلارغا كىرەي دەپ قالدى، — دېدى كىچىك ئانام گېپىمنى ئاياقلاشتۇراي دېگەندەك قىلىپ.

— مۇھەببەت مال-دۇنيا ۋە ياش سورۇشتە قىلمايدۇ. بۇنى ئۆزەڭمۇ بىلسەن، ۋەزفە.

كىچىك ئانام دادامدىن 20 ياش كىچىك ئىدى. چوڭ ئانام بەلكىم شۇنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئۇ يامان نىيەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، توغرا كېلىپ قېلىپ، شۇنداق دەپ قويغانىدى...

مەن يوتقاندا يېتىپ ئاڭلىۋالغان مەخپىيەت شۇ ئىدى!

مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھازىر بىلسەمەن، بۇنى ئۆز بېشىمدىن كۆچۈردۇم-دە. بۇلتۇر مەن ئۆزەم بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان قىزچاق (ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايمەن) بىلەن يېرىم قىش يۈرۈپ، كۆپ خەت يېزىشقاندۇق. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن خەت يازاتتىم، خەت يازسىمەن دەپ بىركەمگىچە ئولتۇراتتىم. خەتكە تېخى مۇنداق بېيتلەرنىمۇ قىستۇرۇپ قوياتتىم:

كۈمۈش ئۈزۈك ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنايدۇ،
ئاككوردېيونوم سەن ئۈچۈنلا سايرايدۇ.
چۆكسەڭمۇ گەر بايقال كۆلگە سەن،
ئېتىپ ئۆزەمنى سۇزۇپ چىقىمەن سېنى مەن!

— پاھ! بىزنىڭ بۇ "يەل كىندىك" ئوقۇشقا تازا بېرىلىپتۇ-دە، قارىمامدىغان، يازغان خەتلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى! بۇ بالىزە بەك تىرىشچان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ! بىلسىمۇ ئەگەمەي بېسىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتامدۇ! — خۇشاللىقىدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشى كۆككە يەتتى. بەزىدە تېخى چوڭ ئانام ئېسىل تائام راسلاپ، مېنى ئايرىم كۈتەتتى.

— سەن تىرىشىپ ئوقۇۋاتقاندىكىن، ئوبدان غىزالانمىساڭ بولمايدۇ. ئوبدان غىزالانساڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىڭ ئاشىدۇ، كاللاڭ تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ، — دەيتتى ئۇ.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا مېنىڭ ئازابلىق كۈنۈم يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى، قاغىش تەككۈر ئەتىگىنى بۇ قىزچاق ماڭا

خەتىنى ئەمەس، قەغەزگە ئورالغان ياغاچ كۆمۈرنى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ، مۇھەببىتىمىزنىڭ ئوتى يېنىپ تۇگىدى (بىز ئەتە- گەندە، دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن خەت ئالماشتۇرۇپ تۇراتتۇق)، كۆيۈپ كۈيگە ئايلىنىپ قالدى، دېگەنلىك ئىدى. ئەمدى تۇگەش- تىم! شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندىمەن، ئۇنىڭغا قەيېرىم يارىمىغاندۇ؟ ھەي! مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىش ئاسان ئەمەس، لېكىن مۇھەب- بەتتىن مەھرۇم قېلىش ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىق، ھەسرەتلىك ئىش. بۇنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرۈپ باقمىغانلار چۈشەنمەيدۇ.

مەكتەپتىن ئۆيگە كېلىپ، بېشىمنى چوڭ ئانامنىڭ ئىسسىق ئالقە- نىغا قويۇپ يىغلاپ كەتتىم.

— بالام، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئانام. مەن ئۈندىمىدىم. ھېلىمۇ ياخشى، چوڭ ئانامنىڭ ئىللىق قوللىرىغا بېشىمنى قويۇپ بىرپەس يىغلىۋاپتىمەن. چوڭ ئانام قولى بىلەن قوۋۇزۇمنى سىلاپ قويسىلا دەردۇھەسرەتلىرىم ئاللىقاياقلارغا كېتەتتى.

كېيىن دەردىمگە داۋا تېپىش ئۈچۈن، پاناھسىز قالغان بېشىمنى قويغۇدەك يەرنى كۆپ ئىزدىدىم... بىراق، چوڭ ئانام سىرلىق قول- لىرى بىلەن ھايات دەرۋازىسىنى تۇيدۇرماي يېپىپ، بىر كەتكىنىچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى...

دېمەك، ماراجىم بىلەن ئاق يولتۇزنىڭ ئىشى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزەمنىڭ بىۋاستە كۆرگەن- بىلگەنلىرىمگە قاراپ ئۇقتۇم. ئەمما، بۇلار يالغان- ياۋىداق گەپلەردەكمۇ قىلاتتى. چوڭ

www.uyghurkitap.com

ئانام بىلەن كىچىك ئانام ھېلىقى گەپنى قىلىشقاندىن كېيىن، بىر ھەپتە ئۆتتى، بىر ئايمۇ ئۆتتى، بىراق ھېچكىم ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇزنىڭ گېپىنى قىلىشمىدى. بىزنىڭ بۇ يۇقىرىقى مەھەللىمىزدە بىرەر ئىشنىڭ شەپىسى چىقىپ قالسىمۇ، ھەتتا قارىسى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ، خەق ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە سۆز-چۆچەك قىلىپ، ھەم مازاق قىلاتتى، ھەم ئەيىبلىشەتتى. جۇۋانلار قايماق سۇزگۈچىنىڭ يېنىدا، ئەرلەر لاپاستا، قىزلار سۇ توشۇغان چاغلىرىدا "پالانچىنىڭ خوتۇنى پۇستانچىنىڭ ئېرى بىلەن قانات سۆرۈشۈپ قاپتۇيەي... پالانچى ئەر قۇدا بىلەن پۇستانچى ئايال قۇدا پەش تارتىشىپ، تۇتۇشۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ... پۇستانى لۇكچەك پالانى تۇلنىڭ دىرىزىسىنى قېقىپتۇ..." دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى توقۇپ كۇلكە-پاراڭ قىلىشاتتى. ئەسھەتتەك شائىرلار بولسا تازا كېلىشتۈرۈپ بەزەپ قوشاقلارنىمۇ توقۇپ چىقاتتى.

بىر يىگىت كېچىلىك ئولتۇرۇشتا ئۇسۇلغا چۈشۈپ، ھېلىقى نەس باسقان قۇدىنى مۇنداق دەپ قوشاققا قاتقاندى:

يالتىرايتتى ۋال-ۋۇل قىلىپ قۇدىخاننىڭ ئۈزۈكى،
گۈپۈلدەيتتى قۇداخۇننىڭ قىزىپ كەتكەن يۈرىكى.
باشلىدى قۇدىخان تالزارلىققا قۇدىسىنى،
ئۇنتۇپ قېلىپ ئاشىقىغا بەرگەن ۋەدىسىنى.
قۇدىخاننىڭ ئۈستىدە گۈللۈك كەمزۇل بار ئىدى،
ئاغا ئالتۇن-زەر يېپىن كەشتە-زىننەت يار ئىدى.
قۇدىخانەي، قۇدىخان! كەلسەڭچۇ تېز مەن تامان،
لەۋنى لەۋگە ياقايلى، قالمىسۇن دىلدا ئارمان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن كىمنىڭ خوتۇنى ياكى قىزى

راستىنلا ئۆرپ-ئادەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلىپ قويسا ياكى گۇمانلىق بولۇپ قالسا، خەقلەر شۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسىغا ياغلىق كۆيە سۈرتۈپ قويىدىكەن ياكى شۇ ئۆيدىكى ئاتىنىڭ يايلى بىلەن قۇيرىقىنى كېسىۋېتىدىكەنمىش. ھازىرغۇ بۇنداق ئىش يوقتەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كىمىكى سەت ئىش قىلىپ سېلىپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا ياكى ئېغىزىغا چىقىپ قالسا، ئۇنداق كىشى قۇتۇلۇپ كېتىمەنىغۇ، دەپ خام خىيال قىلمىسۇن. قىلغىنىغا تويغۇزۇپ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ، بۇرنىدىن بۇلاق، ئاغزىدىن يۇملاق چىقار-ماي قويمايدۇ.

ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇز توغرۇلۇق كېيىن ھېچقانداق ئۆسەك سۆزمۇ چىقمىدى، ئەيىبلەيدىغان ئىشلارمۇ بولمىدى. ئېھتىمال قىلغىلى ئىش تاپالماي بىكار قالغان بىرى قارىسىغا پەرەز قىلغان، ئاندىن پەرەزلىرىنى كىچىك ئانامغا ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن، بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى شۇ. بۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. ئاڭلىغان گەپلەر بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ، ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى...

بىراق، ئۇلار ئۆزلىرى خەقنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قوياتتى.

بەزى چاغلاردا، ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئەمما ئۆزدى-نىڭ كۆزىگە ئىشەنمەي گاڭگىراپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. مەنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئۆز كۆزۈمگە ۋە قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن.

مېنى كۇتۇلمىگەندە مۇنۇ ئىشنىڭ شاھىتى قىلىپ قويغان بىزنىڭ

قاچقاق توپاقتا رەھمەت. بىركۈنى كەچتە پادا بىلەن قايتىپ كېلىدىغان توپاق يەنە قايتىپ كەلمىدى. ئۆيدىكى ئەرلەر ھەممىمىز پادا يايلىتىدىغان ئوتلاقتا بىرىپ توپاق ئىزدەيمىز دەپ چاپتۇق. يۈگۈرە-يۈگۈرە ماجالىمدىن كەتكەندە، پەرى تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەنىدىم، شۇ چاغدا گۇگۇم چۈشۈپ، تۈن پەردىسى يېيىلغانىدى. كۈندۈزى چوڭ ئاكامنىڭ يانچۇقىدىن ئوغرىلىۋالغان بىر ئورام تاماكىنى بىر چېكىۋالىدىغان پەيت كەلگەنىدى. مەن تاغ باغرىدىكى بىر توپ دۇپ دەرىخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇم-دە، بىر ئورام قەغەز ئېلىپ، بىر تال تاماكا ئورىدىم. بىراق، سەرەڭگىنى تاپالمىدىم. ئۇ يان ئاختۇردۇم، بۇ يان ئاختۇردۇم، نەدە چۈشۈرۈپ قويغانمەنكىن-تاڭ، زادىلا تاپالمىدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئوغرىلىغان نەرسە ئەسقاتمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئورنۇمدىن تۇراي دەپ تۇراتتىم، بىردىنلا، تاغ قاپتىلىدا ئادەم دىسە ئادەمگە، ھايۋان دىسە ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان ناھايىتى يوغان غەلىتە بىرنەرسە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تۇرقىغا قاراپ بىلگىلى بولمايتتى، ئۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. بۇ مەخلۇق ئاستا-ئاستا مەن تەرەپكە سۈرۈلدى. ھازىرلا ماڭا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك ئىدى. قورققىنىمدىن جان-پېنىم چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم شۇنداق پوكۇلداپ كەتتىكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن دۇپ دەرىخمۇ تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇ مەخلۇق ماڭا ئەمدى ئېنىق كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئىككى بېشى، ئىككى پۇتى بار ئىدى، قولى تۆتتەك قىلاتتى، ئالتىدەكمۇ قىلاتتى، بۇنى ئېنىق كۆرەلمىگەنىدىم. دەرەخقە چىقىۋالايمۇيە؟ ياق، بۇنداق مەخلۇقتىن دەرەخقە چىقىۋالغان بىلەنمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

بوپتۇلا، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي، ئەمدى مىدىراشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن توپاق ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ئاقىۋەتتە ئۆزەمگە ئۆلۈم ئىزدەپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ. مەن توپاقنى تاپالمىدىمۇ، ئەزرائىل مېنى تېپىۋالدى. ئەتە ئەتىگەنلىككە ئۆيدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا يىغا-زار قىلىشىدىغان بولدى. ھېلىقى قىزچاقمۇ ماڭا ياغاچ كۆمۈرى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنىدىغان بولىدى.

مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋىدىم، كۆز ئالدىمدىن مەھەللىمىزدىكى زاراتلىقنىڭ دەرۋازىسى، مەسچىتنىڭ قۇببىسىدىكى ھىلال ئاي، يېڭىدىن كولانغان يەرلىك غىل-پال قىلىپ ئۆتتى. مەن بۆلارنىڭ ھەممىسىنى گويا تاۋۇتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كۆرگەندەك بولدۇم.

— مېنى سۆيەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەخلۇقنىڭ بىر بېشى ئەرچە ئاۋازدا.

— سۆيىمەن... سۆيىمەن جېنىم... — دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىر بېشى ئايالچە سىلىق ئاۋازدا.

— چىن يۈرىكىڭدىن سۆيەمسەن؟ — بىرىنچى باش يەنە سورىدى.

— چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمىسەم، مۇشۇ بىردەملىك بەختىنى دەپ شۇنچە زور گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى راۋا كۆرەمتىم؟ ئىشقىلىپ، پۇشايمان قىلمايمەن. سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئېرىشكەن مۇشۇ بىردەملىك بەختىمنى ئالتۇن تاغ بەرسىمۇ تېگىشمەيمەن.

شۇ ئەسنادا بىر قۇش ۋىچىرلىغاندەك قىلدى. ئېھتىمال قۇش ئۇيقۇسى يېشىلمەي چۈش كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

— ئۇنىساڭ سېنى ئېلىپ كېتەي، ئېگىزگە، ئاۋۇ ئاق يۇلتۇزنىڭ يېنىغا ئېپچىقاي، — دېدى ئەرچە ئاۋاز، — ئۆزەڭنىڭ يۇلتۇزىغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ چىقاي...

دېگەندەك ئاسماننىڭ قەھرىدە ئاپئاق بىر يۇلتۇز جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇ گويا يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تىترەۋاتاتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا كۆكتىن ئايرىلىپ، پەرى تاغقا چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈم خېلى ئارامغا چۈشتى. بۇ مەخلۇق ماڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەس. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بار ئىكەنغۇ.

— ئىككىمىز يەردىمۇ ئوبدان ئۆتتۈۋاتىمىزغۇ، ئۇ يۇلتۇزدا بىزنى ئېچىل قىلغۇدەك نېمە بار؟ مەن ئۆزەمنىڭ ئىسمىنى ياخشى كۆرمەيمەن. سېنىلا ياخشى كۆرىمەن.

يەنە شۇ قۇش "ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچىر" قىلىپ سايرىغاندەك قىلدى. بۇدا ئىككى قېتىم ۋىچىرلىغانىدى.

— يۈرىكىم سېنى دەپ ئۆمۈر بويى دەرد ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى.

— ھەركىم نىيەت باغلىسىلا، ئىزدىگەن ئادىمىنى تېپىپ، باغرىغا باسالايدۇ، — ئايالنىڭ ئاۋازى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. بايىقى قۇش شۇ گەپكە ئۇلاپلا: "ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچىر!" قىلىپ يەنە ئىككى قېتىم سايرىدى.

— ئاق يۇلتۇز، سەن كۆلۈپلا يۈرىدىكەنسەن، بىراق، مەن قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئەر دەرد تۆكۈپ.

— مەن ئېيتقانغۇ، سەن بىلەن بىللە بولسام، دۇنيادا نە ئازاب، نە قورقۇنچ بارلىقىنى سەزمەي قالىدىكەنمەن. ئازاب، قورقۇنچ دېگەنلەر يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا قاچىدىكەن.

تاغدەك بەستلىك ماراجىم ئاق يۇلتۇزنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرگەن پېتى يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار مېنى

كۆرمىدى. مەن ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردۇم. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ كۆپ ھاللاردا ئۆزى دەسسەپ تۇرغان ئوت-چۆپلەرگە قاراپمۇ قويماي، ئاسماندىكى ئالتۇن بۇركۇتكىلا باقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ كېچىسى تۇنجى قېتىم چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئېگىزگە، تاغ چوققىسىغا قاراپ ماڭغانلىقىنىمۇ پەملەپ قالدىم. بۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش تەس ئىدى، ئېنىق چۈشەندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇلار ئاياق تىۋىشى ئاڭلانمىغۇدەك يەرگە يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، كېچە ئاسمىنى ماڭا خۇددى غېرىبسىنىپ قالغاندەك ۋە بىر قىسما بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئاسماندا! چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىردىنلا خىرەلىشىپ قالدى. مەن بۇ يەردە تۇرغىنىم بىلەن، كۆڭلۈم ئۇلار بىلەن بىللە كەتكەندى. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، قىلىشقان سۆزلىرى مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى. ئەمما، ماراجىمنىڭ كىچىك بالىنى قۇچاقلىغاندەك ئاق يۇلتۇزنى قۇچاقلىۋالغانلىقى ماڭا ياقمىدى، زادى ياقمىدى. ئاق يۇلتۇزمۇزە، پۈتى يوقتەك قىلغان قىلىقنى.

43 يىل ئۆتتى، بىركۈنى كۆن ئولتۇرغان چاغدا، مەن ئۇلارنى چېخىيە تېغىدا يەنە كۆرگەندەك قىلدىم... تەقى-تۇرقى ماراجىمغا بەئەينى ئوخشايدىغان بىر يىگىت مەشۇقىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە چاپتى، ئۇ چوڭ يول بىلەنمۇ ماڭماي، چىغىر يول بىلەنمۇ ماڭماي، تاغ چوققىسىغا تىك قىيا بىلەن چىقىۋاتاتتى. يىگىت تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. ياقىداندىمۇ قالتىس يېقىپ كەتتى. مەن ئىچىمدە: ”سادىغاڭ كېتەي يىگىت، يارايسەن! ئوغۇل

www.uyghurkitap.com

بالا ئىكەنسەن!» دەپ قالدىم. شۇ چاغدا رەۋزە بىلەن قولتۇقلىشىپ، يىلان باغرى چىغىر يولدا ئاۋايلاپ دەسسەپ پەسكە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق. «يارايسەن، ئوغۇل بالا ئىكەنسەن!» دېگەن گەپنى ئىچىمدە يەنە بىر تەكرارلىدىم-دە، قايرىلىپ ئۇلارغا يەنە بىر قارىدىم. ئەپسۇسكى، مەن بۇ كەمگىچە ھېچكىمنى ئۇنداق قوچاقلاپ تاغقا چىقىپ باقمىغانىدىم. شۇ تاپتا دىلبىرىمنى قۇچاقلاپ تاغقا چىققۇمغۇ تازا كەلدى، بىراق ئارمانىمغا چۈشلۈق دەرمانىم قالمىغانىدى، دەرمانىم بولغان ھالەتتىمۇ ماڭا ياراشمايتتى، باشقىلارنىڭ قاتتىق شاڭخوسىغا قالاتتىم. قارىغاندا، تاغقىمۇ ۋاقتى-سائىتىدە چىقسا بولغۇدەك، چىقىدىغان ۋاقتى كەلگەندە ئىككىلەنمەي چىقىش كېرەك... مەن يەنە ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم، بىراق ئۆتمۈشنى، 43 يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم-دە، ئىچىمدە: «يارايسەن، ماراجىم! ئوغۇل بالا ئىكەنسەن!» دېدىم.

ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇز يېنىمدىن ئۆتكەندە، قاراڭغۇ تۈن بىر ئاز سۈزۈلگەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى تەككەن يەردە ۋەھىمە تارقىلىپ كەتكەندەك، ئەندىشە ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدىم، كېيىن ھوشۇمنى تاپتىم-دە، كەشمىنى ئاستا ئۆي تەرەپكە توغرىلىدىم. بىردەمدىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇ بۆكۈمنى ئېلىۋېدىم، بىرنەرسە پاققىدە قىلىپ تاش ئۈستىگە چۈشتى، نېمىكىن دېسەم، بىر قاپ سەرەڭگە ئىكەن. ئەسلىدە ئۇنى بۆكۈمنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ، ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمەن.

... ئەمدى ئويلىسام: سەرەڭگە شۇ چاغدا تېپىلىپ قالغان بولسا،

سەرەڭگىنى يىقىپ تاشلاپ، خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، بۇنداق كارامەت مەخپىيەتلىكنى كۆرەلمەي قالار ئىكەنمەن.

بۇنداق مەخپىيەتلىكنى مەن ئىچىمدە قانداقمۇ ساقلاپ يۈرەلەيمەن؟ بىر كۈن ساقلىدىم، ئىككى كۈن ساقلىدىم، ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە ئۆپكەمنى باسالماي قالدىم-دە، مەسچىتنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ، ۋارقىراپ جار سالغۇدەك بولۇپ كەتتىم.

مەن چوڭ ئانامنى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغان بىركۈنى كەپىگە چاقىردىم.

— بالام، قىتىق ئىچكۈك كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئانام مەندىن.

— ياق، چوڭ ئانا، مەن بىر مەخپىيەتنى بىلىپ قالدىم، شۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي دەيمەن.

— قىتىق ئىچىشكىمۇ كۆڭلۈڭ تارتمىغىنىدىن قارىغاندا، بۇ مەخپىيەت بەك مۇھىم ئوخشايدۇ جۇمۇ.

— ھەئە، بەك مۇھىم، چوڭ ئانا. ماراجىم بىلەن ئاق يۇاتۇز توغرىسىدا خەقلەرنىڭ دەپ يۈرگەنلىرى راست چىقىپ قالدى.

— قايسى ئىش ئىكەن ئۇ؟ سەن قانداق بىلىپ قالدىڭ؟...

— مۇنداق ئىش... بىركۈنى ئاخشىمى... چوڭ ئانا،... — بىردىنلا زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى شۇ چاغدا زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قاپتىكەن. بولمىسا، پايلاقچىلىق قىلغانلىقىمنى ئاشكارىلاپ قويار ئىكەنمەن.

— بەزى خەق... دەيدۇ،... ھەممە ئادەم... دېيىشىۋاتىدۇ.

— ساپلا يالغان گەپ.

— يالغان ئەمەس، زادى يالغان ئەمەس! مەن تۇپاق ئىزدەپ يۈرگەن كېچىسى ئۇ ئىككىسىنى پەرى تاغدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!

— تۇفى! بىكار گەپ، ساپلا بىكار گەپ! بالام، كۆزۈڭ تورلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ! قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەر قىسما نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ. ئۇ كۈنى بەك قاراڭغۇ ئىدى.

— ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغان تۇرسام، چوڭ ئانا، مەن يالغان گەپ قىلمايمەن! نان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بېرەي، قۇياش گۇۋاھ بولسۇن! سىزچە، مەن يالغانچى بالىمۇ؟

— سەنىڭغۇ يالغانچى بالا ئەمەس. خاتا كۆرۈپ قالغان، خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسەن. خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىق يالغانچىلىق قىلغانلىق ئەمەس.

— مەن راستىنلا كۆردۈم، راستىنلا ئاڭلىدىم!

— بەزى چاغلاردا، ئادەمگە كۆز سالمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلار كۆرۈنۈپ قالىدۇ، قۇلاق سالمىسىمۇ بولىدىغان گەپلەر ئاڭلىنىپ قالىدۇ، بالام، ئۆزەڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلار بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن.

مەن ئەسلى ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئېيتىپ بېرەي، دېگەنىدىم، چوڭ ئانام ماڭا ئىشەنمىگەندىكىن، ھېچنىمە ئېيتمىدىم.

— مىش-مىش گەپلەرنى خەققە دەپ يۈرمەيدىغان، — دېدى چوڭ ئانام ئاخىرىدا، — خەق سېنى يالغان گەپ توقۇشقا ئامراق ئىكەن دەپ قالسا، رەسۋا بولغىنىڭ شۇ.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇياتقا قېلىشتىن بەك قورقاتتى. دادام دائىم: «سۆڭگىچىڭ ئات ئاستىدا قالسا قالسۇنكى، ھەرگىز گېپىڭ



www.uyghurkitap.com

يالغان چىقمىسۇن" دەيتتى. ئۇ ئىشلارنى خاتا كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ-يە! چوڭ ئانام شۇنداق دېگەنىمۇ.

لېكىن، شۇ ئاۋازلارنى ئوپئوچۇق ئاڭلىغاندىمغۇ؟... "مېنى سۆيەمسەن؟"، "سېنى سۆيىمەن..."، بوپتۇ ئاڭلىمىغانمۇ بولاي، لېكىن ئۇ ئاۋازلار بەرىبىر پەرى تاغدا قالدىغۇ.

چوڭ ئانامنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ ئىشلارنى سەندە پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇ دەپ تۈرۈۋالغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم.

قەدىمقى يۇناندا مەخسۇس ئاشىق-مەشۇقلارغىلا ياردەم بېرىدىغان ۋە پاناھ بولىدىغان بىر ئىلاھىيە ئۆتكەنىكەن. بۇ ئىلاھىيە مۇھەببەت ئىلاھى ئىدى. بۇ ئىلاھىيىنىڭ ئىشلىرىنى چوڭ ئانام پەقەت بىلمەيتتى، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزى سەزمىگىنى بىلەن، ماراجىم ۋە ئاق يۇلتۇزغا پاناھ بولىدىغان ئىلاھقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئېھ، سېرسىپ كوچىسىدىكى ئاق كۆڭۈل مۇھەببەت ئىلاھى!

يۆتكەن توپاقمۇ تېپىلدى.

شۇ چاغدا قارا بۇغداينى ئورىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. بىز خۇش بولۇشۇپ، ياردەمگە ئادەم تەكلىپ قىلىشقا تۇتۇش قىلدۇق. ئۆيدە چىقىرىلغان ئىككى چىلەك پىۋا كاڭدا بوزۇلداپ كۆپۈك چىقىرىپ تۇراتتى. ئىككى يىل ئېچىتىلغان بۇ پىۋىلارنى زىياپەتتە گۆشنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچىشكە تەييارلاپ قويغانىدۇق. چۈشلۈك تاماقتا ئىچىش ئۈچۈن ئۈچ كوزا شىرنە قايىنىتىپمۇ قويغانىدۇق. ئاق بولكىنىمۇ خېلى كۆپ پىشۇرۇپ قويغانىدۇق.

ئورمىغا ياردەملىششىنىڭ ئۆزى ھېيت ئوينىغاندىكىگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. خەقلەر كۈلكە چاقچاق بىلەن بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كەچتە ھويلىغا توپلىشاتتى-دە، پۇخادىن چىققىچە يەپ-ئىچىشەتتى. گۆشنى تويغىچە يەپ، شورپىسىنى قانغىچە ئىچەتتى. يېشى چوڭراق ئەر-ئاياللار ئېچىلىپ-يېيىلىپ بولۇشقا ئىچسە، قىز-يىگىتلەر ئىچمەيلا كەيپ بولاتتى. غەزەلچىلەر چولاق قاسغۇراغا ئوخشاش ناخشا توۋلىشاتتى:

بىللە ئىشلەپ قوشنامىغا،
ئۈنچە باغلىدىم سەن بىلەن.
ئەلچى قويدۇم ئۆيۈڭگە،
جۈپ بولامسەن مەن بىلەن.

بۇ ناخشىنىڭ ئۆزگىچە سىرى بار ئىدى. ئورمىدىن كېيىن، ئىشچان ۋە چاققان قىزلارنىڭ ئىززەت-ئابرويى تېزلا ئۆسۈپ كېتەتتى. ئەلچى خوتۇنلار ئوڭ پۇتىغا كىيگەن پايپىقىنى سىلىشىۋېتىپ ئۆيمۇ-ئۆي ئەلچىلىككە باراتتى. ياردەمگە تەكلىپ قىلىنىدىغان ئادەملەر تالليناتتى، كۈندۈزى ئىشنى راۋۇرۇس ئىشلەيدىغان، كەچتە ھاراق ئىچىپ چاتاق چىقارمايدىغان كىشىلەر تەكلىپ قىلىناتتى. ياردەمگە تەكلىپ قىلىنىشمۇ بىر شەرەپلىك ئىش ئىدى. دەرۋەقە، خەق تەكلىپ قىلمىسىمۇ بېرىۋالىدىغان يۈزى قېلىنلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

تۆت-بەش كۈن ئىلگىرى بىر كەچلىك چاي ۋاقتىدا، بىز ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلاردىن كىملەرنى ياردەمگە تەكلىپ

قىلساق بولار دەپ مەسلىھەتلەشتۇق. مەن تاللانغانلارنى تىزىملى-
دىم.

— ماراجىمنى تەكلىپ قىلامسىز؟ — دېدى چوڭ ئانام.

— ئۇنىڭ... ئۇنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى
ئوتتۇرانچى ئاكام سالىخ.

— تەكلىپ قىلساق، ئۇ كېلىدۇ.

مېنىڭ تىزىملىك قەغىزىمگە يەنە بىر سىزىق قوشۇلدى.

— قولۇم-قوشنىلاردىن قېپقالغانلىرى يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى
دادام.

— جاربىيام بوۋاينىڭ ئۆيدىكىلەرلا تەكلىپ قىلىنماي قالدى.
ھەمزىنى تەكلىپ قىلساقمۇ بەرىبىر ئۆيىدىن چىقمايدۇ، — دېدى
چوڭ ئاكام مۇرتاج.

— كەلسىدۇ، كەلمىسىدۇ تەكلىپ قىلىپ قويايلى، قوشنا ئەمەس-
مۇ. كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن.

قەغەزگە يەنە ئىككى سىزىق سىزدىم. ئىسىملىك شۇنىڭ بىلەن
بېكىتىلدى.

ئورما ئورىدىغان كۈنى قۇياش ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈشكە،
بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىشتى. ھەممىسى
ۋالىلداپ تۇرىدىغان ئورغاق كۆتۈرۈۋالغانىدى. ماراجىم كەلدى،
ئاق يۈلتۈز كەلدى، ھەمزىمۇ كەلدى. يەنە "مۇز تاپان"لاردىنمۇ
ئىككى-ئۈچى كەلدى. تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۆزى كېلىۋالغانلارنى
بىز "مۇز تاپان" دەيتتۇق.

تۇغقانلار ئاۋال مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھارۋا بىلەن تەڭلا
كەلگەنىدى. ئۇلار پىيادە ماڭغان بولسا، ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يىل بىز قارا بۇغداي تېرىغان ئېتىز مەھەللىدىن خېلىلا يىراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياردەمگە پىيادە كەلسىمۇ سەت تۇراتتى، سالاپىتىگىمۇ ياراشمايتتى.

مېنىڭ ئۇ ئىككىسىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىم تۇرغان گەپ. لېكىن ئۇ ئىككىسى يىراقلىشىپمۇ كەتمەيتتى، يېقىنلىشىپمۇ كەتمەيتتى. ئاق يۇلتۇز قىزلار بىلەن پاراڭلىشاتتى، قىزلار پىچىرلىشىپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشەتتى، ئارىلاپ-ئارىلاپ پىخىلداپ كۈلۈشۈپ قوياتتى. ماراجىم ئۇلارنىڭ سەل نېرىسىدا كىچىك قوڭغۇراقلىق ئاككورديوننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چواڭ ئاكام مۇرتاج بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى پەرى تاغقا بارمىغاندەك، قۇشلار سايرىغان پەددىدە "چوك-چوك" قىلىپ سۆيۈشمىگەندەك... شۇ ئىشلارنى گويا باشقىلار قىلغاندەك چاندۇرماي يۈرەتتى. ئەجەبا، ئۇ كۈنى ئاخشىمى مەن باشقا ئەر-ئايالنى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ لېكىن، ھازىر مەندىن باشقىلارمۇ ئۇلارغا كۆز تىككەنىدى. كۆزلەر بىردەم ئۇ ياقتىن تاشلانسا، بىردەم بۇ ياقتىن تاشلىناتتى. بىردەم ماراجىمغا تاشلانسا، بىردەم ئاق يۇلتۇزغا تاشلىناتتى.

دادام بىزنىڭ بوز ئاختا ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى.

— قېنى ئەمىسە، بىسمىللا دەپ يولغا چىقايلى! — دېدى دادام، — ھەممىڭلار ھارۋىغا چىقىڭلار. چىرايلىق، ئىشچان قىزلار مېنىڭ ھارۋامغا چىقىڭلار! مەن ھارۋا ھەيدەي، سىلەر ناخشا ئېيتىڭلار.

كۆپچىلىك گۈررىدە قىلىپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. قىزلار ۋە چوكانلار بۇ ھارۋىدىن ئۇ ھارۋىغا يۈگۈرۈشتى. بەزىلەر سىرداش دوستلىرى بىلەن بىر ھارۋىغا چىقسام دېسە، بەزىلەر قولۇم-قوشنى-

لىرى بىلەن بىر ھارۋىغا چىقسام دەيتتى. يەنە بەزىلەر ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىر ھارۋىغا چىقسام دەيتتى. ئۇلار ھەتتا ھارۋىكەشنىمۇ تاللىشاتتى: ھارۋىكەشلەرنىڭ بەزىلىرىنى بۇدۇر چاچ ئەمەس ئىكەن دەپ، بەزىلىرىنى خوتۇنى كۆنلەيدۇ دەپ، بەزىلىرىنى مايماق بۇرۇنىكەن دەپ ياراتمايتتى. شاگخو قىلىمەن دىسە، ھەرقانداق ئەيىب تېپىلاتتى. بىرھازا ئىتىشقاندىن كېيىن، قىزلار جايلىشىۋالدى. يىگىتلەرنىڭ قايسى ھارۋىدا، كىم بىلەن بىللە ئولتۇرىدىغانلىقىمۇ بىردەمدىلا تايىن تاپتى. يېشى چوڭراق ئاياللار بىلەن ئەرلەر كەينىدىكى ھارۋىلارغا چىقتى.

— قارىغاندا، مېنىڭدىن چىرايلىق، مېنىڭدىن ئىشچان ئايال يوق ئوخشايدۇ، ئاكا، — شاللاقلىقتا مەھەللە بويىچە داگقى چىققان يۈزى قارا ھەم چوقۇر نىسا ھاما دادامنىڭ ھارۋىسىغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ بىزگە قانداق تۇغقان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئىشقىلىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ تۇغقىنى ئىدى.

— كېلە، كەل، نىسا! — دادام ئۇنى ھارۋىغا يۆلەپ چىقاردى، — چوقۇر خوتۇننىڭ مېھرى ئىسسىق بولىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ! — ئۇ ئاپئاق، قويۇق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى. ئۇ كۈلۈۋىدى، چىرايى تامامەن ئۆزگىرىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە ئىسكەت كىردى. شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆرۈلۈپ دادامغا:

— گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، "ئاق خوتۇننىڭ قەلبى مۇز، قارا خوتۇننىڭ قەلبى چوغ" — دېدى.

مەن شۇ ئان ئاق يۇلتۇزغا: چىرايى ئاقمىدۇ ياكى قارىمىدۇ؟ دەپ قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئاق ئەمەس ئىدى، قارىمۇ ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئالـدى تەرەپتىكى بىرنەچچە هـارۋا قوزغالـدى. هەممەيلەن هارۋىغا چىقىپ بولغانـدى. پەقەت ئۇچلا ئادەم قانـداق قىلىشاق بولار دېگەندەك ئارىسالـدا بولۇپ تۇراتـتى. بۇ ئۇچى هەمزە، ئاق يۇلتۇز، ماراجىمـلار ئىـدى. ئاخىـر، ماراجىم بۇرۇلۇپلا چوك ئاكام مۇرتاجىنىڭ هارۋىسىغا سەكرەپ چىقتى.

ئاق يۇلتۇز بىزگە چاقچاق تەلەپپۇزىدا: ساهىب جاماللار چىقىددىغان هارۋىغا بىز چىقساق بولارمۇ؟ — دېدى. بۇ چاقچاق "مۇشۇ بىردەملىك بەختنى دېمىسەم، شۇنچە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە رازى بولارمىدىم" دېگەن گەپنى قىلغان ئايالنىڭ ئۆزىگە زادىلا ياراشمايتتى. بۇ چاقچاق ماڭا زادىلا ياقمىدى. دادام هارۋىنى ئۇنىڭ يېنىغا هەيدەپ باردى-دە، قۇرۇق ئوتلارنى قامچا دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق بىر ئورۇن تەييارلاپ بەردى. هەمزە راست كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالدىمۇ، ئىشقىلىپ، دادام ئاق يۇلتۇزغا تەييارلاپ بەرگەن ئورۇنغا ئولتۇرۇۋالدى. هۇ، داپپۇز! ئاق يۇلتۇز ئايلىنىپ هارۋىنىڭ ئۇ يېنىغا ئۆتتى. نىسا هامما ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— كېلە، گۈزەل قىز، مېنىڭ قېشىمغا كەل! خەقلەر "ئىككى گۈزەل تېپىشىپتۇ" دەپ قالسۇن. بىز ئەرلەرگە ئوخشىمايمىز. هەي ئۆلەرمەن، نېرىراق ئولتۇرساڭچۇ! — دېدى-دە، هەمزىنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتەردى.

ئاق يۇلتۇز ئېرىگە كەيىننى قىلىپ، هارۋىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. بىزنىڭ بوز ئاختا ئات بىر سىلكىنـدى-دە، ئالغا ئېتىلـدى. ئاق يۇلتۇزنىڭ ئاق پايپاق، ئاق توپلەي كىيگەن بىر جۈپ پۇتى سىلكىنىشكە باشلىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. هېلىمۇ ياخشى،

ئۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئېسىلىۋالغانىدى. مەن ھارۋىغا ھەممىدىن كېيىن چىقتىم ـ دە، ھارۋىنىڭ كەينىدە ئولتۇردۇم. ئالدىدىكى ھار ـ ۋىلار چاپقىلى تۇردى. بىز گەپ قىلماي جىم ئولتۇردۇق. كاپ ـ كاپ نىسا ھامىنىڭمۇ، چاقچاقچى دادامىنىڭمۇ نېمە ئۈچۈندۇ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئەزەلدىنلا گەپ بىلەن خۇشى يوق ھەمزە- نىڭ جىم ئولتۇرۇشىغۇ چۈشىنىشلىك ئىدى.

مەھەللىدىن چىققاندىن كېيىن، ماراجىم ئاككوردىيوننى سايرىتىشقا باشلىدى. مەن ئاق يۇلتۇزغا لەپپىدە قارىدىم. ئاككوردىيون ئاق يۇلتۇز ئۈچۈنلا سايراۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنى ئاق يۇلتۇز ئۆزىمۇ سەزگەندۇر بەلكىم. ئۇنىڭ قوۋۇزى ۋىللىدە قىزاردى ـ دە، قىزىل- لىق بىردەمدىلا تارقاپ كەتتى. ئاككوردىيون ئاۋازى ياڭراۋەردى. ئەمما ئۇنىڭغا تەڭكەش بولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان ئادەم چىقمىدى. بىزنىڭ بۇ كوچىدىكىلەر ئادەتتە سىرتقا ئىشقا كېتىۋاتقاندا، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتمايتتى. ئىشنى تۈگىتىپ قايتىشىدا، قانداق ئېيتقۇسى كەلسە، شۇنداق ئېيتاتتى. ئۈچ خوراز كوچىسىدىكىلەر ھەرقاچان ئەتىگەندىن كەچكىچە مىكىيانىدەك كەلسە ـ كەلمەس كار ـ كىراپ، خورازدەك تامىقىنى قېقىپ چىرقىرىشاتتى. بىز دېگەن قائىدە ـ يوسۇننى بىلەتتۇق، قائىدىگە رىئايە قىلاتتۇق. ھېلىمۇ رىئايە قىلىۋاتىمىزغۇ!...ئاپلا، توساتتىن ئۇنى زىل چىقىدىغان بىر ئايالنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ياڭرىدى. ئۇنىڭغا يەنە ئىككى ـ ئۈچى جور بولدى. ئۇلار تېزلا قىزىپ كەتتى! ئالدىدىكى ھارۋىلاردا ناخشا ئاۋازى قانچە جاراڭلىق ياڭرىسا، بىزنىڭ ھارۋىمىزنى شۇنچە سۈكۈت باساتتى. ئاق يۇلتۇزنى غەم باستى، بۇ غەم بارغانسېرى كۈچەيدى.

www.uyghurkitap.com

...ھەمزە بىلەن ئاق يولتۇز ھارۋىدا بىر-بىرىگە كەينىنى قىلىپ، خۇددى قوچاقتەك گەپ قىلىشماي جىم ئولتۇراتتى. مەن ئۇ چاغدا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ھال ماڭا ئانچە تەسىر قىلمىغانىدى. ھەمزىنىڭ تۇغما مىجەزى شۇ تۇرسا، ئاغا نېمە ئامال؟ ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ كولاشنىڭ ئورنى يوق-تە. ھېلىمۇ ياخشى، ئالدىمىزدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغانلار ناخشىنى باشلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئۇلارغا جور بولدۇق. بىز بۇدا قارا بۇغداي ئېتىزىغا تېزلا يېتىپ كەلدۇق، يولمۇ ئانچە يىراق بىلىنمىدى. ئەمما، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھاياتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ھازىرمۇ يۈرىكىم ئىختىيارسىز جىغىلداپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆمرىنى خەقنىڭ ھارۋىسىدا ئىككى ياقتا ئولتۇرۇپ، مۇشۇنداق بىر-بىرىگە كەينىنى قىلىپ، لام-جىم دېمەي ئۆتكۈزگەن ئەمەسمۇ؟ ئالدى تەرەپتە ناخشا ياڭراپقۇ ئوبدان بولدى. ناخشا ياڭرىمىغان ياكى ناخشا توختاپ قالغان بولسىچۇ؟...

بىزنىڭ بۇغدايلىق بىر يەردە ئەمەس، تارقاق ئىدى. ئۇ يەردە بىر مو، بۇ يەردە ئىككى پۈڭ، يەنە بىر يەردە يېرىم مو بۇغداي بار ئىدى. شۇڭلاشقا ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ تەرەپ-تەرەپكە تارقالغانىدى، بەزىلەر توشقان دۆڭگە باردى، بەزىلەر بارسۇئان دەرياسى بويىدا قالدى. چۈشتىن بۇرۇن ھەركىم ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئېتىزدا ئورما ئوردى، چۈشتىن كېيىن ھەممىيلەن بارسۇئان دەرياسى بويىغا يىغىلدى. بۇ يەر كەنتىمىزدىكى يەرلەرنىڭ پاسىلىغا جايلاشقانىدى، دەريانىڭ نېرىسىدىكى يەرلەر باشقا كەنتكە قارايتتى.

چۈشلۈك تامىقىمىز ئۈچۈن ھالۋا بىلەن ياغلىق ئاسا تەييارلانغا-

نىدى. بىز يۈپيۈملاق بولكىنى ياغلىق ئاسا دەپ ئاتايتتۇق. ياردەمگە كەلگەنلەر تاماقتا ئولتۇرسىلا، نى-نى قىزىق گەپلەر چىقاتتى. توغرالغان ياغلىق ئاسالار تاغدەك دۆۋىلەنگەن، ھەر چوڭ تاۋاقلار ئوتتۇرىغا قويىلاتتى. ياردەمگە كەلگەنلەر تاۋاقلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قوشۇقلار ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىشىپ كېتەتتى. كىم تېز تۇتۇش قىلمىسا، شۇ ئاچ قالاتتى.

قوساق تويغاندىن كېيىن، كۆلكە-چاقچاق، ئويۇن-تاماشا باشلىنىپ كېتەتتى. بىرى قوپۇپ خەقنىڭ قوشۇقىنى ئۇرۇپ تاۋاقتا چۆشۈرۈۋەتسە، يەنە بىرى قوپۇپ خەق ئاغزىنى ئېچىپ يەي دەپ تۇرغان ياغلىق ئاسانى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىرلىكتە زىيان تارتقان بىچارىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى. بۇدا قوشۇقنى ئىككى بارمىقىدا قىسىپ تۇرۇپ ھالۋا يەۋاتقان سارىتتا بىلەن مۆرىسمەس ھەمزە كۈلكىگە قالغاندى، سارىتتا خوراز كوچىسىدىن كەلگەندى. باشقىلار قوشۇقىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاچچىقىدا ئاغزىنى دومسايتىپ، تاماققىمۇ قارىماي چەتكە چىقىپ ئولتۇردى. ھەمزە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بىر پارچە ياغلىق ئاسانى يەي دەپ تۇرۇشىغا، چىشلىرى قارس قىلدى-دە، ياغلىق ئاسا يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭغا ئېرەن قىلىپمۇ قويماي، بۇرنى بىلەن قاتتىق بىر نەپەس ئالدى-دە، يەنە بىر پارچە مايلىق ئاسانى ئاغزىغا سالدى. ئاق يۈلتۇزنىڭ قوۋۇزى يەنە بۇرۇندىدەكلا قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۇلارغا ئىختىيارسىز سەپسالدىم-دە، ئۇلارنى زەڭ قويۇپ كۆزەتتىم. مېنىڭ كۆزۈم بەزىدە باشقا ياققا كېتىپ قالغىنى بىلەن يۈرىكىم ماراجىم بىلەن ئاق يۈلتۇزدىن ئايرىلالمايتتى. بۇ ئىككىسى مېنى ئەسىر قىلىۋالغاندى.

www.uyghurkitap.com

مەن هالۋىنى چۆمۈچكە ئېلىپ، بۇغداي غولى بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچتىم. بۇنىڭدا قوشۇق بىلەن ئىچكەندىكىگە قارىغاندا ئوبدان ئىچكىلى بولاتتى ھەم تاتلىق تېتىيتى. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن جايلارغا باردىم، ھەر قېتىم چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، تۈرلۈك خۇش بۇي ئەبجەش ھاراقلارنى بۇغداي غولى بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچكىنىمدە: ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان بۇ كىشىلەر بۇ ئاقىلانە ئۇسۇلنى بىزدىن ئۆگىنىۋالغان بولسا كېرەك دەپ قالاتتىم. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكۈر ئادەملەر ئىدى. بىرەر ئوبدان ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، كاللا ئۆتكۈر بولۇش كېرەك-تە.

— قارىغاندا، ھالۋىغا ھەسەل بەك كۆپ ئارىلاشتۇرۇلغان ئوخشايدۇ. نىسانىڭ ئاغزى يەملىشىپ قالىدىمۇ نېمە... — دېدى دادام، — ئاغزىدىن گەپ چىقماس بولۇپ قاپتۇغۇ!

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاكا، ئاخشاملىققا گۆشنىڭ سىمىز يېرىدىن يەپ، گالنى ياغلىۋالساق، ئۇنىمىز ئېچىلىپ كېتىدۇ، — دېدى نىسا ئۇنچىدەك ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، — گۆش ئېشىپ-تېشىپ تۇرسىلا بولاتتىغۇ.

تاماقتىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇردى، يالغۇز ئىساقلا تېخىچە بىر چەتتە ئولتۇراتتى. مەيلى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى مېھماندارچىلىق ياكى ئورمىغا ياردەملىشىش بولسۇن، ئىساق چاقىرمىسىمۇ ئۆزى كېلەتتى. ئۇ كەنت بويىچە بىرىنچى "مۇز تاپان" ئىدى. جامائەت بەزى يۈزى قېلىن ئادەملەرنى "مۇز تاپان" دەيتتى، قىش كۈنلىرى ھەممە ئۆيدە ئولتۇرۇش بولاتتى، ئۇلار چاقىرمىسىمۇ ھەممە ئۆيگە باراتتى، ئۆيمۇ-ئۆي قاتراپ يۈرۈپ، ئاياقلىرى مۇز توڭۇپ كېتەتتى. ئۇلار

بىر ئۆيگە كىرىپ، تاپىنى ئاستىدىكى مۇز ئەمدىلا ئېرىشكە، ئايىغى-
نىڭ قۇرۇمىغانلىقىغا قارىماي يەنە بىر ئۆيگە چاپاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ
تاپىسى دائىم مۇز باغلاپ تۇراتتى. ئىسهاق كەلسىغۇ ھېچكىم قوغلى-
مايتتى، ئەمما تۆرگە تەكلىپ قىلىنمايتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى بىلىپ،
لايىقىدا ئىش قىلاتتى. ئولتۇرۇشلاردا ئۇ دائىم پەگادا ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ ئۆزى ئورۇق ھەم ئېگىز، بېشى كىچىك، بويىنى نوغۇچتەك
ئۇزۇن بولغىنى بىلەن، "شاھ خەزىنىسى" دېگەن غەلىتە لەقىمى
بار ئىدى. "خەزىنە" دېگەن لەقەم: يەپ تويمايدۇ، ئەمما سۆڭەكىگە
ئەت قونمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ يېيىشكە
كەلگەندە، ھېچنېمىگە قارىمايتتى، يا تويغىنىنى، يا ئىزا تارتىشنى
بىلمەيتتى. بۇ لەقەمنى باشتا ئۇنىڭغا كىمنىڭ قويغانلىقىنى
ھېچكىم بىلمەيتتى. بىراق، 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان، تىبخىچە
بويتاق ئۆتۈۋاتقان بۇ بىچارە چار پادىشا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ "شاھ
خەزىنىسى" دېگەن لەقەمدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ ئادەتتە چىت
كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. چىت بەك ئەرزان بولغاچقا،
بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاياللار ئۇنىڭدىن ياستۇق قېپى تىكىشكە ئامراق
ئىدى. مەن بۇ يەردە ۋاقىتسىز ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قوياي:
ئىسهاق بۇكۈنگىچە ياشىغان بولسا، تازا مودا بولۇپ قالغان كىيىم-
لەرنى كىيىدىغان ئەرلەردىن بولۇپ قالاتتى.

ئەمدى گېپىمىزگە كېلەيلى، ئىسهاق تاۋاقتىكى ھالۋىنى ئىچىپ
بولغاندىن كېيىن، تاۋاقنىڭ تېگىنى يالاشقا باشلىدى.

— قانداق ئىسهاق، تويدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دادام.

— ياق، ئاكا. قورسىقىم تويمىدى، ئازراقلا ئەستەرلەندى، — دەپ
جاۋاب بەردى ئىسهاق ئىنچىكە بويىنىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

تەرلەرنى سۇرتكەچ.

بىزنىڭ قىزىل ساقال قۇدىمىز ئىسمىتۇللا:

— ھەي، ئىسھاق، كېلە، ئىككىمىز باغلىشايلى! ئەگەر ئۇتۇۋالساڭ، بىلىمدىكى كەمەرنى يېشىپ ساڭا بېرەي! — دېدى. ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردە قول باغلىششقا ھەممىدىن ئامراق ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇ چۇۋاشلار مەھەللىسىدە قول باغلىشىپ ئېتىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ھارۋىنى ئۆزى سۆرەپ كەلگەنىكەن. ئۇ كەمپىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: "ئۇتتۇرۇۋاتمىسامىمۇ ئات دېگەن بەربىر ئۆلەتتى" دېسە، ھاماقەت ئايال قۇدىمىزمۇ خۇش بولۇپ: "ئۇتتۇرۇۋاتقىنىڭلا ئوبدان بوپتۇ، مۇنداق بەلەن ئات ئۆلۈپ قالسا، ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى" دېگەنىكەن.

بۇمۇ ئىسھاقنىڭ تۇنجى قول باغلىششى ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، قورسقى باغلىششقا چۈشەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەنىدى.

— قانچىلىك ئىچ دېدىڭلا؟

— لىپمۇلىپ ئون چۆمۈچ.

— باغلاشتى! باغلاشتى! — ھەممىيلەن ۋارقىرىشىپ كەتتى، — كېلىڭلار، كۆرۈڭلار! ئىسھاق نوچى مەيدانغا چۈشتى!

كىشىلەر گۇررىدە قوزغىلىپ، قول باغلاشقان ئىككىسىنى دەرھال ئارىغا ئېلىۋالدى.

— بوپتۇ، كەمىرىڭنى يېشىپ ماڭا كۆرسەت، — دېدى ئىسھاق.

ئىسمىتۇللا كەمرىنى دەرھال يەشتى. قىزىل ساقال قۇدىمىزنىڭ تۇچ پىستانلىرى يوغان ساپىسىرىق بۇ كەمىرى ھەقىقەتەنمۇ

قالتس كەمەر ئىدى! ئىسهاق كەمەرنى قولىغا ئالىدى ـ دە، ئۇ يان ئۆرۈپ بىر قاراپ، بۇ يان ئۆرۈپ بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن:
ــ قورسىقىم ئاچ بولغان بولسا، كەمىرنىڭ 15 چۆمۈچكە يارايدىـ كەندۇق، 20 چۆمۈچ دېسەڭمۇ غىڭ قىلمايتتىم. بىراق، مەن ھازىر ئاران بەش چۆمۈچ ئىچەلەيمەن، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا ئىچ دەپ تۇرۇۋالساڭلار، باغلاشمايمەن، ــ دېدى.
ــ بوپتۇ، توققۇز چۆمۈچ بولسۇن، توققۇز چۆمۈچكە باغلىشىڭـ لار! ــ دېدى بىرى.
ــ ئالتە چۆمۈچ بولسۇن، ــ دېدى ئىسهاق.
قىزىل ساقال قۇدىمىز كەمەرنى ئۇنىڭ قولىدىن شارتتىدە تارتىـ ۋالدى. بۇ كەمەرنى ئۇ گۆھەردەك ياخشى كۆرەتتى.
ــ ئالتە چۆمۈچ ئىچىشكە ماۋۇ "يەل كىندىك" بىلەنمۇ باغلاشـ مايمەن، ــ ئۇ ئېڭىكى بىلەن ئىشارەت قىلىپ مېنى كۆرسەتتى.
ياللا قۇدىمىز، سىزمۇزە...سېلىشتۇرۇشقا مەندىنمۇ كىچىك، مەندىنمۇ يارىماس بىرەرسى تېپىلمىدىمۇ سىزگە؟ ئوق قولۇم بىردىنلا شەپكەمنىڭ چېكىلىكىگە بېرىپ توختاپ قالدى. ئەسلى مەن شەپكەمـ نى پاققىدە يەرگە تاشلاپ، بىر باغلىشىپ باقاي دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم. بىراق يۈزۈم چىدىمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قىزىل ساقال چال بىزنىڭ قۇدىمىز ـ دە.
كىمەر باي غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا:
ــ ئاغىنىلەر! ھازىر ئىسهاقنىڭ قورسىقى توق، سەككىز چۆمۈچ ئىچسىمۇ چوڭ گەپ، ــ دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تاغ قاپتىلىدىن پەسكە دومۇلاپ چۈشكەن قۇرۇق ئىدىشتىن چىققان ئاۋازغا ئوخشايتتى. باشقىلار كىمەر باينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— سەككىز چۆمۈچ ئىچسە بولار! ئۇنىڭ قورسىقىغا ئاران سەككىز چۆمۈچ پاتار.

— ئىسھاقنىڭ قورسىقىدا باشقا ئۇچەي بارمۇ تېخى!

— ئۇ سەككىز چۆمۈچ ئىچەلمەيدۇ! سەككىز چۆمۈچ ئىچسە، ئۇنىڭ قورسىقى ئېتىلىپ كېتەر!

— بۇدا ئىسھاق تۇگەشتى، ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولدى...

بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنى دەي-دەيگە سېلىش ئۇچۇن ئېيتىلغۇاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىسھاق قورسىقىغا پاق-پاق قىلىپ ئۇرۇپ قويۇپ:

— پېشانەمدىن كۆرەي. ئېتىلىپ كەتسەك كەتكىنىكى، مېنى رەسۋا قىلما، — دېدى قورسىقىغا، ئاندىن كۆپچىلىككە دېدى:

— قېنى، ئېلىپ كېلىڭلار، سەككىز چۆمۈچ ئىچىپ ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قوياي.

بىر چېلەك ھالۋا بىلەن يوغان بىر چۆمۈچ كەلتۈرۈلدى.

— ئاكا، سەن ئۇسۇپ بەرگىن، — دېدى ئىسھاق كىمەر بايغا، — ئۆزەڭ لىللا ئادەم، قولۇڭ بەرىكەتلىك.

— قېنى، ئەمسە ئولتۇرايلى. ئىسھاق سەنمۇ ئولتۇر، — دېدى دادام.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. يالغۇز ئىسھاقلا ئۆرە تۇردى.

— ماقۇل كۆرسەڭلەر، مەن ئۆرە تۇرۇپ ئىچسەم...، — دېدى ئۇ دادامغا يېلىنغان تەرىزدە.

— بولمايدۇ! — دېدى كەمەرنىڭ ئىگىسى كەسكىنلىك بىلەن، — ئىچمەن دېسەڭ قائىدە بويىچە ئىچ.

ئۇنىڭ بۇ گەپنى راستىنلا قائىدىگە ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدىن

ئېيتمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما، ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەندە، كۆپرەك ئىچكىلى بولاتتى. قىزىل ساقال شەيتاننىڭ قورقىنى شۇ ئىدى.

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، — ئىسهاق ماقۇل بولدى.

ئۇ ئولتۇردىمۇ ياكى ئولتۇرمىدىمۇ، ئىشقىلىپ يوغان چۆچەكنىڭ يېنىدا زوڭزايدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى ئۇچاي دەپ تۇرغان ئاق تۇرنىغا ئوخشايتتى.

كىمەرباي بىر چۆمۈچ ئۇستى. ئىسهاق ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق ئاستا ئىچتىكى، ھالۋىنىڭ ئۇنىڭ ئىنچىكە كېكىرتىكىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئىككىنچى چۆمۈچنىمۇ ئالدىرىماي ئىچىپ تۈگەتتى. ئۈچىنچى چۆمۈچكە كەلگەندە كىشىلەر ئۆكتە قوپتى:

— بۇنداق ئاستا ئىچسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇتتۇۋالىسەن!

— ئىسهاق، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئىچىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنىمۇ باغلىشىش دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى بىر قىز قاتتىق نارازى بولۇپ، — بۇ بەئەينى يېتىم موزاينىڭ ئەسكى لاتا چاينىغىنىغا ئوخشاپ قالدى!

— ئىسهاق، بۇنداق ئەزمەڭنى ئېزىپ ئولتۇرساڭ ئادەمنى ئۇخلىتىپ قويغۇدەكسەن!

ئىسهاق ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن تۆتىنچى چۆمۈچكە كەلگەندە ئىچىشنى بىرئاز تېزلەتتى. بەشىنچى ۋە ئالتىنچى چۆمۈچلەرنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى. ئۇنىڭ بۆرتۈپ چىققان يوغان بۇغدىيىكى ئېگىكى بىلەن ئوقۇرەك سۆڭىكى ئوتتۇرىسىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا توختىماي يورغىلايتتى. شۇ چاغدا ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىسهاقنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى ئاستا-ئاستا پۈتۈنلەيلا

www.uyghurkitap.com

ئارىغا ئېلىنىۋالغانىدى. يەتتىنچى چۆمۈچكە كەلگەندە، ئىسھاق قاتتىق بىر تىنىۋالدى. تەر تامچىلىرى باشتا تامچىلىغان بولسا، ئەمدى شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ چۆمۈچنى ئاغزىغا ئاپىرىشىغىلا، ئارقا-ئارقىدىن غۇرت-غۇرت قىلغان ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ چىت كۆڭلىكى ئىچىدىكى قورسىقى تازا چىڭدالغان ياستۇقتا ئوخشاش چىڭدىلىپ كەتكەنىدى. كىندىكى مىدىراپمۇ قويمايتتى. شۇنداق تۇرسا، نەپەس نەگە پاتسۇن؟ يەتتىنچى چۆمۈچنى ئۇ ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچتى. ئىچىپ بولدى-دە، قاتتىق بىر كېكەردى.

— يەنە بىر تىنىۋال، — دېدى بىرى چۈشەندۈرۈپ، — يەنە بىر تىنساڭ، قورسىقىڭ بوشايدۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ ئەپتىدىن، قورسىقى ھېچقانچە بوشىمىغاندەك قىلاتتى. ئىسھاق ئاخىرقى بىر چۆمۈچنى ئىچكەندە بەك قىينىلىپ كەتتى. ئۇ ئىچىشنىغۇ ئىچتى، بىراق ھالقۋا ئۇنىڭ قورسىقىغا بارمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كىشىلەر خۇددى ئىسھاققا ئىچىشىپ بېرىۋاتقاندەك، بوينىلىرىنى سوزۇپ، ئېغىر نەپەس ئېلىشىۋاتاتتى. ھالقۋا بارغانسېرى ئازايدى، ھالقۋا قورساقتا باشتا بىر قوشۇق-بىر قوشۇقتىن كىرگەن بولسا، كېيىن بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن كىردى. ئىشقىلىپ، بارغانسېرى ئازلىدى. چۆمۈچنىڭ تېگى كۆرۈنگەندە، ئىسھاق ئاپئاق ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، چۆمۈچنى مۆشۈكتەك يالاشقا باشلىدى. پاك-پاكىز يالاپ بولغاندىن كېيىن، چۆمۈچنى ئاسمانغا ئاتتى-دە، يەنە تۇتۇۋالدى. چۆمۈچتىن بىرەر تېمىممۇ ھالقۋا ئاقمىدى.

قىزىل ساقال قۇددۇس ئىسھاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تۆت پىستانلىق ساپسېرىق يوغان كەمىرىنى گەپ-سۆز قىلماي ئۇنىڭ بوينىغا

ئېسىپ قويدى. بۇنىداق كەمەر دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان گۆھەرنىڭ ئۆزى ـ دە. شۇ چاغدا خەزىنە ئىسھاقنىڭ چىرايىغا تەپچىپ چىققان شوخ كۈلكە يۈگۈردى، ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى تۇنجى كۆرۈشۈم شۇ ئىدى، ئاخىرقى كۆرۈشۈممۇ شۇ ئىدى.

ـــ كېلە، قىزىل ساقال، ـــ دېدى ئۇ، ـــ يەنە بىر باغلىشايلى.

ـــ قانداق باغلىشىمىز، قېنى دەپ باقە! ـــ قۇدىسىمىز يەنە قىزىپ قالدى.

ـــ سەن جامائەت ئالدىدا ئىشتىنىڭنى سالالىساڭ، مەن يەنە ئىككى چۆمۈچ ئىچىپ بېرىمەن.

كىشىلەر يەنە چۇرقىرىشىپ كەتتى:

ـــ قىزىل ساقال، ماقۇل دە، باغلىشە!

ـــ بەللى، ئىسھاق، يارايسەن! ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ!

ـــ سەككىز چۆمۈچ ئىچكەن يەردە، ئازراق كۈچىسەڭلا، گەپ يوق يەنە ئىككى چۆمۈچ ئىچىۋېتەلەيسەن!

ـــ ماقۇل، ئىچىپ باقاي!

ـــ ھۇي قېلىنلار! ـــ بىر ئايال ۋارقىراپ كەتتى، ـــ بۇنىڭدىن باشقا ئويۇن تېپىلمىغاندەك سەتلىشىپ يۈرگىنىنى!

ـــ بولدۇ! كىمەر باي، ئۇسە! ـــ قىزىل ساقال قۇدىمىزمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى، ـــ سەت تۇرىدۇ دېسەڭلەر تەتۈر قارىۋېلىڭلار.

بىراق، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇتتۇپ چىققان باتۇرىمىز بىر قولدا قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە دۈۋۈلەپ قويۇلغان بۇغداي ئۇنچە-لىرىنىڭ كەينىگە قاراپ بەدەر چاپتى. ئۇ شۇ كەتكىنىچە، چۈشتىن كېيىنكى ئورمىغىمۇ قاتناشمىدى، كەچلىك ئولتۇرۇشقىمۇ كەلمىدى.

ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ، دۇنيادىن ئۆتكىچە ھېلىقى كەمەرنى يېنىدىن ئايرىمىغانىدى. كېيىن ئۇ كەمەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىندى. ئاڭلىشىمچە، بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىردىنبىر ۋەسىيىتى ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ئامەت، ئەڭ ئالىي مۇكاپات ئاشۇ كەمەردۇر بەلكىم...

لېكىن، تازا قىزىيدىغان باغلىنىش ۋە بەسلىشىش تېخى ئالدىمىزدا. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئولاش-چولاش تۇتۇش قىلىپ قېپقالغان قارا بۇغداينى ئورۇشقا چۈشتى. ياردەمگە كەلگەنلەر كۆپ بولغاچقا، بۇغداينى ئۇزۇنغا ئەمەس، توغرىسىغا سول تارتىپ ئورۇدى. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا، ھەممە ئورمىچىلار ئاخىرقى بۇغدايلىقنىڭ قىرىغا كېلىپ، ئۈچ-تۆت قەدەمدىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، قاتىرىسىغا سەپ بولۇپ تۇردى.

ئاق كۆڭلەك كىيگەن قىزلار ۋە بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان ئاياللارمۇ، مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەن يىگىتلەر ۋە چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، كىيىملىرىدىن ئاپئاق شور ئۆرلەپ كەتكەن، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرمۇ ئورغاقنى بىلىكىگە سىلىپ، بىر پەس گەپ-سۆز قىلىشماي جىم تۇردى. بۇغدايلىرى پىشىپ كەتكەن ئېتىزلارمۇ تىنچ كۆلگە ئوخشاش ئالدىمىزدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قىرغاقتا تۇرغان بۇ كىشىلەر خۇددى قىرغاقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈشكە تەييارلانغاندەك قىلاتتى.

توساتتىن، نىسا بىلەن ھەمزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاق يۇلتۇز جەسۇرلۇق بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە شارتتىدە كۆپچىلىككە بۇرۇلدى. ئۇ ئاۋال تورلىما يوللۇق يېشىل كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى

www.uyghurkitap.com

قىستۇردى، يەڭلىرىنى جەينەكگىچە تۈردى، كۈمۈش بېزەكلەر
قىستۇرۇلغان ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چېچىنى بويىنىغا يۆگەپ، كەينىگە
چەگدى. ئاندىن خەنجەرنى قىنىدىن سۇغۇرغان پەيتتە قولىنى
كۆتۈردى ـ دە، ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن، قىزىل دەستىلىك
ئورغىقىنى دولىسىدىن ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۈگۈنگىچە ھېچكىم
كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ھەمىشە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان، ھازىر كۈلكىدىن ئەسەر
قالمىغان چىرايلىق لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغانىدى.

كىشىلەر قاراپ تۇردى. ئاق يۇلتۇزمۇ پۇتلىرىنى سەل كېرىپ جىم
تۇراتتى. ماڭا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. مەن
بىر كەمگىچە بۇ چۈشۈممۇ نېمە دەپ قالدىم. ياق، بۇ چۈشۈم ئەمەس،
ئوڭۇم ئىدى. شۇ تاپتا قىر ئۈستىدە تۇرغان بۇ چىرايلىق چوكاننى
كېيىن يەنە كۆپ قېتىم چۈشەپ قالدىم. ئۇ چۈشۈمدىمۇ يەنە شۇنداق
ئۆرە تۇراتتى: بەزىدە ئېگىز ھاڭ ئۈستىدە، بەزىدە ئۆركەشلەۋاتقان
شارقىراتما بويىدا، بەزىدە لاۋۇلداپ تۇرغان كۈچلۈك ئوت ئىچىدە
تۇراتتى. ئۇ ئورغىقىنى كۆتۈرگەن پېتى چوڭقۇر ھاڭغا، ئىتتىك
ئېقىنغا، ھەيۋەت ئوتقا سەكرەشكە تەمشەلگەندە، ئويغىنىپ كېتەتتىم.
ئويغانغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قىزىل دەستىلىك ئورغىقى خۇددى
مەن بىلەن خوشلاشقاندەك ئالدىمدا بىرپەس يالت ـ يۇلت قىلاتتى.
شۇڭا، مەن ئويغانغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىمدىن قىن ـ قىنىمغا
پاتماي قالاتتىم.

مېنىڭ بەزى چۈشلىرىم پۈتۈنلەي مەنىسىزمۇ ئەمەستۇر، ئاق
يۇلتۇزنىڭ كۈنلىرىمۇ شۇ چۈشلەرگە ئوخشايدىغاندۇر بەلكىم...

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، قاراپ تۇرغان كىشىلەر ھەيران ـ

www.uyghurkitap.com

لىقتا داڭقېتىپ قالغانىدى: ئەزەلدىنلا ئېغىر- بېسىق، ئازا-
كەتلىك بۇ چوكان زادى نېمە قىلماقچىكىنە؟ ھەممە كۆز ئاق يۇل-
تۇزغا تىكىلگەنىدى. يالغۇز ھەمزىلا كۆزىنى يوغان ئاچماي،
ئاغزىنى كالچايتىپ قاراپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ ئۇ ياقلاردا ئەرلەر يېيىش- ئىچىشتە ئەمەس، ئىشلەشتە
بەسلىشىدۇ، — دېدى ئاق يۇلتۇز. ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا
يېقىملىق ۋە زىل ئىدى، بۇ ئاۋازدىن ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنىمۇ،
ئاللىقانداق بىرنېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزگىلى
بولمايتتى.

— قېنى، قايسىڭلار نوچى؟ ئەرلەردىن قايسىڭلار بولساڭلار
مەيلى، سەل غەيرەت قىلىپ، مەيدانغا چۈشۈپ مەن بىلەن بىر
كۈچ سىنىشىپ بېقىڭلار. ھەي، قايسىڭلار مەيدانغا چۈشىسىلەر؟

نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان كىشىلەر يا ھا، يا شا دېمەي قاراپ
تۇرۇشاتتى. ئاق يۇلتۇز يەنە گەپ باشلىدى، بۇدا بىرئاز دەي-
دەيگە سېلىش ئۈچۈن:

— بۇ كەنتتە ئەر يوقمۇ نېمە؟ — دېدى.

مەن كۆزلىرىمنى ئىختىيارسىزلا ماراجىمنى ئىزدەشكە سالدىم.
ئۇ قىرنىڭ ئەڭ چېتىدا، يەنى ئۇز سىپپىنىڭ بېشىدا تۇراتتى. مېنىڭ
ئۇنىڭغا: "ئاق يۇلتۇز سېنى دەۋاتىدۇ، سېنىلا دەۋاتىدۇ! يەنە نېمە
ئىككىلىنىپ تۇرىسەن؟" دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كەتتى.

— ھەمزە، سەن چىقە، — دېدى بىزنىڭ قىزىل ساقال قۇدى-
مىز، — ئۇ شۇنداق دېگەندىكىن، خوتۇنۇڭ بىلەن كۈچ سىنىشىپ،
ئۆزەڭنىڭ ئەر ئىكەنلىكىڭنى بىر كۆرسىتىپ قويە!

— چىقە ھەمزە، چىق، — دېدى باشقىلارمۇ ئەگىشىپ.

— قىزىل ساقالنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس، ئۇنىڭ بىلەن ھەمزە كۆچ سىناشسۇن!
— قايسىڭلار نوچى بىر كۆرۈپ باقايلى!
— كېيىن كۆرۈڭلار، — دېدى ھەمزە غۇدۇراپ، — ئۇ ئۆزەمنىڭ خوتۇنى تۇرسا، كۆچ سىناشمىسامۇ ماڭا ئاللىقاچان قايىل بولغان. سىناشقىدەك نېمە بار.
— ئاغىنىلەر، كەتتىمىزنىڭ رەسۋاسى چىقىدىغان بولدى! — دېدى قىزىققان قۇددىمىز تىت-تىت بولۇپ، — ئەسلى مەيدانغا ئۆزەم چۈشەي دېگەنىدىم، قارىسام ئورغىقىم گال تۇرىدۇ، ئوبدان ئورغىلى بولماسمىكىن دەپ قالدىم، گال ئورغاقتا ئىش ئاينىمايدۇ. مەندىن باشقا جىگىرى بارلار يوقمۇ؟
ماراجىم تەمكىنلىك بىلەن قىرنى بويلاپ ئاق يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا، باشقا ئەرلەر پاكارلاپ كەتكەندەك، ئورۇقلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى. يۈزىنى ئايايدىغان بەزى ئەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا شاپاشلاپ يۈرۈشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئەمما، بىلىقتەك چاقىقان ئاق يۇلتۇز ئۇنىڭ ئالدىدا قىلچە تەمتىرەپ قالمىدى، پاكارلاپمۇ كەتمىدى، ھەتتا بىرئاز ئۆسۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاجايىپ ئىش-تە!
— مەن بەسلىشىمەن! — دېدى ماراجىم، — مۇرتاج، سەن ھەربىرىمىزگە ئۈچ چامدىن ئۆلچەپ بەر!
شۇ چاغدا مەن ئاق يۇلتۇزغا يەنە قارىدىم. ئۇنىڭ قوۋۇزىغا يەنە مەن تولا كۆرگەن قىزىللىق يۈگۈردى-دە، بىردەمدىلا غايىب بولدى.
— سەن يېڭىپ چىقساڭ، سېنى بىرنى سۆيۈپ قويسۇن؛ ئۇتتۇ-

رۆپ قويساك، ئەر دېگەن نامىغا داغ تەگسۇن،... — كەمىرىنى ئۇتتۇرۇۋاتقان قۇدىمىز بېيىتتىن بىر مىسرا شىپى كەلتۇردى.

— ئەر دېگەن نام كەمەرگە ئوخشمايدۇ. ئۇتتۇرۇۋاتقاندىكىن تۇگەيدۇ. ئۇنى يېڭىلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى بىرى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— جانانغا پالۋانمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ دېگەن گەپ بارغۇ، — دېدى ماراجىم بىردىنلا جانلىنىپ، — باشقا كەلگەننى كۆرەي. ئاق يۇلتۇزغا ئۇتتۇرۇشمۇ بىر شەرەپ، مەن ئۇنى مۇكاپات ئورنىدا كۆرىمەن.

— ماراجىم، ئۇنى كاتتا مۇكاپات دېگىلى بولماسمىكىن، — دېدى ئاق يۇلتۇز. ئۇنىڭ كۆركەم لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— قانداق بولسا، شۇنداق بولسۇن،... — ماراجىممۇ كۇلۇمسىرىگەندەك قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن قايغۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دولىسىدىن ئورغىقىنى ئالدى، كۆزلىرىمۇ ئويناپ كەتتى:

— ئاق يۇلتۇز، ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق ـ ھە! سەن يانساڭ، مەنىمۇ ئۆچۈپ قالمايمەن...

ماراجىم بۇدا تازا كەلتۇرۇۋالدى! بۇ گەپ ماڭا چۇشىنىشلىك ئىدى. مېنىڭچە، باشقىلار بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. كىشىلەر مۇسابىقىنىڭ شەرتى ھەققىدە قىزغىن مەسلىھەتلەشتى.

— ھەركىم ئۆزى ئورغان بۇغداينى ئۆزى باغلامدۇ؟ — دەپ سورىدى نىسا ھامام.

— ئۆزى باغلايدۇ، ئۆزى باغلايدۇ!

— ئورغىنىنى ئۇدۇللۇق باغلاپ ماڭسۇن!
— ياق! ئاۋال ئورسۇن، ئاندىن باغلىسۇن.
— ھەي، خالايىق! ئۇلار قانداق قىلىشنى لايىق كۆرسە، شۇنداق قىلسۇن!
— ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويايلى، ئىشقىلىپ كىمنىڭ ئاخىرقى باغنى ئاۋال باغلاپ بولۇشىغا قارايدىغان گەپ!
بۇ چاغدا چوڭ ئاكام مۇرتاج ئۈچ چامدامدىن ئىككى پارچە يەرنى ئۆلچەپ، ئوتتۇرىسىغا بۇغداينىڭ غولى بىلەن بەلگە سالدى. ئاندىن ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا ئۆتۈپ، يەنە شۇنداق بەلگە سالدى. قالغان ئەرلەر ئارغامچىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاپ، ئۇ باشتىكى يەتكۈدەك ئۈچ تال ئارغامچا قىلدى ۋە ئۇنى سېلىنغان بەلگە بويىچە ئۇ باشتىن بۇ باشقا تارتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇغدايلىق تەپمۇتەك ئىككىگە بۆلۈندى.
مۇسابىقە باشلىناي دەپ قالدى. مەنغۇ ئاق يۇلتۇزدىن غەم قىلمايتتىم. ئۇنىڭ ئورمىنى ناھايىتى تېز ئورىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. غەم قىلىدىغىنىم ماراجىم ئىدى. دۇرۇس، ئۇمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت ئىدى، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ چىتلاقىنى قىزلارنىڭ كەشتىسىدەك چىرايلىق توقۇۋېتەتتى. ئۇ ئوتنى مەسچىتنىڭ قۇببىسىدەك رەتلىك ۋە سىلىق باساتتى. ئۇ ياسىغان ۋە سىرلىغان دېرىزە قاپقىقى بەش كۈنلۈك يەردىن ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتاتتى. ھەتتا ئورمانلىقتىن ئوتۇن ئەكەلسىمۇ، ھارۋىغا ئەرۋەڭ-سەرۋەڭ باسماستىن، شۇنداق رەتلىك باساتتى. ئۇ ئاككوردېيوننى شۇنداق ئوبدان تارتاتتىكى، ئۇنى مەن دېمىسەممۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ ئۇرمىغا قانداقراق تۇر؟ ئاق يۇلتۇز ئۆتتۇرۇپ قويىسىغۇ ھېچنېمە بولمايتتى. ئۇ ئايال ـ دە. بىراق، ماراجىم ئۆتتۇرۇپ قويسا، پۈتۈن كەنتنىڭ رەسۋاسى چىقاتتى. ھەي ي ي...بۇ ئويىنىشىدىغان ئىشمۇ؟ بىراق، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاق يۇلتۇزنىڭ يېڭىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئەجەبا ئاياللار ئۇتتۇرۇشقىلا يارالغانمىدى؟

ــ قېنى ئەمسە، باشلاڭلار! ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭلار پوتلاڭلارنى ئېقىتىپ يۇرمەسىلەر! ــ دېدى دادام.

ئاق يۇلتۇز بىلەن ماراجىم ئوتتۇرىدىكى ئارغامچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياندىشىپ تۇردى. بۇ ئىككىيلەن ساپسېرىق بۇ كۆلدە بىر ـ بىرىنى سۇنىڭ تەكتىگە ئىتتىرىشەرمۇ، ياكى بىر ـ بىرىنى قۇتقۇزۇشارمۇ؟ مەن ئىككىلىسىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم، چۈنكى ھەر ئىككىسى مېنىڭ ئادىمىم ئىدى. ئۇلارنىڭ مەخپىيىتى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى. بۇ مەخپىيەتنى ئەمدى ھېچكىمگە دەپ بەرمەيمەن. ئۇنى بىرى مەن بىلىمەن، يەنە بىرى چوڭ ئانام بىلىدۇ...ھەي، ئۇلار نېمىشقا ياندىشىپ تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇرمىچىلار بىر ـ بىرىدىن نېرىراق تۇراتتىغۇ، چۈنكى ئۇرمىنى ئوڭدىن سولغا باقتۇرۇپ ئۇرىدىغان گەپ ـ تە. بۇ ماراجىممۇزە، تازا...ئوڭ ـ سول بىلەنمۇ چاتىقى يوق، تەتۈر تۇرۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان. ئۇنداق قىلسا، خەق زاڭلىق قىلمامدۇ!؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا تۇۋلاپ، يادىغا سېلىپ قويغۇم كەلدى، بىراق تۇۋلىمىدىم.

ــ ئاق يۇلتۇز، قېنى ئاۋال سەن باشلا، ــ دېدى ماراجىم.

ئاق يۇلتۇز ئۇرغىقىنى ئوينىتىپ قويۇپ، بىر تۇتام بۇغداي ئورۇدى. كېيىن تۇتاملاپ ـ تۇتاملاپ ئورۇپلا كەتتى...ئورغاق ئۇنىڭ

ئوڭ قولىدا شۇنداق تېز پىرقىرايتتىكى، ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ۋال-ۋۇل قىلىپ يالتىرىغىنىلا كۆرۈنەتتى، تۇتام-تۇتام قارا بۇغدايلار ئورغاقنىڭ رىتىمىغا تەگىشكەش بولۇپ پىرقىراپ ئۇسۇلغا چۈشەتتى-دە، ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ سول قولىغا يۆگىلەيتتى. بىر قۇچاق ئورۇلغاندىن كېيىن، ئورغاق بىلەن يىغىپ ئارقىغا تاشلايتتى-دە، يەنە ئالدىغا باقتۇرۇپ ئورۇۋېرەتتى. ئورغاق يەنە ئۇسۇلغا چۈشتى، قارا بۇغدايلارمۇ ئورغاققا تەگىشكەش بولۇپ ھەم سەكرەپ، ھەم پىرقىراپ يەنە ئۇسۇلغا چۈشتى. ئۇ بىر سول بۇغداينى بىردەمدىلا ئورۇپ بولدى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا چىڭگىلىك ئىككى ئۆرۈم چېچىدىكى كۈمۈش بېزەكلەرنىڭ جىرىڭلىغانلىقىلا بەزىدە ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ بېشى يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى بۇغدايلارنى تۇتاملاپ ئولتۇرمايتتى، بۇغدايلار ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا يۆگىلەيتتى، ئۇ ئالقىنىنى يىغىپ-ئېچىپ بەرسىلا بولاتتى. يالت-يۇلت قىلىپ تۇرغان ئورغاق جان كىرىپ قالغاندەك بارغانسېرى بەك پىرقىرايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇنى توختىتىۋېلىشمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمىسە كېرەك...بۇ ئورمىغا ئەمەس، بەئەينى ئات بەيگىسىگە ئوخشايتتى. كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن زادىلا ئۈزەلمەي قالدىم، لېكىن ئۈزمەي بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەم بار-دە!

ماراجىمىنىڭ سولخاي ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، ئۇ قىلىچتەك يوغان ئورغىقى بىلەن قارشى تەرەپكە باقتۇرۇپ چوڭ-چوڭ تۇتاملاپ ئورۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياغاچ گۈرجەكتەك يوغان ئالقىنى ھەقىقەتەنمۇ كارامەت ئىدى، ئۇنىڭ بىر دودا تۇتامىلىغان بۇغدىيى

يېردىم باغ كېلەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سەل ئاستىراق بولغىنى بىلەن، ئورغاقنى بىر پىرقىراتسىلا بىر قوچاق ئوروپ بولاتتى. ۋاي-ۋۇي، ئالپامىشنىڭ① ئۆزىلىغۇ بۇ!

ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئارغامچىنىڭ قېشىدا ئاندا-ساندا دوقۇرۇشۇپ قالاتتى. دوقۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ، بىردەمدىلا يەنە بىر-بىرىگە قارشى يۆنىلىشنى بويلاپ كېتىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، بىر-بىرىگىمۇ قاراشمايتتى، بەزىدە پەقەت دوقۇرۇشۇپلا قالاتتى-دە، يەنە ئايرىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ قاراشمىغىنى ئوبداندۇر بەلكىم، ماراجىمىنىڭ ئاق كۆڭلىكى ھۆل بولۇپ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتتى. دەسلەپتە يوپۇرماقچىلىك يەر ھۆل بولغانىدى، كېيىن دۈمبىسى لىپپەزگىچە چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. ئاق يۇلتۇزنىڭ دۈمبىسىدە تەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇداغا شۈكۈر. ئۇ كېيىنمۇ تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن. بۇنداق چىرايلىق چوكان سېسىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ سۈپىتىگە ماس كەلمەيدۇ-دە. بىزنىڭ ئاختا ئېتىمىزنىڭ بەك يۈگۈرۈپ، تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرسەملا ئىچىم ئاغرىيتتى.

ئۇلار يېرىمىنى ئوروپ بولغىچە ئۇ بىر تۇتام ئورۇسا، بۇمۇ بىر تۇتام ئوروپ، ئۇ بىر ئورغاق سالسا، بۇمۇ بىر ئورغاق سىلىپ دېگەندەك تەڭ ماڭغانىدى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئاق يۇلتۇز ماراجىمدىن ئېشىپ كەتتى، باشتا بىر قەدەم، كېيىن ئىككى قەدەم ئېشىپ كەتتى.

شۇنىڭغىچە تىنىقنى چىقارماي مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان كىشلەرنىڭ،

---

① ئالپامىش — باشقىرت خەلق داستانىدىكى پالۋان.

بەزىلىرى خۇشال بولۇپ، بەزىلىرى ئەنسىرەپ تۇرۇشقاندى. بەزى-
لىرى ئاق يولتۇزغا مەدەت بېرەتتى:
— پاھ، يېڭى كىلىنچەكنىڭ پەيزى بار ئىكەن جۇمۇ! ئۇ بەئەينى
گۆھەر ئىكەن!
— بۇ مۆرىمەس ھەمزە ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن...
— ھۇي قاشقى ئوغلاق، ئۇنى ئوبدان ئاسرا جۇمۇ! — ھەمزىگە
يېڭىدىن "قاشقى ئوغلاق" دېگەن لەقەم قويۇلغانىدى.
يەنە بەزىلەر ماراجىمنى ئالدىراتقىلى تۇردى:
— ھەي، ئاككوردىيونىنى تارتقاندىكىدەك، توپچىنى تېزرەك
باس!
— ئۇتتۇرۇپ قويساڭ سەتچىلىكتە ئۆلگىنىڭ شۇ!
— ئاغىنىلەر، ئالدىرىماڭلار! ئىت ئېيىق ئاستا ماڭغىنى بىلەن،
جۇرنى ئالالايدۇ ئەمەسمۇ!
— بۇ جۇرنىڭ قۇيرۇقى يوق، سەن تۇتالمايسەن! — بىرى سەت
گەپمۇ قىلدى. بەزىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نىسا ھاما چىداپ
تۇرالماي، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە سەت گەپ قىلغان ئادەم-
نىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى:
— ھۇي ئىپلاس! بەچچىغەر لوكچەك! شۇنداق بىر بەلەن ئىشنى
مەدھىيە ئاڭلىغاندىكىدەك جىم ئولتۇرۇپ، چىرايلىقچە كۆرىدىغان.
ماۋۇ ھاڭگىلارنىڭ ئاغزىنى كالچايتىپ ھاڭراشقىنىغا قارىمامدىغان!
ھۇي بەچچىغەرلەر، بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كۆرۈشكىنە! — ئۇنىڭ
ئاۋازى بىردىنلا يۇمشىدى، چىرايىمۇ ئېچىلدى، — قالتىس كاتتا ئىش
بۇ! كۆز تېگىپ كەتمىسۇن يەنە! بۇ دېگەن گۈزەللىك بىلەن كۈچنىڭ
مۇسابىقىسى. بۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى كۆرۈش ئادەمگە ئۆمرىدە بىرلا

قېتىم نېسىپ بولىدۇ، شۇنىمۇ تەلىيى بار ئادەم كۆرەلەيدۇ تېخى... شۇڭا ئوبدان كۆرۈۋالىدىغان. ھۇ ئىزا تارتمايدىغان قىلىنلار، سەنئەتنىڭ ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگەندىكىدەك قىلىشىۋاتقىنىنىڭنى!..

نىسا ھامما شۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، مۇسابىقە باشقىچە تۈس ئالغاندەك، ئۇنىڭغا باشقىچە مەزمۇن قوشۇلغاندەك بولدى. "بۇ دېگەن گۈزەللىك بىلەن كۈچنىڭ مۇسابىقىسى!..." بۇ ئىككىسىدىن قايسى يېڭىپ چىقار؟ كىشىلەر خۇددى مەدھىيە ئاڭلاۋاتقاندەك جىمىپ قالدى.

"جۇر" ئاۋالقىدەكلا ئىككى قولىنى توختىماي پۇلاڭلىتىپ، سېھىرگەرلىك قىلىۋاتقاندەك قاتار-قاتار قارا بۇغدايىنى يەرگە ياتقۇزۇۋېتىپ، باشقا چىقاي دەپ قالغانىدى. ئۇ گويا بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن ۋە شۇ بۇغدايدىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھىرگەرلىكىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قىلىۋاتاتتى. ماراجىممۇ سار قانىتىنى قاققاندەك، قۇچاق-قۇچاق بۇغدايلارنى ئارقىغا تاشلاپ باراتتى. ئاق يولتۇز ئاخىرقى بىر تۇتام بۇغدايىنى ئورۇپ بولۇپ، پىررىدە ئۆرۈلۈپ ئارقىغا قارىدى. ماراجىمنىڭ يەنە ئۈچ-تۆت قەدەم كەلگۈدەك بۇغدىيى قالغانىدى.

ئەمما، مۇسابىقە تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئاخىرقى باغنى كىم ئاۋال باغلاپ بولسا، شۇ ئۇتۇپ چىققان بولاتتى. مانا، ئاق يولتۇز باغ باغلاشقا چۈشتى. ئۇ باغلىقنى ئوبدان ئېشىپ، پىششىق چەگكەندىن كېيىن ئارقىغا تاشلاپ تۇردى. ئۇ چىڭ تارتىپ باغلىغان باغلار خۇددى كۈلۈپ تۇرغان قوچاقلا ئوخشايتتى. ماراجىم بۇنداق ئىشلارغا تېخىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ باغ باغلاشقا خېلى كېيىن تۇتۇش قىلغانلىقىغا قارىماي، يېرىمىغا كېلەي دېگەندە ئاق يولتۇزغا

يېتىشۋالدى. دۇرۇس، ئۇنىڭ باغلىقى چوڭ ئىدى. باغلىق چوڭ بولغاندىكىن، ئىشنى ئاينىتقىلى ھەم تېزلەتكىلى بولاتتى. لېكىن ماراجىم يېتىشۋېلىشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلمىدى، بەلكىم ئۇ: "مېنىڭ ياغاچ گۆرجەكتەك يوغان قوللىرىمنىڭ كۈچى بار-دە" دەپ ئويلىغاندۇ. شۇڭا ئۇ بەك كۈچەپ كەتمىدى. ئۇلارنى تەڭ باغلاپ بولدى دېيىشكە بولاتتى. بۇغداي باغلىنىپ بولاي دەپ قالغان چاغدا، ماراجىمنىڭ باغلىغىنى ئاق يۇلتۇزنىڭكىدىن ئىككى-ئۈچ باغ ئېشىپ كەتكەنىدى، لېكىن ئاق يۇلتۇز ھەش-پەش دېگىچىلا يېتىشۋالدى. 40-50 جۈپ كۆزنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆز بوياش چىلىق قىلمىدى، ھېچكىم-ھېچكىمنىڭ بۆكىگە جىگدە سالمىدى.

ئۆتكىنىگە ئۇزاق زامان بولغان شۇ ئىشنى ھازىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، مېنىڭ كاللامغا شۇنداق خىيال كىرەتتى: مۇسابىقە باشلانغاندا ئاق يۇلتۇز بەلكىم ئۇتتۇۋالسام ماراجىمنى ئىزاغا قويىمەن؛ ئۇتتۇرۇپ قويسام، ئۆزەم رەسۋالىشىمەن دەپ ئويلىغاندۇ. ئۇ ئەپتىدىن ھېچ بولمىغاندا ماراجىمغا رەھىمسىزلىك قىلماي، ماراجىمنى ئۆزەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماي دېگەنىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ باشقا ئويلىغىنى باردۇر بەلكىم... ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى تۈۋى يوق ھاڭغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھاڭدا نېمە بارلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟

ئاق يۇلتۇز ئاخىرقى باغنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن، ئېگىز كۆتۈرۈپ ماراجىمغا ئاتتى. باغ ماراجىمنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. دەل شۇ چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي ئاخىرقى باغنى باغلاۋاتقان ماراجىممۇ ئاق يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا باردى-دە، ئۆزى باغلىغان

www.uyghurkitap.com

يوغان بىر باغنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى. ئاندىن بىشىنى سىلىپ، گەپ قىلماي جىم تۇردى. ئاق يۇلتۇزنىڭ لەۋلىرىدە يەنە سىرلىق، ئەمما يىقىملىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ چىچگۈۋالغان چىچىنى يىشىپ ئارقىغا تاشلىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئىتىكىنى چۇشۇردى. ئاندىن ماراجىمنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— راست ئوغۇل بالا ئىكەنسەن، ماراجىم،... — دىدى.

ھەممەيلەن قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋىدى، «مەدھىيە ئاڭلاۋاتقان» چاغدىكى جىمجىتلىق بۇزۇلدى. ھەممەيلەن خۇددى ئۆزلىرى ئۇتقاندەك بىر ئۇھ دەۋالدى. كىشىلەر يېنىك بىر نەپەس ئىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاجايىپ ھوزۇرلىنىپ كەتكەندى.

— ئۇلار قالتىس ئىكەن جۇمۇ! ھەقىقەتەن نوچىكەن! — دەپ ماختاپ كەتتى قىزىل ساقال قۇددىمىز.

— ئۇلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىكەن، — دىدى بىر چوكان.

دادام ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئىنتايىن مۇھىم گېپى باردەك قىلاتتى. ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ سىيرىپ قويىدى. ئۇ ساقىلىنى تۇتاملىغان چاغلىرىدا ئىلھامى كېلەتتى-دە، ئىنتايىن دانا گەپلەرنى قىلاتتى.

— ھەر ئىككىڭلار ئۇتۇپ چىقتىڭلار، — دىدى ئۇ، — ئۇتقاندىمۇ ئىنتايىن پەيزى ئۇتتۇڭلار. پەيزى ئۇتقاندىكىن، مۇكاپاتىمۇ تازا پەيزى بولسا بولاتتى، ئەپسۇسكى، مەندە ئۇنداق ئىمكان نەرسە يوق. سىلەر ياش، قابىل، سىلەرنىڭ پەيزىڭلار بار. سىلەرنىڭ مۇكاپىتىڭلار ئۆزەڭلار شۇ. سىلەر مېنىڭ بۇدا ئورمامىنى قىزىتىپ بەردىڭلار، غەيرەت قىلدىڭلار. بۇ كاتتا ئىشنى بىز ئۆزاققىچە ئۇنتۇپ قالمايمىز. رەھمەت ساڭا، كېلىن بالام! رەھمەت ساڭا ماراجىم!

قاراڭلار، دادامنىڭ گېپىنى، نېمىدېگەن قىزىق-ھە! بۇ نېمە قىلغىنى؟ تەشەككۈر ئېيتقىنىمۇ، ماختىغىنىمۇ ياكى قايىل بولغانلىقىـ مۇ؟ بىراق، مەن دادامنىڭ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ دەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بولدىلا! ماڭا نېمە بولغاندۇ: باشقىلار كۆرمىگەن ئىشنى مەن كۆرۈپ قالىدىكەنمەن؛ باشقىلار ئاڭلىمىغان گەپنى مەن ئاڭلاپ قالىدىكەنمەن. ئەقلىمدىن ئازدىممۇ-يا؟

كېيىن ھەممەيلەن قىرنى بويلاپ يوپۇرۇلۇپلا كېلىپ، بىر پارچە بوغدايلىقنى ھەش-پەش دېگىچىلا ئوروپ بولدى. بىزنىڭ ئورمىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ھەرقايسىڭىزلار "كىچىككىنە بىر دۈمچەك، بېلى ئەگرى باشقىچە، سوپ-سورۇپ بولار ئېتىزنى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە" دېگەن تېپىشماقنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار، بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى ئەنە شۇ.

كەچلىك ئولتۇرۇشتا، كىشىلەر ھويلىدىكى چىملىققا سېلىنغان گىلەملەردە ئولتۇردى، ماراجىم بىلەن ئاق يۇلتۇزمۇ بىر داستىخانغا كېلىپ بىر-بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇردى. مەن ئوچۇق كەپىنىڭ ئۈستىدە ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇردۇم. ماراجىم يا يېمەي، يا ئىچمەي، كىچىچە ئاككوردىيون تارتىپ چىقتى. ئۇ ئاككوردىيوننى نېمىدېگەن مۇڭلۇق تارتىدۇ-ھە! ئۇ ئىلگىرى ھېچقاچان مۇنداق تارتىپ باققان ئەمەس. بىر تۇرۇپ بىر غايىبانە ئىللىق نۇر قەلبىمنى يورۇتۇۋاتـ قاندەك، بىر تۇرۇپ بىر يالقۇن كېلىپ كۆكرىكىمدىن ئۆتۈپ، يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم بىردەم خۇشاللىقتىن تېپچەكلەپ ئويناپ كېتەتتى، بىردەم ھەسرەتلىنىپ دۈپ-دۈپ قىلىپ سوقاتتى. پىغانلىق كۈي مېنىڭ دىمىمنى سىقىپ، نەپسىمنى كېسىۋەتتى. تۈگەشتىم، تۈگىشىدىغان بولدۇم، نەپسىم سىقىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆلىدىغان بولدۇم!... دەل شۇ چاغــدا، يەنە شوخ مۇزىكا ياڭراپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدى!

دۇم كۆمــتۈرۈلــگەن ياغاچ چۆچەك ئۈســتىدىكى قارا چىراغــنىڭ خىرە نۇرىدا ماراجىمــنىڭ يۈزىنى ئوچۇق كۆرەلــمىدىم. ئاق يۇلتۇز بولسا ماڭا دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە پات-پات بېقىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە بەزىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقــنىسا، بەزىدە غەمــكىنلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى (بۇمۇ تازا قىزىق بىر ئىش-تە: مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگىنى بىلەن، ئۆزەم كۆرۈپ قالاتتىم). ئاككوردىيوندىن چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تۇرالماي قالغان ئاق يۇلتۇز ئوتتەك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، ھازىرلا ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىرقانچىسى ئاككوردىيونغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتماقچى بولغانىدى، لېكىــن بۇگۈن خۇددى خوراز بۇلــبۇلغا ئەگىــشىپ قىچــقارغانــدەك، ھېچقايىسى ئاككوردىيونغا ماسلاشــتۇرالــمىدى. ماراجــىم توساتــتىن پەدىنى بۇگۈنگىچە ھېچقايــسىمىز ئاڭلاپ باقــمىغان سۇس، ئاستا بىر ئاھاڭغا يۆتــكىدى، ئۇ شۇ پەدىــدە تارتىپ بولغانــدىن كېيىن، يەنە باشتىن تارتتى. شۇ ئەسنادا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى: ئاق يۇلتۇز كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتــىدىغان يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىۋەتكەنىدى. ھەممىمىز بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇنىڭ تۇنجى ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭــلاپ ھەيران قالدۇق .بىزنىڭ بۇ يەرلىك خەقلەر ناخشا ئېيتىشــقا ئامراق ئىــدى. ھەتــتا بەزىــلەر گەپ قىلىشــتىن ئىــزا تارتــقىنى بىلەن، ناخشىــنى يۈرەكلىك ئېيتاتتى. ئاۋازى ئوبدان چىقــسىمۇ، چىقــمىسىمۇ چاتىقى يوق توۋلاۋېرەتتى.

ئاق يۇلتۇزنىڭ ناخشىسى شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، ھەتتا شىركەيىپ بولۇپ، ھېچكىمنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن، تىلنى چايناپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئەرلەرمۇ شۈك ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلىدى. ئاق يۇلتۇزنىڭ ناخشىسى كېچە ئاسمىنىدا خۇددى ئاچا شەكلىدە سەپ بولۇپ، يىراققا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غازلاردەك لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ياقا يۇرتتا ياڭراۋاتقان بۇ ناخشىلار جاما دەرياسىنىڭ ئۈستىدىن تەرىپىگە جايلاشقان يۇرتىغا — ئۆز ماكانىغا كېتىۋاتامدۇ-يە؟ بوپتۇ، ئۇ كېتىۋەرسۇن.

دۇنيادا ئۇنىڭ ناخشىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان، توسۇپ قالالايدىغان ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ئەمما، قۇلاق سېلىڭ، ئۇ ناخشىلار كەلمەسكە كەتمەستىن، يەنە قايتىپ كەلدى. مەن كەپە ئۆگزىسىدە ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆردۈم.

قىز يۇيىدۇ يىگىتىنىڭ كۆڭلىكىنى خۇش بولۇپ،
سىلىغاندەك يارىنىڭ باش-كۆزىنى زوقلىنىپ.
قوشنا تامنىڭ بوسۇقىغا تەلمۈرىدۇ كۈن بويى،
ئازابلىنىپ يۈرىكى ئۆرتىنىدۇ تۈن بويى.

گۈزەل ئاق يۇلتۇز بىرپەس تووۇلىغاندىن كېيىن، بېشىنى سالغىنىچە بىرھازاغىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاق يۇلتۇزنىڭ بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئېيتقان تۇنجى ناخشىسىمۇ، ئاخىرقى ناخشىسىمۇ شۇ ئىدى. كېيىن، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەردىنىمۇ، خۇشاللىقىنىمۇ ناخشا بىلەن ئىزھار قىلمىدى.

ئاق يۇلتۇز ناخشا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلتۇرۇشنىڭ پەيزى قالمىدى، يەنە ناخشا ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئېيىشىقىدۇ قاملاشمىدى، ئاككوردىيوننىڭ ئاۋازىغا ماس كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئاستا-ئاستا تارقىلىشىپ كەتتى. قاتتىق كەيپ بولغانلار يەنە بىرپەس ئولتۇرۇپ، زاڭلاشقاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتتى. قايناق بىر كۈن شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى...

ماراجىم تاڭ ئەمدى سۈزۈلگەندە كەنتتىن ئايرىلغانىدى. ئۇ بىر پارچە بولكىنى ئېلىپ، ئاككوردىيوننى دۈمبىسىگە ئارتىپلا يولغا چىقتى. ئۇ خوتۇنىغا: "مەن سىرتقا چىقىپ بىرەر ئىش-كۈش تېپىشقا كېتىۋاتىمەن. دەماللىققا قايتىپ كېلەلمەيمەن" دېگەنىدى. ماراجىم كۆز ۋە قىش كۈنلىرى ھەمىشە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ كېلىدىغان بولغاچقا، خوتۇنىمۇ ئەجەبلەنمىگەن ۋە: "ماقۇل، تىنچ-ئامان قايتىپ كېلىڭ، قالغان بۇغدايىنى ئۆزەم ئورۇپ ئالالايمەن. ئەمما بىر كېتىپلا يوقاپ كەتمەڭ، مېنىڭ بويۇمدا بار..." دېگەنىدى. زەڭگى جۇماقۇلنىڭ خوتۇنى چىتنىڭ كەينىدە تۇرۇپ شۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. كېيىن، ماراجىم دەرۋازىدىن كوچىغا چىقماي، قازناقنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ، كۆكتاتلىق بىلەن ماڭغاندەك قىلدى. ئۇ جارىيام بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە بېرىپ خېلى ئۇزاق تۇرغان، ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، كەنتكە قاراپمۇ قويماي ئوتلاق تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالغانىدى. بۇلار كىمنىڭ كۆزىگە چېلىققان، كىمنىڭ دىققىتىنى تارتقاندۇ؟...

بىر ھەپتە ئۆتتى. بىر ئايمۇ ئۆتتى. كەنتتە قاغا-قۇشقاچتىن باشقا ھېچقانداق ئۇچار قانات قالمىدى، نۇرغۇن قۇشلار ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كەتتى. تالا-تالا ئۈمۈچۈك تورلىرى ئاسماندا يەلپۈنۈپ،

ئىللىق باش كۆزنى ئۆزگىچە تۇسكە كىرگۈزدى.

لېكىن، ماراجىمىدىن خەتىمۇ كەلمىدى، ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنىمۇ ئۇققىلى بولمىدى. قىش يېقىنلىشىپ، كىشلەر غازلىرىنى بوغۇزلاپ كەنتنى پەر-پەيلەر قاپلىغان چاغدىلا، ئۇنىڭدىن ئىككى ئىللىك خەت كەلگەنىدى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ ساق-سالامەت تۇرغانلىقىنى ئېيتقاندىن باشقا، يەڭگىش ئالدىدا تۇرغان خوتۇنىغا: "ئوغۇل تۇغساڭ، قانداق ئات قويساڭ مەيلى؛ قىز تۇغساڭ ئاق يۇلتۇز دەپ ئات قويغىن" دەپ تاپىلىغانىدى. خوتۇنى ئېرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا خىلاپلىق قىلمىدى. ئۇ 1-ئاينىڭ جۇدۇنلۇق بىر كۈنى بىر قىز تۇغدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئاق يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. بىلىشىمچە، بۇ تەييار ئاتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىككىنچى بالا ئىدى. ئېسىمدە بولسا، بىرىنچىسى زەڭگى جۇماقۇلنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىدىن ئالدىدا تۇغۇلغىنى ئىدى. كىچىك ئاق يۇلتۇزغىمۇ چوڭ ئانامنىڭ كىندىكئانا بولغانلىقىنى دەپ ئولتۇرمىسامۇ بولار. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىشلارغا داخىل بولمايدىغان بولدۇم.

بىز ھەر كۈنى چوڭ ئاق يۇلتۇزنىڭ سۇ توشۇپ، ئۇلاق سۇغىرىپ، ئوتۇن يېرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. بەزىدە ئۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن يەڭگەم بىكانى ئىزدەپ كېلەتتى. ئۇ بۇرۇندىدەكلا ئوچۇق ھەم مۇلايىم ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كىشنى مەس قىلىدىغان كۈلكىسى نەلەرگە كەتكەنلىكىن-تاڭ. ئاق يۇلتۇز ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك جان دوستىغا مۇنۇ بىر مەخپىي گەپنى ئېيتقانىمىش (گەپ يېيىلىپ كەتكەنىدىكىن، ئۇنىمۇ ئانچە ئىشەنچلىك دېگىلى بولمايدۇ-دە): "ئۇ، مەن كەتسەملا ئىككىلىمىز دەرد-ئەلەمدىن خالاس بولىمىز دەپ كېتىپ قالغان بولسا كېرەك... نەدىكىنى،

بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئازابلاندىم، بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق قىينالدىم. بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتاي...! مەيدەمدىكى يۈرەك ئەمەس، بىر پارچە چوغ دېگىنە، چوغ. يەنە قاچانغىچە چىداپ تۇرارمەنكىن-تاڭ. لېكىن چىدىماي بولمايدۇ. مەن ئۆزەم هايات بولغىنىم بىلەن، يۈرىكىم ئۆلىدىغان بولدى-دە." بۇ گەپلەرنى ئاق يۇلتۇز ئۆزى قىلمىغاندۇ. بەلكىم باشقىلار ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قىلغاندۇ. لېكىن، بۇ ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇغانلىق ئەمەس... ئاق يۇلتۇز مۇنداقمۇ دېگەن بولسا كېرەك: "بەزىدە ئۇنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىگە لەنەت ئوقۇيتتىم، ئەمما ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلاتتىم. لەنەت ئوقۇۋېرىپ، ئۇنى نەس بېسىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەپ، خۇدانىڭ ئۇنىڭغا پاناھ بولۇشىنى تىلەيتتىم..." دەرد-ئەلەمدىن يۈرەك-باغرى لەختە-لەختە قان بولغان ئاق يۇلتۇزنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغان مەخپىيىتى شۇ ئىدى. مەخپىيەتنىڭ قانىتى ناهايىتى تېز پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ قەپەزدىن چىقىسلا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە پۈتۈن كەنتنى ئايلىنىپ بولاتتى. شۇ قاناتنىڭ بىر پېيى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ چۈشكەنىدى. لېكىن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئاق يۇلتۇزنىڭ بىر ئېغىزمۇ غەيۋىتىنى قىلمايتتى، هېچقانداق يامان گېپىنى قىلمايتتى. ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك خەيرىخاهلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ئاق يۇلتۇز بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى-دە، چىمىلدىقنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ يەڭگەم بىكا بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. بۇدا ئۇ ماڭا ناهايىتى غەمكىن كۆرۈندى. كېيىن يەڭگەم ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە چوڭ ئانام بىلەن مەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ئىشكىنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن، چوڭ ئانام خۇددى يۈرىكىدە ئوت

كۆيۈۋاتقاندەك تىترەك ئارىلاش ئىغىر بىر ئۇھ تارتتى.

— چوڭ ئانا، نېمىشقا ئۇھ تارتىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ گەپ-سۆز قىلماي دېرىزىدىن يىراقلارغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ:

— 13 ياشقا كىرىپ قالدىڭ بالام — دېدى ئۇ، — ياش قۇرامىڭغا يېتەي دەپ قالدىڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپ كۆردۇڭ. مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېھتىمال چۈشىنەلەيسەن. گېپىمگە قۇلاق سال... بالا ئانىسىدىن تۇغۇلغاندا، ئۇنى پەقەت يېرىم ئادەم دېيىشكىلا بولىدۇ. مەن ھەر قېتىم تۇغۇت قوبۇل قىلغاندا، پۇت-قوللىرى تەل، باش-كۆزى جايىدا، ساپ-ساق بالا تۇغۇلسىلا، مېنى غەم باساتتى-دە، ئىچىمدە: "ھەي، بىچارە بالا، كەلگۈسىدە قالغان يېرىمىڭنى تاپالار-سەنمۇ؟ خۇدايىم تېپىشقا نېسىپ قىلسۇن..." دەيتتىم. ئەگەر بەختسىز كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن تېپىشىپ، بىرتەنۇ بىرجان بولۇپ كېتەلمىسە، ئاسماندىن يەرگە توختىماستىن كۆز تاشلاپ تۇرسىمۇ، بىر-بىرىنى كۆرەلمىگەن سانسىز يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەختسىز كىشىلەرنى خۇدايىممۇ قوشۇپ قويالمايدۇ، بولمىسا بۇ دۇنيادا بۇنچە كۆپ غېرىب بىچارىلەر بولمىغان بولاتتى. ئاق يۇلتۇز بىلەن ماراجىمغا ئوخشاش... ئىككى يېرىم ئادەم قوشۇلۇپ بىر ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇلار ۋاقتىدا تېپىشالمىغاچقا ھازىر بىئارام بولۇۋاتىدۇ، بىر-بىرىگە شۇنداق تەشنا بولغىنى بىلەن، مۇرادىغا يېتەلمەي، قاتتىق پەرىشان بولۇۋاتىدۇ.

مەن گەرچە "ياش قۇرامىمغا يېتەي دەپ قالغان" بولسامۇ، چوڭ ئانامنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. بۇ گەپلەر دىلىمغا چۈشتى، ئەمما مېڭەمگە چۈشمىدى.

بۇ ئىچىنىشلىق گەپنىڭ مەنىسىنى نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، كۆرمىگىلىغان بەختسىز كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىپ، بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتۈپ، ئۆمۈر بويى تېگىگە يېتىشكە تىرىشىپ، ئاخىر ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن چۈشەندىم. شۇنىڭغىچە يۈرەك-باغرىم نەچچە ئون قېتىم سەدىپارە بولۇپ، نەچچە ئون قېتىم ساقايغانىدى...

لېكىن، مەن چوڭ ئانامنىڭ گېپىنى زادىلا چۈشەنمىدىم دېيەلمەيتتىم، ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەنىدىم. مەن چوڭ ئانامدىن سىزنىڭ يېرىمىگىز نەدە دەپ سوراشقا تەمشىلىپ ئاغزىمنى ئۆمەللىدىمۇ، ئۆزەمنى تۇتۇۋالغانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۆزەمنى ۋاقتىدا تۇتۇۋاپتىكەنمەن، بولمىسا تازا مازلىشاركەنمەن! بىزنىڭ بىر دادىمىز، ئىككى ئانىمىز بارلىقى ماڭا بەش قولدەك ئېنىق تۇرسا، كىمنىڭ پۈتۈن، كىمنىڭ يېرىملىقىنى قانداق ئايرىغىلى بولىدۇ؟ بىز ھەممىمىز ئارىلىشىپ كەتكەن خەق، ھەتتا باللارنىڭ تەكتىمۇ ئوخشىمايدۇ. چوڭ ئاكام مۇرتاج چوڭ ئانامنىڭ ھەممىدىن كېيىن تۇغقان كەنجى بالىسى. سايران كەنتىگە ياتلىق قىلىنغان جانى قەمەر ئاچا چوڭ ئانامنىڭ چوڭ قىزى، ئۇ كىچىك ئانام بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ئۇ ئىككىسى بەك يېقىن. ئوتتۇرانچى ئاكام سالىخ كىچىك ئانامنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە يېرىم يېتىم ھېسابلىناتتى. شۇڭا، باشقىمىز كىچىككىنە گۇناھ قىلىپ قويساقلا تىل-ئاھانەتكە قالاتتۇق، سالىخ گۇناھ قىلسا ھېچكىم گەپ قىلمايتتى، ھەممەيلەن ئىچ ئاغرىتاتتى. باشقىلىرىمىز تىل ئاڭلايدىغان ئىشنى قىلىپ قويساق، تىل-دەشنەمگە كۆمۈلۈپ كېتەتتۇق. دېمىسەممۇ، بۇلارنى تېخى يېقىندا بىلگەنىدىم.

لېكىن، چوڭ ئانام مېنىڭ ئاغزىمنى ئۆمەللىكىنىمنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا:

— ھە، سورا، — دېدى ئۇ، — گېپىڭ بولسا دەۋەر.

مەن ھازىر چاچ قويدۇم، كىچىككىنە بىر قىزىل تاغاقمۇ سېتىۋالدىم، قش كۆنلىرى كۆپكۆك شايى شارپا يۆگەپ، ئۇزۇن قونچلۇق پېيما كىيىۋالىدىغان، ئاخشاملىرى كۆلۈبىقا پات-پات بارىدىغان بولدۇم. كىگىزچىلىك دۇكىنىغىمۇ بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىدىغان بولدۇم. ھازىر يانچۇقۇمدا كومسومولۇق كىنىشكىسى بار. ئۆز ۋاقتىدا مېنى ياراتمىغان ھېلىقى قىز ئەمدى ئۆزلۈكىدىن يېقىنلىشىدىغان بولۇپ قالغاندى. لېكىن، مەن بولسام ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. مەن مۇھەببەتتىن يۈتۈنلەي سوۋۇپ، بارلىق ئەس-يادىم بىلەن ئىجتىمائىي خىزمەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدىم. مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلاردا مەردانىلىق بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، تام گېزىتلىرىغا سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدا ماقالىلەرنى يېزىپ تۇراتتىم. ئەمما، چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا كەلسەملا، باللىقىمنى قىلاتتىم.

— ياق، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — ھېچقانداق گېپىم يوق...

— مېنى گوللىما. سەن مېنىڭدىن يېرىمىڭ نەدە دەپ سورىماقچى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچىم تىك بولدى. چوڭ ئانام جادۇگەرمۇ نېمە؟

— سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي. بىز بەندىلەر ئۆزىمىزنى باشقىلارنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى باشقىلارنىڭكىنى ئوچۇق كۆرگەندەك كۆرەلمەيمىز. بىزگە باشقىلار

قاقاس چۆلدە ياشايدىغاندەك، ئۆزىمىز ياپىيېشىل بوستانلىقتا ياشايدىغاندەك بىلىنىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ نۇرغۇن ئوي-پىكىرلىرىنى ۋە نۇرغۇن ھەسرەتلىك ئىشلىرىنى بىر باشتىن رەتلەپ چىقىشقا ھېچقاچان مۇۋەپپەق بولغان ئەمەسمەن. مەن ئۆزەمنىڭ بوستانلىقىدا گاڭگىراپ يۈردۈم...

...توغرا، داداڭ ئوبدان ئادەم. بىراق، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن يېرىمى دەپ قارىمايدۇ. بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا، مەن ئۇنىڭغا لايىق بولمىسام كېرەك. ئۇ چاغدا مەن خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان قىز ئىدىم. ئائىلىمىز كەمبەغەل بولغىنى بىلەن، دادام ئانچە بەك ئاچكۆز ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇ مېنى بولسا بولار، بولمىسا ئىزپۇلى دەپلا ياتلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەي، ئىختىيارنى ئۆزەمگە قويدى. باشتا كۆڭۈلدىكىدەك بىرەرسىنىڭ چىقىپ قىلىشنى كۈتۈپ، ئەلچىلىككە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتتىم، كېيىن، ئەلچىلەرمۇ ئۆيىمىزنىڭ بوسۇقى-سىغا دەسسىمەيدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، 24 ياشقا كىرىپ قالدىم. كەنتىمىزدىكى بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ئاقساق-چولاق، ئالغاي-قىسماقلاردىن باشقا، مېنىڭدىن چوڭلىرى قالمىدى. بىركۈنى، قاتاڭغۇر بىر بوۋاي كېلىشكەن بىر يىگىتنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلدى. بوۋاي سىنىڭ بوۋاڭ، 17 ياشلىق ھېلىقى يىگىت داداڭ شۇ. پۈتۈن ئەزايىم غۇژژىدە قىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدىم. ئىچىمدە "كۆڭلۈمدىكى ئادەمنى ئەمدى تاپتىم!" دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مېنى كۆڭلىدىكى ئادىمىم دەپ ھېسابلىمايدىغانلىقىنى شۇ ھامان بىلدىم-دە، قاتتىق ئازابلاندىم. ئەندىشەم ئاخىر توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ ماڭا كۆڭلىنى

بەرمىدى. مېنىڭ يۈرىكىملا ئەمەس، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ دەرد- پىراق چەكتى.

بىز ياش ۋاقتىمىزدا، ئورما مەۋسۇمىدە دائىم دۇپلۇق دۆڭدە قونۇپ قالاتتۇق، مەن نەچچە قېتىم كېچىسى ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەھەللىمىزگە قاچقانىدىم. شۇنداق يوگۈرە- يوگۈرە، تاڭ ئاتارغا يېقىن يەنە قايتىپ كېلەتتىم. قاچسام كۆڭلۈم بىرئاز ئارام تاپاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ- تۆت قېتىمدەك قاچتىم. بەزىدە بۆشۈكتە ياتقان بالا ئويغىنىپ كەتسە، داداڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، دالىدا چېپىپ يۈرۈپ مېنى ئىزدەيتتى، مېنى چاقىراتتى. مەن كەلگەندىن كېيىن، ھېچ ئىش بولمىغاندەك: "ياتقىن، بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋال..." دەپلا قوياتتى. مەن يىغلايتتىم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: "سىز مېنى ياخشى كۆرمىگەندىكىن، ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قارىماي كەتسىڭىز بولماتتى؟" دەيتتىم. ئۇ ھېچنېمە دېمەيتتى. مەن كۆپ يىلدىن بېرى سوراپ كەلگەن بۇ سوئالغا ئۇ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن: "سېنى ئىچىم ئاغرىپ ئالغانىدىم. شۇ يىلى يازدا ئوت چالغىلاۋېتىپ، بىر بۆدۈنىنىڭ ئىككى پۇتىنى چالغا بىلەن كېسىۋېتىپتىمەن. بىچارە بۆدۈنە قانىتىنى لەپ- لەپ قىلىپ، تىك موللاق چۈشتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا: "ئاجايىپ تاش يۈرەك ئادەم ئىكەنسەنغۇ!" دېگەندەك، ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. سېنى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىمدە، شۇ بۆدۈنىگە ئوخشاتتىم- دە، ئىچىم ئاغرىدى" دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مېنى بوزەك ئەتمىدى. ماڭا يامانلىقمۇ قىلمىدى. بىراق مېنى دىلبىرى ئورنىدا كۆرمىدى. ئىككىمىز كېلىشەلمىگەنلىكتىن، بىرتەنۇ بىرجان بولۇپ كېتەلمىدۇق. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان

نەرسە، مېنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلىقىم ئەمەس، مىجەز-خۇلقىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۇچۇن ئەمەس، پىكرىمىز ۋە خاراكتېرىمىزنىڭ ھەر خىل بولغانلىقىمۇ ئەمەس. بۇنىڭغا بىر-بىرىمىزگە جورى كەلمىگەنلىكىمىز سەۋەب بولغان... ھەركىمنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىنىڭ تايانچى بولىدۇ. لېكىن ھەممىگە ئورتاق شۇنداق بىر تايانچ بولىدۇكى، ئۇ ھەربىر بەندىگە ئۆمۈرلۈك تۈۋرۈك بولىدۇ، جىمى بەندىنى ئاپەتتىن خالاس قىلالايدۇ. بۇ تايانچ مۇھەببەتتۇر (چوڭ ئانام بۇرۇنقىدەكلا يەنە يۈزۈمنى سىلىدى). سەن كىچىككىنە قوللىرىڭ بىلەن تۈنجى قېتىم بوينۇمغا گىرە سالغىنىڭدىلا: "ئەمدى بۇ دۇنيادا ياشاشتىن قورقمايدىغان بولدۇم..." دەپ ئويلىغانىدىم.

ماراجىم يۇرتىنى سېغىندىمۇ ياكى يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆزىنى سېغىنغانلىقىنى پەملەپ قالدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ قار-مۇزلار ئېرىپ ئەگىز ئاققاندا، مەھەللىمىزگە قايتىپ كەلدى. مېنىڭ ئۇ يۇرتىنى سېغىندى دېگىنىم ئاساسسىز گەپ ئەمەس ئىدى. ئادەم، كۆپ ھاللاردا، ئارزۇ-ئىستەك تۇغۇلغاندا، دەرد-ئەلەم تارتقاندا يۇرتىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە يۇرتىغا سېغىنغاچقا يەنە قايتىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىشلار كېيىن مېنىڭ بېشىمدىن كۆپ ئۆتتى. قاپقارا ئۆتۈك كىيگەن ماراجىم بۇدا چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ھەممەيلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە كەلگەنىدى. دېرىزىگە يامىشىۋالغانلارمۇ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ئۇ ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قىزغىن سالاملاشتى، لېكىن كىملا ئۇچرىسۇن، توختىماي مېڭىۋەردى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئېيتمىدى، باشقىلارنىڭمۇ ئەھۋال سورىمىدى. مېڭىشىنىلا بىلدى.

ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئارتىۋالغان سومكىسى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، لېكىن، ئۇنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئاككوردېيونى بىر ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئاككوردېيونىدى. ئۇ شەھەرلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كىيىنىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى، ھەتتا ئاككوردېيونىمۇ چوڭىيىپ قالغانىدى.

قوياش چىقىپ، ھاۋا ئىسسىغاندا، قارلار ئېرىپ كوچىدا تەرەپ-تەرەپكە ئېقىشقا باشلايتتى، بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۆز چىتلىقىنىڭ يېنىغا يىغىلىپ قالغان قارنى گۈرجەك بىلەن ئىلاجى بار يىراققىراق ئېتىشقا تىرىشاتتى. ھەممە ئادەم باھار ئۆيۈمىگە بالدۇرراق يېتىپ كەلسە دەيتتى. مارىجىم كەلگەندە، بىز يىگىتچاقلار شۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتۇق. كىشىلەر خۇددى مەھەللىگە كەلگەن ماشىنىنى كۆرگەندەك گۈرجەكلىرىگە تايانغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ جارىيامالارنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندە، بېشىنى يېنىكلا ئوڭغا بۇرىدى. بىر پۇتى تېيىلىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۆزى سەنتۈرۈلگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە قارىغىنى بىلەنمۇ ئاق يۈلتۈزنى كۆرەلمەيتتى، ھازىر ئۇ بۇ ئۆيدە ئەمەس ئىدى... ھەمىزە ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ھەمزىلەر مۇشۇ ھەپتىدە جىلغىنىڭ ئۇ قېتىدىكى تۆمۈر تۇمشۇق مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئىشىكىمىز ئالدىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولاتتى.

مارىجىمنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇش بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ بولمىسا، نېمىشقىدۇر ئويۇن-تاماشىمۇ ئازىيىپ كېتەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت كەنت سوۋېتىنىڭ

رەئىسلا ئالماشتى. سابىق رەئىس تاشپولات بۇلتۇر كۈزدە تۈگمەن-
دىن قايتىپ كېلىۋېتىپ هارۋىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، مېيىپ بولۇپ
قالغانىدى. بۇ مەسىلىكتىن بولغان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى،
تاشپولات ئەزەلدىن هاراق ئىچمەيتتى. بۇ ئىشتىن هەيران بولغان
جامائەت: "قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت-قولىنى ساڭگىلىتىپ دېگەن
شۇ-دە!" دېيىشتى. هارۋىنىڭ ئارقا چاقى بېلىدىن بېسىپ، ئومۇرت-
قىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەچكە، هازىر ئۇ هاسىغا تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى
سۆرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي،
باهار يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئىنتايىن چىرايلىق بىر رېشاتكا ياساپ،
سىماغولىنىڭ قەبرىسىنى قاشالاپ قويدى. دېمەك، ئۇ ياغاچچىلىقنى
خېلى ئوبدان قىلاتتى.

ماراجىم قايتىپ كەلگەن كۈنلەردە كەنتنى بىردىنلا ئەنسىزلىك
قاپلاپ، هەممىلا يەر ئۆرە-تۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. بەزىلەر خۇشال
بولسا، بەزىلەر ئازابلىنىۋاتاتتى. بەزىلەرنى قاتتىق غەم بېسىۋال-
غانىدى. هەممىلا يەردە تالاش-تارتىش بولۇۋاتاتتى، هەممە ئادەم
مونازىرىلىشىۋاتاتتى. كۈلۈپتا كۈندە دېگۈدەك يىغىن ئېچىلاتتى.
يىغىن بەزىدە تاڭ ئاتاي دېگەندە تۈگەيتتى.

چوڭ ئىش — كولخوزغا كىرگۈچىلەرنى تىزىملاش باشلاندى.
بىزنىڭ ئۆيىدىمۇ قاتتىق تالاش-تارتىش بوپ بولدى. چوڭ ئاكام
مۇرتاج كولخوزغا زادى كىرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا،
ئۆزىگە تېگىشلىك مال-چارۋا ۋە تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ، ئۆيى ئايرىپ
چىقىپ كەتتى. يەڭگەمنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ بۇ تەرسانى ئېرىتەلمىدى.

— مەن هەرگىز دوسمەت "يەلقوڭ"، ئىسهاق "خەزىنە"دەك
ئادەملەر بىلەن بىللە ئىشلىمەيمەن! — دېدى ئۇ بوۋكىنى پاقىدە

يەرگە ئېتىپ، — مەن دېگەن ئىشلەيدىغان ئادەم. مەندەكلەرنى يىغىپ ئايرىم بىر كولخوز قۇرۇپ بەرسۇنچۇ، مەن تۆت قوللاپ ياقلايمەن. ھېلىقىدەك كولخوزنى ئۆزەڭلار قۇرۇۋېلىڭلار! (شۇنىسمۇ ئېيتقاچ كېتەيكى، مەيلى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بولسۇن، ھېچكىم مۇرتاجلار ئۈچۈن ئالاھىدە كول-خوز قۇرۇپ بەرمىدى. ئۇ بىر-ئىككى يىل يەككە ئىشلەپ، بارغان-سېرى گادايلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، كولخوزغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، بىزدەك قاپاقباشلار كىرد-دىغان كولخوزغا كىردى. كېيىن تېخى ئەترەت باشلىقىمۇ بولدى.)

بىزنىڭ ئۆيىدە تالاش-تارتىش تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھاماچامنىڭ يۇۋاش ھەم كەڭ قوساق ئالغاي ئېرى قارىموللا كەلدى... ئۇنىڭ ئالغاي كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى.

— ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئات-ئۇلاقسىز ئۆتۈپتىكەنمىز، ھازىر ئاتلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدىزە بارى - يوقى شۇ تەئەللۇقا-تىمنى خەققە بېرەمدىمەن؟ بۇ ھەممىمىزنىڭ خوتۇنلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ بىر يەرگە تۇپلاپ قويغاندەك ئىش ئەمەسمۇ!؟ خوتۇن قولدىن كەتسە مەيلى، ئاتنى قولدىن بەرمەيمەن! كىم ئېتىمنىڭ بىر تال قىلىغا تېگىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن جېنىمنى تىكىپ ئېلىشىمەن! — ئۇ مۇشتىنى بىر چۆرۈۋىدى، تورۇسقا ئېسىقلىق كىرسىن چىراغ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. كىرسىن ئۇنىڭ باش-كۆزىگە تۆكۈلدى.

— قويساڭچۇ كۈيوغلۇم، — دېدى دادام، — چېپچىلما، يەنە چېپچىلساڭ ئۇستى-بېشىڭدىكى كىرسىن ئوت ئېلىپ كېتىدۇ بىكار.

— ئوت ئېلىپ كەتسە، كەتمەمدۇ...، — ئۇ قولىنى سىلكىدى-دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

www.uyghurkitap.com

— بۇرۇن ئېيتىم يوق چاغدا تىنچ ئىدى. بۇ ئېيتىم ئات ئەمەس، بالا ئوخشايدۇ. مۇنداق قارىسام،...

— ئەمسە ئېيتىڭنى ئۆتكۈزۈۋەت، شۇنداق قىلساڭ قۇلىقىڭ تىنجىيدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى دادام ئۇنىڭغا.

— راست، شۇنداق قىلسام بولارمۇ-يا؟ — دېدى هامماچامنىڭ ئېرى خۇش بولۇپ، — ئاكا، راست گېپىمنى قىلسام، مەن ئۆمۈر بويى ئاتسىز ئۆتۈپمۇ ئۆلۈپ قالماپتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىڭلىڭىزنىڭمۇ ئۇلاق بېقىش بىلەن ئانچە خۇشى يوق. ئۆيىمىزنىمۇ ئۇششاق بالا بېسىپ كەتتى. تورۇكلاپ ئالما تۆكۈلگەندەك ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلۇۋەردى.

— بۇ گەپچە، هال-ئەھۋالىڭىز بەك ئوبدان ئوخشىمامدۇ... شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ يەرگە دەرد ئېيتىپ كەلگىنىڭىزنى قاراڭ، — دېدى چوڭ ئاكام مۇرتاج ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ.

ساددا قارىمۇللا بۇ گەپنىڭ تەنە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى.

— شۇنداق، مۇرتاج، دەرد ئېيتقۇدەك ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بەردى دەرھاللا خەق بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتىدىغان قارىمۇللا، — ئۆيدىكىلەر ھەممىمىز ساق-سالامەت، ھېچقايسىمىز ئاقساق-چولاق ئەمەس. — ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، دادامغا: — ماڭا قارىغاندا كاللىڭىز خېلى ئىشلەيدۇ، — دېدى، — مەن سىزگە يېتەلمەيمەن. مەن ئاتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. چىراقنى ئۆرۈۋېتىپ يامان قىلدىم. بۇمۇ مېنىڭ قاراملىقىمدىن بولدى.

هامماچامنىڭ ئېرىنىڭ چىقىشقاقلىقى ۋە گوللۇقى توغرىسىدا مۇنداق سىر ھېكايىسمۇ بار تېخى. هامماچام ياش ۋاقتىدا، بىركۈنى

كەچتە تاركوچىنىڭ ئاغزىدىكى چىتلاق تۈۋىدە بىر تەنتەك ئەر بىلەن گەپلىشىپ تۇرۇۋېتىپتىكەن، ئىبرى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ھاماچام ئۆيىگە كىرگەندە بۇ ئىشنى سوراپتۇ. ھاماچام زەردە بىلەن:

— جۆيلۈپ قاپسىز، نەدە شۇنداق ئىش بولۇپتۇ، — دەپتۇ.

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، شۇنداقمۇ! — ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاس قاپتۇ.

— سىز ئۇ كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەي، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭ! ئاشۇ ئالغاي كۆزلىرىڭىزنىڭ كۆرگەنلىرى مېنىڭ تۇز گېپىمدىن ئىشەنچلىكمۇ؟ شۇنداقمۇ دۆتلۈك قىلامسىز؟

ھاماچامنىڭ ئىبرىنىڭ بىردەمدىلا زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ. ئۇ خوتۇنىدىن تىل ئىشتقانلىقىدىن قورقۇپ ئەمەس، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ.

— بەك قارىغۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ، — مېنىڭمۇ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. كىمدۇ بۇ؟ ئاۋازى خوتۇنۇمنىڭ ئاۋازىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا، دەپ قالدىم ئىچىمدە. دېگەندەك، مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس ئىكەن.

ھاماچامنىڭ ئىبرى ھېلىلا سېتىۋالغان ئېتىنى يېتىلەپ قايتىپ كەلگەن كۈنى كوچا بازاردەك قىزىپ كەتكەنىكەن. ئۇ دۈپ-دۈغىلاق، تۈكلۈك كىچىك تورۇق ئېتىنى ئۇدۇللا ئېغىلغا ئەكىرىپ قويماي، ھويلىنىڭ قاشاسىدىكى قوزۇققا باغلاپ قويغانىدى. قېنى، كۆرىدىغانلار قانچە كۆرۈۋېلىڭلار! ئېشەككىلا ئوخشايدىغان بۇ جانىۋار يوغان بېشىنى قاشا ئۈستىگە ئېلىپ، كۆرگۈچىلەرنى تۈپ-تۈز بىر كۈن كۈتۈپتۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە بويىنىنى ئېگىپ خۇشامەت قىلماستىن، ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشنىڭ قىزىقى ئەسكى لالما ئىت هويلىدا كىرگەندە بوپتۇ. هاماچام قولىغا كالتەك ئېلىپ، ئىتنى قوغلاپتۇ. ئىت سىرتقا قاچماي، چىشلىرىنى هىڭگايتىپ، ئېغىل تەرەپكە يۈگۈرەپتۇ. هاماچامنىڭ قاشاسىغا مىنىپ ئولتۇرغان كىچىك ئوغلى ساقىدۇللا:

— ئاپا، هوي ئاپا! مەن گەپ قىلىۋاتىمەن، ئىتنى ئاتقا مىنىپ قوغلا، ئاتلىق قوغلا! ئاتقا مىنمىسەڭ يېتىشەلمەيسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

هاماچامنىڭ ئېرى ئاشۇ ئوبدان ئىتنى ئۆز قولى بىلەن كولخوزغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا كەلگەندى. ئۇ كېيىن شۇ ئاتنى كولخوزغا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

دادام ئەزەلدىن خەقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنىمۇ زادى راۋا كۆرمەيتتى، كەيىندە قېلىشىنىمۇ خالىمايتتى. هەممە ئىشتا ئالدىراپمۇ كەتمەي، كېيىنمۇ قالماي بىر خىل ماڭاتتى. شۇڭا، "ئوتتۇرا دىخان" بولغاندە. ئۇ هازىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ئۇ كولخوزغا بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، باشقىلار بىلەن تەڭ ئەزا بولدى. ئۆيدىكى بوز ئاختا ئات، ئاسما كوزا، سوقا، تىرنا، هارۋا ۋە چانىلارنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىز خېلى بۇرۇنلا بىر كەچلىك چاي ئۈستىدە شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلگەندۇق. بۇ مەسىلىدە تەكە چوڭ ئانام، كىچىك ئانام، مەن ۋە ئوتتۇرانچى ئاكام سالىخلار قاتناشقان. دېمەك، ئۆيدىكى چوڭلار هەممىمىز قاتناشقاندۇق.

يېزا سوۋېتىدە كولخوزغا كىرگەن ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئائىلە تەۋەلەرىنىڭ ئىسىملىكى تولۇق ئېلان قىلىندى. ئىسىملىكتە ماراجىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەسى 7-ئورۇندا تۇراتتى. ئاق يۇلتۇز بىلەن

ھەمزە 24 ـ ئورۇندا تۇراتتى. بىز 13 ـ ئورۇندا تۇراتتۇق (مېنىڭ ئىسمىم ناھايىتى ئوچۇق، بەكمۇ چىرايلىق يېزىلىپتىكەن). مەن ئۇ ئىككىسىگە ئىختىيارسىز قارىدىم ـ دە، زادىلا كۆز ئۈزەلمەي قالدىم. ھەرقانداق چوڭ ئىشتا، مەن ئاق يۇلتۇز بىلەن ماراجىم ئىككىسىنى بىر قاتارغا قوياتتىم. مېنىڭ كاللامدا ئۇلار ئاللىقاچان بىر جۈپ بولۇپ قالغانىدى. مەن ئىچىمدە: ھەي، ئۇلار مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك، بىر ـ بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلماي بىللە ئۆتسە نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! دەپ قالاتتىم. مېنىڭچە بولىدىغان بولسا، ھەمزىنىڭ ئورنىغا ماراجىمنى ئالماشتۇرۇۋېتەتتىم! بۇرۇنقى ناھەق ئىشلارنى تۈزەپ، ھەركىمنى ئۆز خىلى بىلەن قوشۇپ قوياتتىم. مەنغۇ ئەۋلىيا ئەمەس...ئوبدان ئويلاپ باققىنىمدا، شۇنداق قىلسام، مەن خەقنىڭ ئائىلىسىنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى پاراكەندە قىلىدىغان گۇناھكار بولۇپ قالار ئىكەنمەن. بۇنىڭ جازاسى ئۇچۇن تىل ـ ئاھانەتكىلا ئەمەس، قانۇننىڭ سورىقىغىمۇ قالار ئىكەنمەن.

لېكىن، ئۇ ئىككىسىنى بىر يەرگە تۇرغۇزۇشنى، ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى بىر قەغەزگە يېزىشنى قوللىسامغۇ بولار. ئۇلارنىڭ ھاياتى مېنىڭ قەلبىمدە خۇددى بىر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى تال تەسۋىدەك ئۆتتى. كېيىن ئۇلاردىن بىرى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى...ئۇ چاققىچە تېخى دەريا ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى نەچچە تېشىپ، نەچچە قۇرىدى، قۇشلار نۇرغۇن يىللار سايرىدى...

ئاق يۇلتۇز بىلەن ماراجىمنىڭ راستىنلا بىر يەردە تۇرغانلىقىنى كېيىن ئىككى قېتىملا كۆردۈم.

ئېيۇل كۈنلىرى ئىدى، قۇشلار ئىشلار ئاخىرلىشىپ قالدى دېگەن-
دەك سايرىشاتتى. كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
ئوسمانوۋ ئورمانلىقىغا ئوت چالغىلى باردى. قارا بۇغدايلارمۇ
پىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىمۇ ئورۇشقا توغرا كەلدى، شۇڭلاشقا
ئوتنى تېز چالغىلاپ بولۇش كېرەك ئىدى. قىزلار چالغىلانغان
ئوتنى يىغدى، بىزدەك يىگىتچاقلار ئاتقا مىنىۋېلىپ چانا بىلەن ئوت
توشۇدۇق. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بىر قىسمى بىر ئەر بىر ئايالدىن
بۆلۈنۈپ بىزگە ئوت بېسىشىپ بەردى، ياشىنىپ قالغان ئەرلەر ئوتنى
بىر يەرگە دۆۋىلىدى. "مېنىڭ ھېلىقى ئىككى ئادىمىم"مۇ چەتتىكى
قىزىل سوۋادانلىقتا ئوت بېسىۋاتاتتى. ماراجىم چانىغا ئارا بىلەن
ئوت باسسا، ئاق يولتۇز ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئوت يىغدى. ئۇلار ئىككى-
لىسى مەن بىلەن قامزىيانغىلا ئوت بېسىپ بېرەتتى. بىز ئۇلارغا
نۆۋەت بىلەن چوپ باستۇراتتۇق. مەن بەك تېز يۈگۈرەتتىم. ئۇ
ئىككىسىنى بىر يەردە كۆرۈش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى.
ئاق يولتۇزنىڭ ئويماقتەك نېپىز لەۋلىرىدىن كۈن بويى ئادەمنى مەپتۇن
قىلىدىغان كۈلكە نېرى كەتمىدى. پەقەت بىر قېتىم، بىردەم يوقاپ
كېتىپ، يەنە پەيدا بولدى. ماراجىمنىڭ ئارىسىغا يېرىم دۆۋە ئوت
بىراقلا چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ
تۇراتتى، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، خۇشال-خۇرام ئىشلىدى. ئۇ ئاجايىپ
كۈچلۈك ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۆزەم ئات ئۈستىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا
ئايلىنىپ تۇرغىنىم بىلەن، كۆزۈم ئۇلاردىن نېرى كەتمەيتتى.
بۇنىڭ ئوبدان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلەتتىمۇ، قارىمىسام تۇرالمايتتىم.
چانىغا ئوت لىق بېسىلغاندىن كېيىن، ماراجىم ئاق يولتۇزنى قۇچاق-
لاپ كۆتۈردى-دە، ئوت ئۈستىگە ئاتتى، چانىغا قوشۇلغان ئات

ئۇركۈپ كېتىپ بىر چاپچىۋىدى، يەرگە تولۇق تېزەكتەك دومىلاپلا چۈشتۈم، ئات چاننى سۆرىگەن پېتى قېچىپ كەتتى. ئاق يۇلتۇزمۇ ئوت ئۇستىدىن يىقىلغان بولسا كېرەك، مېنى بېسىپلا چۈشتى. شۇ تاپتا كۆپكۆك ئاسمان پەردىسى ئېچىلدى-دە، يۇلتۇزلار كۆكنىڭ قەرىدە چاقنىدى، شۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ئاپئاق ئىدى. مەن شۇ يۇلتۇزغا قاراپ ئۇچتۇم. ئۇچا-ئۇچا، ئاخىر ئۇپۇقتا جىلۋە قىلغان تەبەسسۇمنى كۆردۇم...مۇشۇ ئەبگا ئاتنىڭ ئۇستىدىن شۇنچە ئېگىزگە ئۇچۇپ چىققىنىمنى دېمەمدىغان. ئاق يۇلتۇز تىزلىنىپ تۇرۇپ بېشىمنى سىلىدى.

— ھە، بۇدۇر چاچ، قاتتىق چۈشمىگەنسەن؟

سۆيۈنگىنىمدىن ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى:

— نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟

ئۇ بېشىمنى سىلىغاندا، كۆزلىرىدىن قاتتىق غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن يەردە يېتىپ تۇرۇپ بېشىمنى چايقىدىم.

— ۋىيەي، ئەجەبمۇ قورقۇتتۇڭا ئادەمنى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، ئات پاكار بولغاچقا بەك چۈشمىدىم، — دېدىم مەن ئولتۇرۇۋېتىپ. لېكىن دۈمبەم خېلىلا ئاغرىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا، ماراجىم ئۈركۈپ كەتكەن ئاتنى نوختىسىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. چاندىكى ئوتلارنىڭ چېچىلىپ كەتمىگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئات يىراققا كەتمەپتىكەن.

— قىلغان ئىشىڭىزنى قارىمامسىز، — دېدى ئاق يۇلتۇز ماراجىمغا رەنجىپ، — بۇنداق قىلسىڭىز ئادەم زەخمىلەنمەمدۇ؟ تاس قالدىڭىز ئىككىمىزنى زەخمىلەندۈرۈپ قويغىلى، — ئۇ بېشىمنى سىلاپ قويدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ماراجىمنىڭ بۇدا چوپچوڭىلا بىر ئايالنى خۇددى كىچىك بالىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشى ۋە ئوت دۆۋىسىگە ئېتىشى ماڭا قاملاشمىغان ئىشتەك تۇيۇلمىدى. ئەكسىچە بەك ياراپ كەتتى.

بىراق، ماراجىم بۇنداق ئىشنى نېمىشقا ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلغاندۇ؟ بۇ مېنى ئادەم ھېسابلىمىغىنىمۇ ياكى ئۆز ئادىمىم دەپ قارىغىنىمۇ؟ شۇنداق، ياخشى تەرەپتىن ئويلاش كېرەك. ئۇ مەندەك چوپچوڭىلا بولۇپ قالغان بىر يىگىتنى ئادەم ھېسابلىماي قالماس... ئۇلار مېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن، مەخپىيەتنى ساقلاپ بېرەلەيدىغانلىقىمنى بىلىشى كېرەك ـ تە. ھېلىقى ئادەم ئىكەن، ئات جىنىدىمۇ ئادەمنىڭ ياخشى نىيىتىنى بىلىۋالالايدۇغۇ.

بىز چاندىكى ئوتنى رەتلەپ، قامىزدىيانىنى ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. ماراجىم، ئاق يۇلتۇز ۋە مەن ئۈچىمىز قاراڭغۇ چۇشكىچە شۇ كىچىككىنە يەردە بىر كۈننى بىللە ئۆتكۈزدۇق. ئاق يۇلتۇز بىلەن ماراجىم ناھايىتى بەختلىك ئىدى. مەن بولسام شۇ بەختنىڭ شاھىتى ئىدىم.

كېيىن شۇلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، قالتىس خۇشال بولاتتىم. چۈنكى: بەختنىڭ شاھىتى بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت ـ تە!

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئوسمانوۋ ئورمانلىقىدىكى شۇ بوش يەر مېنىڭ قەلبىمدە بەخت ماكانى بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم يايلاقتىن ئۆتكىنىمدە ھېلىقى قىزىل سۇۋادانلىقتا خۇددى ماراجىم ئارىسىنى، ئاق يۇلتۇز ئىرنىسىنى مۆرىلىرىگە سېلىشىپ ھازىرلا چىقىپ كېلىدىغاندەك بوينۇمە ـ

نى سوزۇپ ئۇزاقىقىچە قاراپ كېتەتتىم. ئۇلارمۇ ھېلىمۇ ياش، شۇنداق بەختلىك ئىدى.

ئەپسۇسكى، قىزىل سۇۋادان كۆچەتلىرى ئۆسۈپ دەرەخ بولغان، ئاندىن ئاسمان پەلەك قويۇق ئورمانلىققا ئايلانغانىدى. كېيىن ئۇلار يەنە كېسىۋېتىلگەن، ئىزىدىن يەنە يۇمران بىخلار ئۆسۈپ چىققان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىخلارمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى. بۇ دەرەخلەر نەچچە يوپۇرماق چىقىرىپ، نەچچە غازاڭ تاشلاپ بولدى. شۇ تەرىقىدە ئۇزاق زامان ئۆتتى. مەن ئۇلارنى بىللە تۇرغىنىدا يەنە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بۇ ئارزۇيۇم ھېلىغىچە ئۆچكىنى يوق. ئېھ، ئارزۇلار! يۈز ئارزۇيۇمدىن بىرەرسى ئىشقا ئېشىپ قالسىمۇ مەيلىدىغۇ!

مەن ئۇلارنىڭ باغرىنى كاۋاپ قىلغان دەردلىك كۈنلىرىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. 1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى① ئۇلار ئايرىلدى. شۇ كۈنى ئالدىنقى سەپكە بىرىنچى تۈركۈمدە بارىدىغانلار كۇلۇب ئالدىغا يىغىلغانىدى. مەيدانىنى ئېگەرلىرى توقۇلغان ئاتلار، قوشۇپ تەييارلانغان چوڭ ـ كىچىك ھارۋىلار بىر ئالغا ـ نىدى.

ئۇزىتىش نۇتقى سۆزلەندى، ئۇزىتىش سۆزلىرىمۇ دېيىلدى، ئەمدى خوشلىشىشلا قالغانىدى. ئۇزاتقۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاياللار ۋە چوڭ باللار ئىدى. كونا ئادەت بويىچە ئاتا ـ ئانىلار سەپەرگە ئاتلانغانلارنى ئۇزىتىپ چىقماي، ئۆيىدىلا ئاق يول تىلەيتتى. جەڭگە ئاتلانغانلارنى خوتۇنلىرىلا ئۇزىتىپ چىقاتتى، ئۇلار

① بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ 3 ـ كۈنى.

ئاتنىڭ ئۆزەڭگىسىنى تۇتۇپ بېرىپ، ئەرلىرىنى ئاتقا مىندۈرەتتى. جەڭگە ئاتلانغانلارنى ئۇزاتقاندا، يىغلاشقىمۇ، ئېغىزنى ئۇششۇتۇشقىمۇ بولمايتتى. تەمكىنلىك ۋە سەۋرچانلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئاقيول تىلەش ھېسابلىناتتى. جەڭگە ئاتلانغانلارنىڭ يولىغا ياش تۆكۈلۈپ كەتسە، ئات سەنتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ياش جەڭگە ئاتلانغانلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، دېگەن گەپ بار ئىدى.

يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ قېشىدا تۇرغانلار ساپلا ئۇلارنىڭ سۆيگىنى ياكى ئاياللى ئىدى، ئاياللارنىڭ بىرمۇنچىسى بالا كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. باشقىلار سەل چەتتىرەك تۇراتتى. ئادەم كۆپ بولغىنى بىلەن، نە ۋاراڭ-چۇرۇڭ، نە شاۋقۇن-سۈرەن يوق ئىدى، ھەتتا قۇچاقتىكى بالىلارمۇ يىغلىماس بولۇپ قالغانىدى. ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىلا پات-پات شاراقشىپ قوياتتى.

مەن ئوتتۇرانچى ئاكام سالىخنى ئۇزاتقىلى چىققانىدىم. ئاكام بىرئاز كەيىپ ئىدى.

— تراكتورنىڭ ئاچقۇچى قازناقتىكى ئىشكاپتا، — دېدى ئۇ يېڭى كېلىنىمىزنىڭ قولىغا، — ئاچقۇچنى سەيپۇللاغا ئەتە تاپشۇرۇپ بەرگىن... ئاچقۇچ دېگەن دۇنيادا ھەممىدىن مۇھىم نەرسە، ... بولمىسا، ئالتۇن ئاچقۇچ توغرىسىدىكى ھېكايە بىكارغا چىقامتى؟...

يەڭگەم گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇ ھازىر ئاچقۇچ-پاچقۇچ دېگەنلەرنى سوراشقا قىزىقمايتتى.

مەن نېمە ئۈچۈندۇ ئاق يۈلتۇز بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئىرى بۇكۇن ماڭمايتتى، تېخى چاقىرىق كەلمىگەنىدى. ئۇ ئىرىنى ئۇزىتىپ چىقمىغانىدى. مەن كىچىك چېغىمدىكىگە ئوخشاش، كۆزۈمنى ماراجىمنى ئىزدەشكە سالدىم.

ھەممە خەقتىن ئېگىز تۇرغىنى ماراجىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يېنىدا تۇرغان، چىلىق باغلانغان بىر باغ تېرىقتەك قاۋۇل ئايال ئۇنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇ بىر قاراشتىلا خېلى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا تۇرغىنى قىزى ئاق يۇلتۇز ئىدى، ئۇنىڭ چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى دادىسىنىڭكىدەك نۇرلۇق ۋە كۆپكۆك ئىدى. ئۇن ياشلاردىكى بۇ قىزچاق چوڭ ئاق يۇلتۇزغا بىرئاز ئوخشايتتى. كۆزلىرىم كىچىك ئاق يۇلتۇزدىن ئىختىيارسىز چوڭ ئاق يۇلتۇزغا يۆتكەلدى. راست قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەنغۇ! ئاجايىپ ئىش-تە! قاراۋېرىپ كۆزۈم تورلىشىپ قالدىمۇيا؟

ئۇ قىزىنىڭ بېلىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، بېشى بىلەن تەڭ كۆتۈردى.

— خوش ئەمىسە، ماڭىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى مەيداندا ياڭرىدى.

ئۇ ئۇزاتقۇچىلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، پەسرەك ئاۋازدا:

— يۇرتداشلار! شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، كەتتىمىزنىڭ نامىغا داغ تەككۈزىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، بۇنىڭغا ئاق يۇلتۇزۇم كېپىل بولسۇن! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇ، — دېدى.

ھېلىقى "بىر باغلام تېرىق" ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك، ئېرىنىڭ ئوڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن چاپلىشىۋالدى. ئۇ بىرئاز سەنتۈرۈلۈپ كەتتىيۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. مەن بىلەن بىر يەردە تۇرغان ئاق يۇلتۇز يېڭىمگە يېنىكىنە ئۇرۇپ كەتتى. ماراجىم قىزىنى يەرگە قويدى. قاڭرىق ۋالتېكىن خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىن ئېمىۋاتقان بالىسىنى ئالدى-دە، ئاسمانغا ئاتتى:

www.uyghurkitap.com

— ماڭا ئوغلۇم ئىسكەندەر كېپىل بولسۇن!..

— ماڭا يەر گۇۋا بولسۇن...، — دېدى ئىسهاق. ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىزى تۇغۇل، خوتۇنىمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئۇ يەرگە ۋە يەردە ئۆسكەن ھەممە نەرسىگە ئامراق ئىدى.

خوشلىشىش باشلاندى. ئاياللار ئەرلىرىگە چاپلاشتى، قىزلار پات ئارىدا ئۆزىنى ئەمرىگە ئالىدىغان يىگىتلىرىگە چاپلاشتى. بۇ يىگىتلەر دېمىسىمۇ شۇ قىزلارنى ئۇزاققا قالمايلا ئۆز ئەمرىگە ئالاتتى... ئۇلار پات ئارىدا دۈشمەننىڭ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىپ، قايتىپ كېلەتتى-دە، تازا قىزىتىپ توي قىلاتتى. توي مەرىكىسى ئۆتكۈزمەي بولمايتتى، ئەلۋەتتە... بەزىلەر قول ئېلىشىپ خوشلاشسا، بەزىلىرى قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ياماراقلىرى سۆيۈشۈپ خوشلاشتى. ماراجىم تېخىچە ئەسلى جايىدىن قوزغالماي بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن قىزىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، سول قولى بىلەن قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى. خوتۇنى باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەي دېدى بولغاي، ئېرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. شۇ چاغدا ئاق يۇلتۇز بېلىكىمگە چېلىك ئېسىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى قەيەرگىدۇر ئاتماقچى بولغاندەك قىلدىيۇ، بېلىكىمنى قويۇپ بەرمىدى.

خوشلىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يولغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىندى-دە، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. بەزىلەر چوڭ-كىچىك ھارۋىلارغا چىقتى، بەزىلەر ئاتقا مىندى. ماراجىمغا كولخوزنىڭ ھەممىدىن تېز چاپىدىغان كۆك بوز ئايغىرى بېرىلگەنىدى. ھارۋىلار كوچىدا قاتارىسىغا تىزىلىپ بولغاندا، ماراجىممۇ ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ يۈگەنلىدى. ھاۋادا بەستىلىك تېنى غىل-پال قىلىپ قالدى-دە، لىككىدە سەكرەپ ئاتقا مىندى. ھارۋىلار تەڭ قوزغالدى.

جەڭگە ماڭغانلارمۇ، ئۇلارنى رايونغا ئۇزىتىپ ماڭغانلارمۇ تىنچ مەيداندىن ئاستا-ئاستا ئايرىلدى: ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى، ئاق يۇلتۇزنىڭ بارماقلىرى بىلىكىمنىڭ گۆشىگە تېخىمۇ چىڭ پاتاتتى. بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن، ماراجىم ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ بۇرۇلدى-دە، كەينىگە قارىدى. شۇ ئەسنادا ئاق يۇلتۇز خۇددى جۇردەك قاتتىق يۇگۇردى-دە، ماراجىمغا ئۆزىنى ئاتتى. ماراجىممۇ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى چىڭ تارتتى-دە، ئاتنى بىردىنلا كەينىگە ياندۇرۇپ، ئاق يۇلتۇزغا قاراپ چاپتى. ئاق يۇلتۇز ئۇزەڭگىگە ئېسىلىپ بىردەم ماڭماقچى بولغانىدى، ماراجىم ئۇنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئالدى-دە، ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ چوڭ-كىچىك ھارۋىلاردىن ۋە ئاتلىقلاردىن ئېشىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئۇلارغا مۇقشاپ تۆپىلىككە يېتىپ بارغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇق. كېيىن ئۇلار بىرپەس كۆرۈنمەي قالدى. بۇ ھەقتە ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى — يا ماختىمىدى، يا ئەيىبلىمىدى. ماراجىمنىڭ بىز بىلەن بىللە تۇرغان خوتۇنىمۇ بويى ئۆزىگە تەڭلىشىپ قالاي دېگەن قىزنىڭ قولىغا يۆلەنگىنىچە دەردىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن خىجىللىق ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇمۇ "مېنىڭ ئادىمىم" ئىدى. لېكىن مەن ئېھتىيات بىلەن سىر ساقلايمەن دەپ ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرغانىدىم... شۇ تاپتا كۆڭلۈم قاتتىق پاراكەندە بولۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ ھەممەيلەنگە ئىچىم ئاغرىدى...

ئۇلار بىر تۆپىلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇپۇقنىڭ نېرىسىدا غايىب بولدى-دە، ئۇزاققىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمدى قاچان كۆرۈنەر؟

كېيىن ئاق يۇلتۇز كۆرۈندى. لېكىن ماراجىم شۇ غايىب بولغانچە ئىككىنچى كۆرۈنمىدى.

خۇددى ھەرقايىسىلار كۆرگەندىكىدەك، تەقدىر ماڭا خەۋپىلىك ئىشنى كۆرسەتتى. كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىمۇ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان پاجىئەنىمۇ كۆرسەتتى.

مەن ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كەنتكە قايتىپ كەلدىم. بىركۈنى بىر ئىش بىلەن كەنت سوۋېتىگە باردىم.

— ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقىنىغا خېلى ئۇزاق زامان بولۇپ قالدى. لېكىن ئادەملىرىمىز ھازىرمۇ ئۆلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلگەن، بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، يىگىدىن ئۆلگەن، — دېدى رەئىس ھەسرەت بىلەن، — "قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى..." دەپ بىردەم ئۇنىڭ خەۋىرى، بىردەم بۇنىڭ خەۋىرى كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ ماڭا بىر ۋاراق ئەسكى قەغەزنى ئۇزاتتى، قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، ئۆلۈم ئۇقتۇرۇشى ئىكەن، ئۇنى تۇتقان قولۇم كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئۇقتۇرۇشنى مەن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئالدىنقى سەپتىغۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئەمما ئۆلۈم ئۇقتۇرۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم شۇ ئىدى.

مۇنداقچە بىر قاراشقا بۇ ئۇقتۇرۇش كالا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىسپات قەغىزىگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىسپات قەغەزلىردىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى. بىراق، بۇ ئۇقتۇرۇش قەغىزى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قەغەز ئىدى. بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى، قايتىدىن كۆچۈرگىلى بولمايتتى،

كۆيدۈرۈۋەتكىلىمۇ بولمايتتى. بۇ قەغەز "قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان" لىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىسپاتى ئىدى. ئۇ كىم؟ گۋاردىيە جۇنيۇرىيى مارىجىم سابىروۋ.

رەئىس ئۇقتۇرۇشنى قايتۇرۇۋېلىپ، خۇددى ئۇنىڭدىن بىرەر خاتالىق ئىزدەۋاتقاندەك، بىرەر نۇقسانىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك بىرپەس ئۇ يان ئۆرۈپ، بۇ يان چۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي قاراپ چىقتى.

ـــ بۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزۈش كىشىنىڭ قايغۇسىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا سالىدۇ... مەن بۇنى يەتكۈزۈپ بەرمەي ھازىرغىچە ساقلاپ كەلدىم، ئەمدى ئامال قالمىدى، ئاق يۇلتۇزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. ھەمزىمۇ ئۇرۇش ئاياقلاشقاندا، ۋىنگرىيىنىڭ بىر دوختۇرخانىسىدا قازا تاپتى، ئاق يۇلتۇزغا بەك ئۇۋال بولدى... مارىجىمنىڭ خوتۇنىمۇ ئۇزاقى يىل ئەتىيازدا قار ئاستىدا قالغان زەھەرلىك بۇغدايىنى يەپ سىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇزاقى يىل ئەتىيازدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كۆپ ئۆلۈپ كەتتى. ئائىلىنىڭ كاساپىتى ـ دە، قورساق ئاچقاندىكىن، چىداپ تۇرالماي يەيدىغان گەپ. ئاق يۇلتۇز مارىجىمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز قالغان قىزىنى بېقىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئاق يۇلتۇز بىلەن ئاق يۇلتۇز ئىككىسى بىر ـ بىرىگە پاناھ بولدى.

ستالىنگرادتا بىر قولىدىن ئايرىلغان بۇ رەئىسنىڭ گېپى ئۇزۇن بولمىغىنى بىلەن، ئېيتقانلىرى بەك ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشكەندىلا قولى توغرۇلۇق: "مەن سىزگە سول قولۇمنى بېرەي. ئوڭ قولۇم مامايېۋ داۋىنىدا قالدى. ئۇ بولسا بىر داڭلىق داۋان،

www.uyghurkitap.com

قولۇم شۇ يەردىن ئورۇن ئالغاچقا، بىر قولۇمنىڭ يوقلۇقىدىن نومۇس قىلمايمەن“ دېگەندى.

شۇ چاغدا بىر موماي كوچىدىن ۋارقىرىغىنىچە چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىرسىدىن زارلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى بىرسىنى قاغاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇ هاسىغا تايىنىۋالغانىدى.

— هۇي قانجۇق ئەمگەن غالچا! بېشىنى يەيدىغان مۇناپىق! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، بوسۇقىغا پۇتلىشىپ كەتتى ۋە تېز-تېز مېڭىپ رەئىسنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۈچ خوراز كوچىسىدىكى هەممەيلەن قورقىدىغان مايتاپ موماي شۇ ئىدى.

— چوڭ ئانا، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، قېنى، تۆرگە چىقىڭ، — دېدى رەئىس ساق قالغان بىردىن-بىر قولى بىلەن ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

— ئولتۇرمايمەن! — دېدى موماي ئاچچىقىدا دۇدۇقلاپ، — سەن رەنىس (رەئىس) بولىدىغان بولساڭ، ئالىم ساقى دېگەن كۇسپۇرۇشنى تۇرمىگە سولا. بۇ قاراقچى بەك ئەسكىلىشىپ كەتتى. تۈنۈگۈن ئۆچكەمنى يەنە سېغىپ ئىچىپ كېتىپتۇ. زەهەرلىنىپ ئۆلگەيسەن ئىلاهىم! ئۇ مالچى ئەمەس، قاراقچى ئىكەن! كۆپ-كۆندۈزدىمۇ بۇلاڭچىلىق قىلغىنىنى قارىمامدىغان ئىچىدە توڭگۈز قاتىرايدىغان مۇناپىقنىڭ!

مايتاپ موماي تۆرگە ئۆتۈپ، هاسىنى ئىشىككە تىرەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئەمما، ئۇ دەرهاللا هاسىغا تىرىۋالغان ئىشىكنى چايقاپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— سەن ئۇنىڭ تاناۋىنى تارت! بولمىسا، ئۇ بۈگۈن ئۆچكەمنى سېغىپ ئىچتىمۇ، ئەتە قوپۇپ ئۆچكەمنى بوغۇزلاپ يەپ كېتىدۇ. ئۇ

ئىنساپسىز نەرسە!

— بولىدۇ، بىز ئۇنى تەنقىد قىلايلى.

— تەنقىد قىلىپ قويىغان بىلەن بولامدۇ، تاناۋىنى تارتىش كېرەك. ئالىم ساقىنى قاتتىق جازاغا تارتىش كېرەك. شۇنداق قىلساڭلار، باشقىلارمۇ چۆچۈيدۇ...

— ماقۇل، پاكىت بولسا، جازالاپ بەرسەكمۇ بولىدۇ...

— يەنە نېمە پاكىت كېرەك؟ ئۆچكەمنى قويماي سېغىپ كېتىپتىغۇ. ئۇلۇشكۇن ئۈچ قاچا سۈت چىققانىدى، تۈنۈگۈن ئاران ئىككى قاچا سۈت چىقتى. ئۇنى دېۋە-پەرى ئىچىپ كەتمىگەندۇ!؟ — موماي سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىرئاز يۇمشاپ قالدى ھەمدە تىترەپ كەتتى، — ياكى بۇ سۈتنى مەن ئىچەمتىم؟ مەن ئەمدى بويۇم ئۆسسۇنمۇ دېمەيمەن، ئۆلگىچە قەدىر ئەھۋال ياشسام بولدى. مېنىڭ يەنە ئىككى يېتىم نەۋرەم بار ئەمەسمۇ. ئۇلار ھەر كۈنى قوللىرىغا قاچا ئېلىپ، ماللارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ، سۈت ئىچكۈچە تاقەتتى تاق بولۇپ كېتىدۇ. ئالىم ساقى دېگەن بۇ ئىنساپسىز مۈتتەھەم مۇشۇ ئىككى يېتىمنىڭ رىزقىغا چاڭ سالدى ئەمەسمۇ.

مايتاپ مومايىنىڭ قىسقىغىنا ئۈچ-تۆت مىنۇت ئىچىدە قىلغان شىكايىتىدىن باشتا غەزىۋىم قايناپ تاشتى، كېيىن قاتتىق كۈلگۈم كەلدى، ئاخىرىدا كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

— راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولسا، مەن ئالىم ساقىنى قاتتىق جازالايمەن، — دېدى رەئىس ۋەدە بېرىپ، — چوقۇم قاتتىق جازالايمەن...

— ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي بولمايدۇ... لېكىنزە ئۇنى تۈرمىگە

تاشلىما. ئۇنىڭمۇ بىر قوتان باللىرى بار. ئۇمۇ بىر بىچارە، بۇ ئىشىنىمۇ ئاماللسىزلىقتىن قىلغاندەك تۇرىدۇ. سەن ئۇنى تىللاپلا قويسا ئېسىدە قالغۇدەك بىر تىللاپ قويساڭ بولار.

كەنتىمىزنىڭ ئادەملىرى تۇترۇقسىزلىشىپ كەتتىمۇ ياكى تۇرمۇش بەك ئۆزگىرىدىغان بولۇپ كەتتىمۇ، بىلىپ بولمايتتى... بىز كىشىلەرگە بۈگۈنى مانداق كۆرۈنسەك، ئەتىسى ئانداق كۆرۈنەتتۇق. ئۆزىمىز ياققان ئوتقا ئۆزىمىز سۇ چېچىپ ئۆچۈرەتتۇق. بىز شۇنداق كىشىلەردىن بولۇپ قالغاندۇق.

مايتاپ موماي ئېڭىكىنى يەنە ھاسىغا تىرىدى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلدى-دە، بوسۇغىدا ئاق يۇلتۇز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاددى، ئەمما پاكىز، رەتلىك كىيىنگەنىدى، پۇتىغا ئاق پايپاق، قونجىلىق رېزىنكە كالاچ كىيگەنىدى. ياغلىقنى بۇرۇنقىدەك چوققىسىغا چىگىۋالغانىدى. چېكىسىدىكى ئىككى-ئۈچ تال چېچىغا ئاق سانچىلغانىدى. چېچى تېخى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان كۆمۈش بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇ كۈلگەندەك قىلدى. ئەمما مېنى مەپتۇن قىلغان، قارىسام-قارىسام قانمايدىغان ھېلىقى كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئاۋۋال مايتاپ موماي بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى، ئاندىن بىر قولىنى سۇنۇپ رەئىس بىلەن ۋە مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ قولۇمنى ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمىدى:

— مېھمان كەپتىكەن-دە... تىنچ-ئامان كېلىپسىز. تەلىيىڭىز بار ئىكەن، باشقىلارمۇ بۇنىڭدىن خۇش. ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، — بىردىنلا ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئەينى يىللاردىكى كۈلكە ئەگىدى، — بىز ئۇسمانوۋ ئورمانلىقىدىكى بوشلۇقتا ئوت تۇشۇغان چاغلاردا، سىز تېخى كىچىك بالا ئىدىڭىز. ئۇ يەرنى مەن ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن

چىقىرالمايمەن... بەزىدە تېخى چۈشۈمدىمۇ شۇ يەرگە بارىمەن... يەنە بىر بارسام دەيمەن...

مەنمۇ قايتىپ كەلدىم. لېكىن، ئۇزاق تۇرالايمەنمۇ-تۇرالايمەن-مۇ، ئۇقمايمەن. سىل باكتېرىيىسى ئۆپكەمنىڭ ئىككى قانىتىنى تېشىپ بولدى. قانداقلا بولمىسۇن قايتىپ كەلدىم، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىمنى كۆردۈم، ئۇلارمۇ مېنى كۆردى.

— سىز مېنى چاقىرتىپسىز، — ئۇنىڭ ئۇمىدۋار كۆزلىرى رەئىسكە بۇرۇلدى، — ماراجىمدىن بىرەر خەۋەر بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئولتۇرۇڭ، ئاق يولتۇز.

ئۇ مەشىنىڭ يېنىغا بېرىپ قەلەي ساندۇقنىڭ ئۇستىدە ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى. مەن بۇ ساندۇقنى تونۇۋالدىم، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا كۆپ يىل بولۇپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا سىماغۇلنىڭ پۇلى شۇ ساندۇقتىن يۆتكەلىدى. بۇ ساندۇقنى كۆرسەملا تەشۋىشلىنەتتىم ۋە بۇ ساندۇقنىڭ ئوغرىغا بوي بەرگەنلىكىدىن خاپا بولۇپ كېتەتتىم. ھازىرمۇ شۇنداق بولغانىدىم. ئاق يولتۇز ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى، بىرەر ياخشىلىقنىڭ بولۇشى ناتايىن. لېكىن، ھازىر ھېچ ۋەقەسى يوق ئىدى، بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى.

رەئىس پېشانىسىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ قويدى-دە:

— نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن...بىر ئادەمنى ئۇمىدتىن مەھرۇم قىلىش جېنىنى ئالغانغا ئوخشاش ئىش. شۇ تاپتا مەن سىزنى ئاخىرقى ئۇمىدىڭىزدىن مەھرۇم قىلىدىغان بولدۇم. مەندىن ئاغرىنماڭ، يەڭگە. مەڭ، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ...، — دېدى ۋە ئۇقتۇرۇشنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاق يولتۇزغا سۇندى.

ئاق يۇلتۇز ئالايمۇ، ئالمايمۇ دەپ ئويلاندى بولغاي، بىرھازاغىچە جىم تۇردى. كېيىن ئىككى قولىنى سوزدى-دە، ئەمدىلا شاكالنى يېرىپ چىققان چۈجىنى ئالقىنىغا ئالغاندەك ئۇقتۇرۇشنى ئالقىنىغا ئالدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان گۈزەل چىرايى بارا-بارا تۇتۇلدى. ئەمما ئاققۇنىڭكىدەك نازۇك بويىنى ئېگىلمىدى، دەرد-ئەلەم دەستىدىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمۇ چۈشۈپ كەتمىدى. ئاق يۇلتۇز تاشتەك قېتىپلا قالغاندى. ئۇنىڭ تېنى بۇ يەردە تۇرغىنى بىلەن، جېنى ئالىلقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندى. لېكىن، بۇ جان بەك ئۇزاق ھايال بولمايلا، مۇزدەك ئەمما پاراكەندە تەنگە يەنە قايتىپ كىردى.

— ئاھ، خۇدا! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ئاق يۇلتۇز ھەسرەت بىلەن، — شۇنچە مۇھەببەتمۇ بىر ئادەمنىڭ جېنىغا ئارا تۇرالماپتۇغۇ! ئەمدى ئىشەنگۈدەك، تايانغۇدەك نېمە قالدى؟ مەن شۇنچە ئىشەنەتتىمغۇ!... شۇنچە كۆپ كىتابلاردا مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ دەپ يېزىلغانغۇ، مەن بۇ گەپكە ئىمانىمغا ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن، ھەممىنى ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەندىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، توقۇلما گەپمىدۇ؟ — ئۇ ئۇقتۇرۇش قەغىزى تۇتقان قوللىرىنى يەنە ئالدىغا سوزدى، — شۇنداق بىر ئەزىمەتتىن قالغان نەرسە شۇمۇ... خۇدانىڭ ئادىللىقى قېنى؟ ھەققانىيەت قېنى؟

ئۇ جىمىپ قالدى. مايتاپ موماي بېشىنى كۆتۈردى:

— كېلىن قىزىم، مېنىڭ گېپىمنى تىڭشاڭ، ئۇ سىزنى شۇنداق سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا قۇربان بولدى. مەرت يىگىت بىرسىنى سۆيمىدىغان بولسا، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئاق-قارىنى ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان، قورقۇش دېگەننى بىلمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ماراجىم سىزگە ئۆزىنىڭ يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئارقىغا قاراپمۇ قويماي ئوت تامان ئىتىلغاندۇ. ئۇنىڭ ئاق يولتۇز ماڭا قاراۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانلىقى تۇرغان گەپ. شۇڭا، ئۇ: قارا، مەن قانداق ئىكەنمەن! دەپ، ئۆزىنى قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان جايغا ئاتقان. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆلگەن.

ئۇ بىردەم توختاپ، يەنە بىر ئۇھ تارتتى-دە:

— ئېھتىمال، كۆپ سۆزلەپ كەتتىمغۇ دەيمەن...، — دېدى.

مومايىنىڭ بۇ قۇرۇق گەپلىرى ئاق يولتۇزغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. لېكىن، شۇ چاغدا گىمناستوركامىنىڭ يانچۇقىدىكى ئىككى پارچە خەت خۇددى ئىككى تال چوغدەك يۈرىكىمنى كۆيدۈردى①.

شۇ خەتلەرنىڭ بىرى مۇنداق باشلانغانىدى...②

ياق، ئازراق تەخىر قىلاي. ئاۋال ئاق يولتۇزنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولاي. ئاق يولتۇز ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىدى، بىر تامچە ياشمۇ تۆكمىدى. موماي كەتتى. ئۈچىمىز يەنە قانچە ئۇزاق ئولتۇرغانمىزكىن-تاڭ. بىركەمدىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئاق يولتۇز ئورنىدىن تۇردى. بىز ئۇنى ئۆزىتىپ چىقتۇق. ئۇ ئۆيى تەرەپكە ماڭماستىن، موقشاپ تۆپىلىكگە، ئايرىلىش ۋاقتىدا ماراجىم ئۇنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چېپىپ بارغان جايغا قاراپ ماڭدى.

---

① ② بۇ پوۋېستىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا مۇشۇ بابتىن كېيىنكى بابلاردا، ئەسەردىكى باش قەھرىمان "مەن"نىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن، مۇشۇ يەردە ۋە مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا كۆزدە تۇتۇلغىنى شۇ ئىش. — تەرجىماندىن.

...كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئاق يۇلتۇزنى يەنە كۆردۈم. ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق گۈزەل ئىدى، ئۇنىڭ بۇ گۈزەللىكى سولماس گۈزەللىك بولسا كېرەك. بىز كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ چېھرىدىن بۇرۇنقىدەكلا نۇر يېغىپ تۇراتتى ۋە تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى ياش كۆرۈنەتتى، تۆت-بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇ بالىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇۋېتىپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن:

— بۇ ئاق يۇلتۇزنىڭ بالىسى، ئىسمى ماراجىم، — دېدى.

بالا بوۋىسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇسمانوۋ ئورمانلىقنىڭ بوشلۇقىدىكى قىزىل سۇۋادانىڭ ئىزىدىن ئۆسۈپ چىققان كۆچەتلەر تۇنجى يوپۇرماق چىقارغان كۈندىن تارتىپلا قېرى دەرەخنىڭ ئورنىنى ئالاتتى. مەنلا ئۇنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئالماشقىنىنى كۆردۈم.

ھەئە، شۇنداق. ئاق يۇلتۇز نى-نى مۇدھىش دولقۇن، نى-نى جۇدۇن-چاپقۇنلارنى بېشىدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر تېپتىنچ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىنتىلگىنى ئۇ دۇنيا ئەمەسلىكىنى دەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئاق يۇلتۇز ئۇ چاغدا نەگە بېرىشىنى، قايسى ياققا مېڭىشىنى، قانداق دۇنياغا سەپەر قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى. ئۇ چاغدا بۈگۈننى ۋە ئەتىنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ نېرىسى غۇۋا كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئۇ بىلەلمىگەن بولغىيتتى.

— ئۇ مېنىڭ دىل ئارامىم، يۆلەنچۈكۈم، — دېدى ئاق يۇلتۇز بالىنى يېنىغا تارتىپ. بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياقۇتتەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى ئاق يولتۇزغا تىكتى. ئېھتىمال، ئاق يۇلتۇز ئۇنىڭغا ئامراقلىقى تۇتقان چاغلاردا "ماراجىمنىڭ ئۇچقۇنى — ھاياتىمنىڭ نۇرى"



www.uyghurkitap.com

دېگەنگە ئوخشاش ئۇ ئانچە چۈشىنەلمەيدىغان گەپلەرنى قىلسا كېرەك. گەپنىڭ ئۆزى شۇنداق بولمىسىمۇ، مەنىسى شۇنداقتۇ بەلكىم.

بىز خوشلىشىپ ئۆز يولىمىزغا كەتتۇق.

...گىمناستوركامىنىڭ يانچۇقىدىكى ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرى مۇنداق باشلانغان ئىدى: "سىز خوتۇنۇمنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز."①

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەخمەتجان ھوشۇر**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **چۇ بەيچىڭ**

---

① ئالدىنقى بەتتىكى ① ② ئىزاھقا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

# يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا

## ۋ. توكارېۋا

ناتاشا ئايرودرومدىكى ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ قېتىمقى نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئارقا-ئارقىدىن كېچىكتۈرۈلۈۋەردى، دەسلەپتە ئۈچ سائەت كېچىكىدۇ دەپ، كېيىن يەنە تۆت سائەت كېچىكىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇلدى. باكۇغا بېرىپ سەييارە ئويۇن كۆرسەتىدىغان بۇلغارىيە سىركچىلەر ئۆمىكىمۇ مۇشۇ قېتىملىق ئايروپىلاننى كۈتۈۋاتاتتى. سىرك ئارتىسلىرى خۇددى سىگانلارغا ئوخشاش ئەركىن بولۇپ، ھەركىم خالىغانچە ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىلىرى پولدىلا ئولتۇرۇشقان، بەزىلىرى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋېلىشقانىدى. پاكىز يۇيۇلغان بىر توپ ئۇزۇن مويلۇق شىرسىمان ئىت ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ياشتىكى ئىتلار بولۇپ، ئېگىز-پەسلىكى ئانچە پەرق قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئىنچىكە مويلىرىمۇ تەپتەكشى تارالغاندى. ئېھتىمال بۇ شىرسىمان ئىتلارمۇ ئويۇن كۆرسەتسە كېرەك.

ناتاشانىڭ يېنىدىن ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كىشى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئادەمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى ئۇنىڭ ئالدىنقى يولدىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئايروپىلان ئۇچىدىغانغا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى،

قىلغىلى ئىش يوق غېرىبسىنىپ ئولتۇرغان ناتاشا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ تۇنجى توينى ئەسلەپ قالدى. باشقا سورۇندا بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرمىغان بولاتتى ئېھتىمال.

توي بولغاندا ئۇ ئەمدىلا 18 نىڭ قارىسىنى ئالغانىدى، ئۇنىڭ يولدىشىمۇ ئاران 22 ياشتا ئىدى. توي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار دەرھال ئاجرىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، دەرھال ئاجرىشىپ كەتكەنمۇ ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن يەتتە-سەككىز ئاي ئۆي تۇتۇشتى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەسلىدىلا مۇستەھكەم بولمىغانىدى. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئىسسىق ئېقىم بىرلا سوۋۇيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ دېڭىزى ئاستا-ئاستا قۇرۇشقا باشلايتتى؟ قالىدىغىنى پەقەت قازان-قۇمۇچ، ئىككى-چېكىر ئۆي ئىشلىرى بولاتتى. ئۇلار جېدەللىشىشكە باشلىدى، جېدەللەشكەنسېرى ئەدەپ كېتەۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىكاردىن-بىكارغىلا جېدەللىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ شېرىن مۇھەببىتىنىڭ نەس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى، كېسەلدىن قۇتۇلاي دېگەندەك تىنىماي يۆتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ شېرىن مۇھەببىتى ئاخىر ئۆلدى. ئەمما، ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە دائىم ئۇچرىشىپ تۇردى ھەم يەنىلا جېدەللىشىپ تۇردى. ئۇلار بىللە ئۆتۈشنىمۇ قاملاشتۇرالمىدى، ئايرىلىپ ئۆتۈشنىمۇ قاملاشتۇرالمىدى. جېدەلنىڭ باش تېمىسى ئومۇمەن مۇنداق ئىدى: ناتاشا، ئېرىم كالۋا، مېنىڭ گۈلدەك ھۆسنۈمگە لايىق ئەمەس، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە، ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۇنى تۇرمۇشتا بەزى ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلسا بولارمىش. ئېيتايلۇق، بىرەر پارچە يېڭى يىل ئاق قارىغاي ئويۇنى بېلىتىگە ئىگە قىلسا بولارمىش. يولدىشى بولسا مۇنداق دەيتتى:

www.uyghurkitap.com

گۈزەل ھۆسن دېگەن ۋاقىتلىق، ئۇنى 20 يىلمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ سېنى بەرىبىر تاشلاپ كېتىدۇ؛ لېكىن مېنىڭ ساڭا بولغان ساپ مۇھەببىتىم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتىنى يوقىتىپمۇ قويمايدۇ. شۇڭا، مەندەك ئەرنىڭمۇ ياخشى تەرىپى بار، بۇ خۇددى كەڭرەك كىيىمنىڭ ھازىرچە دەل كەلمىگىنى بىلەن كېيىن دەل كېلىپ قالغىنىغا ئوخشاش. لېكىن ئەمدىلا 18 نىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىز قانداقمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلىسۇن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاياتنىڭ چېكى يوقتەك، نېمە دېسە شۇ باردەك، ھەممىسى تېخى ئالدىدا تۇرغاندەك...ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئايرىلىپ كەتتى، 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالدىنقى يولدىشى ئاللىقاچان ئۆيلىنىۋالغانىدى، تېخى بىر قىزىمۇ بار ئىدى، قىزىنىڭ ئىسمىمۇ ناتاشا ئىدى. ئۇ ئۆزى باشقا بىر شەھەردە تۇراتتى. ناتاشا بۇ شەھەرگە خىزمەت بىلەن كەلگەن. ئۇ ئالدىنقى يولدىشىنىڭ يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ناتاشا ئۇقۇشۇش ئورنى ئارقىلىق ئالدىنقى يولدىشى تۇرىدىغان ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلىۋالدى. ئۇ شۇ نومۇرلار بويىچە ئالدىنقى يولدىشىغا تېلېفون بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايرىلغىنىغا 20 يىل بولغان دەسلەپكى يولدىشىنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگەرمەپتۇ. ئاۋاز — يۈرەكنىڭ ساداسى، يۈرەك دېگەن قېرىمايدۇ-دە. ئۇلار يەنە ئەينى يىللاردىكى ياشلىقىغا خاس ئاۋاز بىلەن سۆزلەشتى:

— ياخشىمۇ سىز! — دېدى ناتاشا، — لېكىن ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ.

— سىز كىم؟ — دېدى قارشى تەرەپ جىددىيلىشىپ.

— مەن سىزنىڭ ئالدىنقى ئايالىڭىز بولىمەن.

قارشى تەرەپتىن خىيلىغىچە زىۋۋان چىقمىدى. ناتاشا تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى.

— ۋەي، — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— هە مانا هازىرلا باراي، — دېدى ئۇنىڭ ئالدىنقى يولدىشى، — سىزنى نەدىن تاپىمەن؟

ناتاشا ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ۋە ياتاق نومۇرىنى دەپ بەردى.

تۇرۇپكىنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ناتاشانىڭ يۈرىكى سىيلىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ قىزىق، نېمىشقا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويىدۇ؟

ناتاشا سۈت رەڭ فرانسىيىچە قىسقا چاپان كىيىۋالغانىدى. كېيىن ئۇنى يەنە قارىسىغا ئالماشتۇرۇۋالدى، بۇ چاپان ئۇنىڭغا تازا لايىق كەلگەن بولسىمۇ، چىرايىغا ئانچە ماس كەلمەيدى. ئەمما فىگورا بىلەن چىرايىنىڭ بىرىگىلا تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئىشىك ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن بۇرۇنراق چېكىلدى. ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئالدىنقى يولدىشى تۇراتتى. 20 يىل كۆرۈشمىگەچكىمۇ، ئۇ ناتاشاغا بىرئاز سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈندى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ۋە روھىي هالىتى ئاۋالقىدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ كۆككۈش كۆزلىرى بۇ خىل روھىي هالەتنى بىزەمۇ يوشۇرماي ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز...، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ئۇ، گويا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك: گۈزەل هۆسنىنىڭ خۇددى سەپەردە قالدۇرۇپ ئۆتكەن بىر بېكەتتەك ئۈزاپ كېتىپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا ساڭا سەمىمىي نىيەت

بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكىنىمدەك دەل 20 يىل ئۆتۈپتۇ.

— سىز بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپسىز، — دېدى ناتاشا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ سەن ئىلگىرى كالۋا ئىدىڭ، ھازىرمۇ يەنە شۇ كالۋا پېتى ئىكەنسەن، دېگىنى ئېنىق ئىدى.

بۇ 20 يىل ئىچىدە، ناتاشا ھەقىقەتەن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەندى. ئەگەر ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھۆسنىنى يايلاقنىڭ گۈزەللىكىگە، ھازىرقى ھۆسنىنى دالانىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەمما، يايلاق گۈزەلمۇ، دالا گۈزەلمۇ، بۇنى كىم بىلسۇن؟

ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىپلا يەنە جاڭجاللىشىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جىدەل 20 يىل ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان چاغدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز گەپتىن باشلاندى. ئۇلار گويا بۇ 20 قىش-يازنى ھېچقاچان بېسىپ ئۆتمىگەندەك، ھەر ئىككىسى ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن تېخى تۈگۈنۈنلا ئايرىلىپ كېتىشكەندەك ئىدى.

كېيىن ئۇلار بىر بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى رېستورانغا بېرىپ كەچلىك تاماققا ئولتۇردى. بىرنەچچە رومكىدىن ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشكەندىن كېيىن، ناتاشانىڭ ئالدىنقى يولدىشى ناتاشادىن ئايرىلىپ تارتقان دەرد-ئەلەملىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ناتاشاغا ئۆزىنىڭ ھاراقكەش بولۇپ قالماي دەپ قايتا ئۆيلىنىۋالغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى.

— ھېلىمۇ چىداپ كەپسىز، — ناتاشا گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئۇ: ھەممە كېلىشمەسلىكلەر ئۆتۈپ كەتتى، ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلارغۇ، دېمەكچى ئىدى.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇزۇن ئازاب چەكتىم-دە،... — ئۇ "ئۇزۇن ئازاب چەكتىم" دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلىدى، مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئازاب ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئىدى.

— ئازاب چەككەننىڭمۇ پايدىسى بار، — دېدى ناتاشا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك، — ئازاب ئادەمنىڭ قەلبىنى تاۋلايدۇ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، — دېدى ئۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، — كىمنىڭ دېگىنى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ بىر ئادەم "بەختىلا چوڭ مەكتەپتۇر" دېگەن. ئازاب كىشىنىڭ يۈرىكىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. قۇرغاق يەردە ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان تىكەندىن باشقا نەرسە ئۈنمەيدۇ.

ئەسلىدە ئۇنىڭ راستىنلا ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى ساقلاپ قالالىغۇچىلىك بىگىسى بار ئىكەن-دە. دەسلەپتە ئۇ ناتاشانى ياخشى كۆرۈپ قالدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدى، ھازىرمۇ ئۇنى كەچۈرگىنى يوق. بۇ گەپچە، ناتاشا ئالدىنقى يولدىشى بىلەن باشتىن-ئاخىر بىللە بولغان بولسا كېرەك.

ئۇلار يەنە بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشتى. ناتاشا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈن يازغان ئىلمىي ماقالىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ بىر خىل كىچىك تېپتىكى چىۋىن تۈرلىرى — مېۋە چىۋىنلىرىنىڭ ئىرسىي ئامىلىنى تەتقىق قىلغانىدى. مېۋە چىۋىنلىرى مېۋىلەرگە ئامراق كېلىدۇ، مېۋە-چېۋىلەرنى چۆرىدەپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان بۇ كىچىك مېۋە چىۋىنلىرىنى قۇرۇت-قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ دېگەندىن كۆرە، چاڭ-توزانغا ئوخشايدۇ دېگەن تۈزۈك. ناتاشا مېۋە چىۋىنلىرىنى ئارغۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەجرىبە، تەتقىق

قىلىش ئارقىلىق پروتوكول ئىنسانىيەتكە موناسىۋەتلىك بولغان بەزى يەكۈنلەرنى چىقاردى.

ئۇنىڭ ئالدىنقى يولدىشى ناتاشاغا، ئۆزىنىڭ تىببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەخسۇس پۇل ئالمايدىغان چىش گىرىسى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان ناھايىتى ياخشى فارفور پاراشوكلىرى بارلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى، ئېھتىياجىنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانىي شارائىتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇنى دېيىشتىن مەقسىتى پۇلۇمنىڭ جىقلىقىدا خەجلەيدىغانمۇ ئورۇن يوق، 20 يىل ئىلگىرى سەن مەندىن ئايرىلىشنى بەك ئالدىراپ قارار قىلىۋەتتىڭ، ئەمدى مانا ساڭا ئەر بولسام تازا قاملاشماسمىدى، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

— سىز قايتا ياتلىق بولدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، — ناتاشا يالغاننى تازا قاملاشتۇرۇپ ئېيتتى. ئۇ ياتلىق بولۇشنىڭغۇ بولغان، بىراق يولدىشى بىلەن ھازىرغا قەدەر بىللە ئۆتەلمىگەندى.

— ئۇنداقتا، بەزىدە يولدىشىڭىزغا خىيانەتمۇ قىلىدىغانسىز؟

گەپنىڭ توچكىسى مانا مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئاياللارغا قويىدىغان ئاساسىي تەلىپى سادىق بولۇش ئىدى. ناتاشا مۇشۇ تەلەپكە موناسىپ كەلسە، بۇ ئۇنىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

— نېمىلەرنى سوراپ يۈرىسىز ئۇياتماي! — دېدى ناتاشا ھەيران بولۇپ.

— شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ، جاۋاب بەرمەمسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۆڭۈل قاتلىرىغا تىنىپ، جىمىپ كەتكەن نەرسىلەر ئەمدى خۇددى تاياقچىنى كۆلچەككە تىقىپ ئىلەشتۇرسە تېگىدىكى لاتقىلار سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىققاندەك ئۆرلەپ چىقتى.

كېيىن ئۇلار يەنە ئايرىلىپ كېتىشتى. بۇ يەنە 20 يىللىق ئايرىلىش ئىدى. ئۇ چەت بىر شەھەردە خىزمەت قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يەرگە كاماندىروپكىغا كېلىشى ئىنتايىن تاسادىپىي بولاتتى. گەپقۇ بۇ يەردە ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى ئىككىلىسىگە ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيتتى.

ناتاشا ئەسلىدە، يولدىشىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەم ئۆزۈڭنىغا قالمايلا يەنە بىرىگە تېگىۋالالايمەنغۇ؛ كوچىغا چىقىپ، "ئەرگە تەگمەكچىمەن!" دەپ بىرلا توۋلىسام، دەررۇ بىر توپ ئادەم كېلىپ ماڭا ئوچىرىدتە تۇرۇپ كەتمەمدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە مۇنداق ئىشەنىشى تولىمۇ گۆدەكلىك بولار. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بەختىنى ئىزدەپ ئاۋارە، ئەمما بەختىنى تاپقانلار بولسا بىرنەچچىلا، ئېھتىمال نەچچە ئونى باردۇر... كۆپ دېگەندە نەچچە يۈزى باردۇر. لېكىن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يۈز ئادەم دېگەن قانچىلىك بولاتتى... ھالبۇكى، ناتاشا بىئوخىمىيە پروفېسسورى كىتايېۋنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئامتى ئۇقىدىن كېلىپ، بەختىنى تاپقان ھېلىقى يۈز ئادەمنىڭ، ھەتتا نەچچە ئون ئادەمنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. پروفېسسور كىتايېۋنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك 14 خىل كەشپىياتى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەر

شارنىڭ يېشى توغرىسىدىكى قىياسىنى شۇنداق ئوتتۇرىغا قويغانكى، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى مېڭە قېتىقى ئەمەس، بەلكى بىر قۇدۇر.تىلىك تەپەككۇر ئىستانسىسىغا ئوخشايتتى، بۇ ئىستانسا زور مىقداردا پىكىر تەييارلاپ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەنىدى. ئۇمۇ باشقا تالانت ئىگىلىرىگە ئوخشاش كۆكسى-قارنى كەڭ ئادەم بولۇپ، ھەممە يەردە ئۆز ئوي-پىكرىنى ئايىماي تارقىتىپ تۇراتتى، خۇددى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان قومۇش پۆپۈكلۈك مېكىياننىڭ دائىم ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغانلىقىنى بىلگەچكە قىلچە ئايىماي تۇغۇۋەرگىنىگە ئوخشاش.

كىتايېۋ ئۇنچىۋالا قاملاشقانمۇ ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇ تاقىر باش، سېرىق يۈزلۈك ۋەيرانە ئادەم بولۇپ، مۇت قېرى خوتۇنغىلا ئوخشايتتى. قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئەركەكلەرگىمۇ تېگىپ كۆرگەن ناتاشا بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ كىتايېۋقا ئۆتكۈر كۆزى بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭغا، باشقا ئەركەكلەر كىتايېۋ بىلەن بىللە تۇرسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىرى تاتارغان، زەئىپ، ئېتىدىن كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

كىتايېۋ ناتاشانىڭ راستىنلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۆزۈنىغىچە ئىشەنمىگەنىدى، كېيىن ئىشىنىپ قالدى، ناتاشا ئۇنىڭ ئايالى بولمىسىمۇ، ئەمما كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ناتاشاغا ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئۆگىنىپ قالغاندەك ئۆگىنىپ قالدى. كىتايېۋنىڭ رەسمىي خوتۇنى باشقا بىر ئايال ئىدى. بىراق بۇ ئايال ئۇلارغا كاشىلا قىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناتاشانىڭمۇ باشقا بىر تەلىپى بولمىغاچقا كۆڭۈلەشكەنمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەممە ئۆزگىرىش كىتايېۋنىڭ كاللىسىدا بولىدىغان بولغاچقا، ئۇ تاشقى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە

ئانچە پەرۋا قىلمايتتى.

بەزى چاغلاردا، ناتاشا، ئەتە، ئۆگۈنىمۇ ئەمەس، دەل ئەتە پروفېسسور مەندىن توي قىلىشنى رەسمىي تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىمىزنىڭ بەدىنىدە ئىشقى-مۇھەببەت چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى، دەپ ئويلايتتى. لېكىن بەزىدە يەنە، بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس، دېگەن ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالاتتى. ئۇ بۇنداق شېرىن خىيالنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن بۇنى يۈز تۇرانە سوراپ باققان بولسىچۇ كاشكى. لېكىن، بۇ گەپنى چىقارغان ياكى ئادەتتىكىدەك سۆزلەشكەندىمۇ كونكرېتراق سۆزلەش كېرەك-تە. ھالبۇكى، مۇھەببەت دېگەن مۇزىكىغا ئوخشايدىغان نەرسە، ئۇنىڭغا تىل كەتمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇنى سوراپ يۈرمەسلىك كېرەك.

شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندە كىتايېۋ باكۇدىن ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەندە، ئۇ كىتايېۋنىڭ ئۇنى نېمىشقا چاقىرغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر گەپ سورىمىدى، كىتايېۋ باكۇدا ئاسىيا-ئافرىقا خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتاتتى، شۇڭا ناتاشا ئۇ يەرگە بېرىپ بىر ئىككى كۈن تۇرۇشى كېرەك. نېمىشقا؟ بۇ ناھايىتى ئېنىققۇ: كىتايېۋ ناتاشانى سېغىندى-دە. ناتاشا بولمىسا، ئۇ قالغان ئىككى كۈننى ئۆتكۈزەلمەيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى كۈننىڭ توققۇز سائىتى بىكارغا ئۆتۈپ كېتىپ قالدى. ناتاشا موسكۋا ئايرودرومىدىكى ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا ئولتۇرسا، كىتايېۋ باكۇ ئايرودرومىدا ئولتۇرسا، ۋاقىت دېگەن بىكارغا ئۆتمەي قالامدۇ، كىتايېۋ بىردىنلا قىزىپ كېتىپ مۇشۇنداق ئەپلەشمىگەن بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتۇرغىنى ئۈچۈن جەزمەن پۇشايمان قىلىدۇ.

ئايروپىلان كۆتىرىلگەن زالنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى رادىئودىن يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلانغا چىقىشى ئۇقتۇرۇلدى. سېرىكچىلەر قوزغالدى، ئۇزۇن مويلۇق ھېلىقى شىرسىمان ئىتلارمۇ ئايروپىلانغا چىقىدىغىنىنى بىلىۋالغاندەك تەڭلا ئەركىلەپ قاۋاشقا باشلىدى.

ناتاشا بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلىۋالدى. ئايروپىلان يۇقىرىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈۋىدى، ناتاشا سەل قورققاندەك، كۆڭلى ئايلانغاندەك بولدى.

ئايروپىلان ھاۋا قاتلاملىرىنى شىددەت بىلەن يېرىپ ئۆتۈپ، مەلۇم بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئاستا-ئاستا پەسلەشكە باشلىدى، ئايروپىلان ھەر بىر پەسلىگەندە، ناتاشانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى، ئۇنىڭغا قىيامەت قايىم بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىش ھەقىقىي قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يول خېلى ئۇزۇن بولسا كېرەك، ھېچ بولمىغاندا 30 سېكۇنت مېڭىش كېرەكتۇ. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق چاغدا ئەس-ھوشۇڭ جايىدا بولسا، خۇددا ئۇرغىنى شۇ-دە. ناتاشانىڭ ۋالىك ئىسىملىك يىراق تۇغقىنى بار ئىدى، ئۇ كان قۇدۇقى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن چاغدا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئۇنى 40 توننا ئېغىرلىقتىكى تاش قاتلىمى بېسىۋالغانىدى. نۇرغۇن قېزىغۇچى ماشىنىلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى شۇ تاش قاتلاملىرى ئاستىدىن ئاران دېگەندە چىقىرىۋالغانىدى. ئۇ چىقىرىۋېلىنغان چاغدا قاشلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى (گەرچە ئۇ ياش بولسىمۇ)، شۇ تاش قاتلاملىرى ئاستىدا قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىر مەزگىل ھايات تۇرغانلىقى ئېنىق، بەلكىم 30 سېكۇنت ياكى 60

سىكوۇت هايات تۇرغانىدۇ، شۇ ۋاقىتتا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنىمۇ بىلگەنىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ناجىكا مىيىت ساندۇقى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئىتالىيىنىڭ داڭدار ئارتىسى ئانىنا مانيانىغا ئوخشاش جۇدالىق ئەلىمىدىن زار يىغلىغانىدى. جەنۇپتىكى بەزى جايلاردا دەپنە مۇراسىمى ئۆزگىچە دراما ئوينىغانغا ئوخشايدۇ، خۇددى قەدىمقى گرېتسىيە تراگېدىيىلىرىدىكىگە ئوخشاش قورسىقىدىكى ھەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى يىغا ـ زارە ئارقىلىق تۆكۈۋەتكەندىلا، ئاندىن دىلنى پاكلاشتۇرغىلى بولىدىغاندەك. بۇنداق يىغا ـ زارىنىڭ تەسىرىدە، ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھۆڭرەپ يىغلاپ، قورسىقىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈۋېلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ دىل ئازابى يەڭگىللەپ، داۋاملىق ياشاۋېرىدۇ. ناجىكا مىيىت ساندۇقى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ تۇردى، كىشىلەر ئۇنى مىيىتتىن ئاجرىتىۋېلىپ تۇردى، فوتوچى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىپ تۇردى. لېكىن ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىجكو ئىسىملىك بىر ئەركىشى ناجىكانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەسلىدە ناجىكانىڭ يولدىشى ھايات ۋاقتىدىمۇ بۇ ئادەم بىلەن ناجىكا ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ئىشلار ئۆتكەنىدى. ئىككىسى بىر ئامال قىلىپ بۇ ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. قوشنىلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولۇپ، سۆز ـ چۆچەك قىلىشتى: "مىيىت تېخى سوۋۇماستىنلا ..." بۇ يەردە ۋالىكىنىڭ جەسىتىنى دېگىنى ئېنىق ئىدى. لېكىن ناجىكانىڭ ۋىجدانسىزلىق قىلغانلىقىغا ئەڭ قاتتىق ئېچىنغان ئۇنىڭ ئانىسى، يەنى ۋالىكىنىڭ قېيىن ئانىسى بولدى. ئۇ ناجىكانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ نارەسىدە قىزىدىن بۇ ئىشنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى:

ــ ئۆيۈڭلەردە بىر ئەر كىشى قونغانمىدى؟

— قونغان، — دېدى قىزچاق غەمكىن ھالدا جاۋاب بېرىپ.
— كارىۋاتتا ياتقانمۇ؟ — ناجكانىڭ ئانىسى قورقۇپ كەتتى.
— ئەمىسە نەدە ياتاتتى، — دېدى قىزچاق ھەيران بولۇپ، — ئەمىسە كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ئۇخلامتى؟

ناجكانىڭ ئانىسى يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋېتەتتى: "ئۇنىڭ ئىرى بار ئەمەسمىدى... ئىرى بار ئەمەسمىدى دەيمەن...ئۇ ئەرگە تېگىپ باقمىغاندەك مۈشۈنداقمۇ ئىشلارنى قىلامدۇ...ۋالىكنى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى قارىماىدىغان بۇ پەسنىڭ. بۇ دۇنيالىقتا ۋالىكمۇ ئۆتكەن ئىدىغۇ...ۋالىكمۇ ياشىغانغۇ..."ناجكانىڭ ئانىسى دەل قىزىنى مۈشۈنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ بەك قورقاتتى. گويا ۋالىك تىرىك بىر ئۆلۈپ يەنە بىر كۆمۈلگەندەك بولدى...

ناتاشانىڭ قورقىدىغىنىمۇ دەل مۈشۈ ئىدى. ئۇ تىرىكلەرنىڭ تىرىكلەرنىلا سېغىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مۈشۈ ئايروپىلان بىلەن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتىدىغان بولسا، كىتايېۋ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، خىيالىنىڭ يىراق بىر بۇلۇڭىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، باشقا ئايالالارغا كۆز قىسىۋېرىدۇ. ئۇنتۇلۇپ كېتىشىمۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلگەنگە تەڭ، بەلكى بىر قېتىم ئارتۇق ئۆلگەنلىك بولىدۇ.

ئايروپىلان بەلگىلىك ئېگىزلىككە يەتتى. ناتاشا ئورۇندۇقنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىنى چۈشۈرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. ئەمدى ئايروپىلان تۈز سىزىق بويىچە ئۇچۇشقا باشلىدى. ناتاشانىڭ يۈرىكىمۇ سالمىدى. ئۇ ئەمدى پەسكە ھەم ئەتراپىغا قاراپ باقماقچى بولدى.

ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەندى. نۇرغۇن ئەركەكلەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ، بۇ ھال خۇددى «قانلىق جەڭدىن كېيىنكى دالا» دېگەن ماي بوياق رەسىمدىكىگە ئوخشايتتى.

ناتاشانىڭ يېنىدا بويى ئۇنىڭدىن خېلىلا ئېگىز، قارىماققا ۋاسكىتبولچىغا ئوخشايدىغان بىر يىگىت ئولتۇراتتى. ناتاشا ئەسلىدىلا ئېگىز بويلۇق ئىدى. ئۇ رامىدىن سىرتقا قارىۋىدى، كۆزىگە قاپقاراڭغۇ بىر جاھان ھەمدە ئايروپىلاننىڭ قانىتى ئاستىدىن ئاندا-مۇندا چىقىۋاتقان ئوت يورۇقى كۆرۈندى.

ناتاشانىڭ كاللىسى قېتىپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت ”ئەجەب تويدۇم بۇ سەپەردىن“ دېگەن بىر سۆزلا جاراڭلايتتى. بۇ سۆز گويا ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭ كاللىسىدا قايتا-قايتا ئەكس ئېتەتتى. گويا ئۇنىڭ كاللىسىدا ياتلا بىر ئادەم مۇشۇ سۆزنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ئىدى. كىتايىۋ بولسا ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي قويۇۋەتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ۋاسكىتبولچىنىڭ بىر قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ۋاسكىتبولچىنىڭ قولىنى قىستى.

— ۋايجان! — ۋاسكىتبولچى ۋارقىراۋەتتى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى پەقەت ئويلىمىغان، يېنىدىكى بۇ ئايالنىڭ ئۇنى بۇنچىۋالا قاتتىق چىمدىۋالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندى.

— ئايروپىلانغا ئوت كەتتى، — دەپ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ۋاسكىتبولچىغا يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن ناتاشا ئەمدى خېلى خاتىرجەم بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

ۋاسكىتبولچى رامغا بويىنىنى سوزۇپ سىرتقا سەپسېلىپ قارىدى.

— بۇ دېگەن بەلگە چىراق، — دېدى ئۇ، — پەرق ئېتىش بەلگىسى.

— ئۈلارنىڭ نېمە رولى بار؟ — دېدى ناتاشا ئەنسىرەپ.

— باشقا ئايروپىلانلارنىڭ بىزگە سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ.

ناتاشا يەنە رامىغا چاپلاشتى. ئوت يورۇقى راستىنلا گويا تۇمۇر سوقۇۋاتقاندەك بىرلا ۋاقىتتا ئارىلاپ-ئارىلاپ توختىماي چاقناۋاتاتتى. ئوت كەتسە، ئوت يورۇقى بەلكىم بۇنىڭدىن تەبىئىيراق بولار ئىدى.

خىزمەتچى خانىم يولۇچىلار بۆلمىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاچقا، پوزىتسىيىسى سوغۇق ئىدى. ئايروپىلاندىن ۋەقە چىققان ۋاقىتلاردا ئۇلار بۇنداق يۈرمەيتتى.

يولۇچىلار بۆلمىسىدىكى چىراقلار ئۆچتى. بۇ يولۇچىلار ئازراق ئۇخلىۋالسۇن دېگەنلىك ئىدى. ناتاشا كۆزىنى يۇمدى. ۋاسىكتىبولچىمۇ ئورۇندۇقنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرى بىر-بىرىگە تېگىشىپ قالدى. بىر قاراشتىلا كىشىلەرگە ئۇلار بىر كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھېلىقى ۋاسىكتىبولچىنىڭ بەدىنى گويا مەشكە ئوخشاش ئىسسىق ھارارەت چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئارزۇسى ئۆزىنى ناتاشادىن ئەپقېچىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا زېرىكىپ ۋە تەشۋىشلىنىپ قالماسلىق ئىدى. ئۇ جەينىكىنى ئاستا-ئاستا ناتاشا تەرەپكە سۈردى، ئۇنىڭ جەينىكى ناتاشاغا تېگىپ كېتىشكە يېرىم سانتىمېتىرچە قالغانىدى. ناتاشا بۇنى سەزگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەپقاچمىدى. ئۇنىڭ جەينىكى يېگىتلەرگە خاس فىزئولوگىيىلىك ماگنىت مەيدانى چىقارغان ئېنېرگىيىنى تارقىتىپ تۇراتتى. بۇ ئېنېرگىيە ناتاشانىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر پارچە بولۇت ئىچىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى.

ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ناتاشا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بولىقا سوقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ناتاشا ئىختىيارسىز بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇمۇ دەرھال يۈزلىرىنى ناتاشانىڭ چاچلىرى ئارىسىغا يوشۇردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىرلىكتە سوقۇۋاتىدۇ، ئايرىۋېلان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپ كەتسىمۇ قورقىدىغان ھېچنېمىسى يوق. ئايرىلىپ كەتمىسىلا بولىدى.

— باكۇدىن كېلىۋاتامسىز؟ — سورىدى ناتاشا.

قانداقلا بولمىسۇن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىۋېلىش كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇۋالمىسا، ھەقىقەتەن بەك ئەپسىز بولىدۇ-دە.

— شۇنداق. باكۇدىن كېلىۋاتىمەن.

— ئۆزىڭىز رۇسكەنسىزغۇ...

— ئۇ يەردىمۇ رۇسلار بار ئەمەسمۇ.

— ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟

— ئۇ يەرمۇ بىر گۈزەل شەھەر-دە...

— سىز موسكۋاغا كېلىپ نېمە ئىش قىلىسىز؟

— توپ مەشق قىلىمىز.

— تەنھەرىكەتچىمۇ سىز؟

— شۇنداق. تەنھەرىكەتچى...

ئۇلار قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئاۋازلىرى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىشىشى پەقەت خىيالنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۆزلىرىنى بۇنداق تەشۋىشلىك ئەھۋالدىن تارتىپ تۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇنداق تەشۋىشلىقا چىداش مۇمكىنمۇ، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ۋاسكېتبولچى ئۆرۈلۈپ ناتاشانى سۆيدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى

ئاتىنىڭ كالپۇكلىرىدەك قېلىن ھەم يۇمشاق ئىدى.

ئايروپىلان ھاۋا ئازگىلىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ۋاقىتتىكىدەك، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغانىدى.

ناتاشا بۇ دۇنياغا كېلىپ بۇنداق لەززەتلىنىپ باققان ئەمەس. قورامىغا يەتكەن ئەركەكلەرنىڭ سۆزلىرىدە ئىشقى - مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان باشقا سۆرلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ خۇددى كلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ تىل بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغىنىدەك، خۇددى راخمانىنوۋنىڭ ئىككىنچى تەڭكەش مۇزىكىسىنىڭ ناخشا تېكىستى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغىنىدەك، بۇنداق لەززەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

— سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاسكىتبولچى.

— بولغۇسى يولدىشىم بار. شۇنى كۆرگىلى كېتىۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ،... سىز تېخى ياش ئىكەنسىز...

قاراڭغۇدا ئۇ ناتاشانىڭ قانچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— سىزنىڭ سۆيگەن قىزىڭىز بارمۇ؟

— بار. ئۇنىڭ ئىسمى سىنېرانا. مەن ئۇنى پەرىشتە دەپ بىلىمەن.

— ئۇ بۇلغارىيىلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى ناتاشا پەرەز قىلىپ.

— شۇنداق. بۇلغارىيىلىك. مەن ئۇنى پەرىشتە دەپ بىلىمەن. لېكىن مەن ھەرقانداق بىر كىم بىلەن بىرگە بولۇپ ئۆزەمنى ھازىرقىدەك بۇنداق ھېس قىلمىغانىكەنمەن، بۇرۇن ھەتتا بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنىمۇ بىلمەيتتىم.

— سىز نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

— بىلمەيمەن. ئىسسىق ئۆتكەندەك بولدى.

ناتاشا سەل قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ تېخى بۇ تەنھەرىكەتچىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن-دە. ناتاشا ياشلارغا خاس يۈزنى، دەككە-دۈككىدە پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆردى. ئۇنىڭغا قارىۋالغىنى كۈپايە قىلمىغاندەك، قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ كەتتى. ناتاشا خۇددى قارىغۇ ئادەمدەك تەنھەرىكەتچىنىڭ يۈزلىرىنى قولىنىڭ ئۇچى بىلەن سىلايتتى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ چىرايىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. تەنھەرىكەتچى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە تەبىئىي كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەزمەن بولىدىغان ئىشلار ئىدى. بۇ قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا چاقناۋاتقان ئايروپىلاندىن چىقىۋاتقان بەلگە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن چىقىرىۋاتقان بەلگە ئىدى.

— كۆنىلىرىڭىز ياخشى ئۆتۈۋاتىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ناتاشا.

— بەك ناچار ئۆتۈۋاتىدۇ. بەك ئازابلىنىۋاتىمەن.

— نېمىشقا ئازابلىنىسىز؟

— مەن ئانامنى تىرىلدۈرسەم دەيمەن. ئادەم ئۆلسە، ئۇنى تىرىلدۈرگىلى بولامدۇ؟

— ياق. تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن بىئولوگىيە ئوقۇغان. بۇ ماڭا بەك ئېنىق. پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا قىلغىلى بولمايدۇ. قالغان ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— قەدىمكى زامان ئېتىنى تىرىلدۈرۈپتۇغۇ كىشلەر. ئاپيان ئاتنى① ئارغۇنلاشتۇرۇش، تاللاش نەتىجىسىدە ئۇ ئات تىرىلىپتۇغۇ. ھازىر ئاسكارنىيە-نوۋادا② بىر پادا تاپپان ئاتلار بار ئەمەسمۇ.

— كىشلەر شۇ ئاتنىڭ نەسلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنى تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قايتا پەيدا بولمايدۇ.

— لېكىن بەزىلەر: كېيىنكى ئەۋلادلار ئارقىلىق ئاتا-بوۋىلىرىنى تىرىلدۈرگىلى بولىدۇ، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەنغۇ.

— تەبىئەت دىگەندە نەسىل ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر تۇغۇلىدۇ، قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ياشلارغا ئورۇن بوشىتىدۇ. ھاياتنىڭ چاقى كەينىگە پىرقىرىمايدۇ.

— لېكىن مېنىڭ ئانام ئۇنچە قېرىپ كەتمىگەنىدى، ئۇ قازا قىلغان ۋاقىتتا تېخى ياشلا ئىدى.

— ئەڭ ياخشىسى رېئاللىققا قاراش كېرەك.

— مەن بۇنداق رېئاللىققا قارىسام بولمايدۇ. ماڭا ئانام بولمىسا بولمايدۇ. ھەتتا مەن ئانام بىلەن بىللە ئۆلۈپ كەتمەكچىمۇ بولغان... سىز مېنى ئىبلىشىپ قاپتۇ دەۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ياق. ئۇنداق ئەمەس.

ئۇنىڭ ئانىسىنى تىرىلدۈرۈش ئىستىكى ناتاشانى ھەيران قالدۇر-

---

① نەسلى قۇرۇغان بىر خىل ئات، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان.

② سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇكرائىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ خېرسون ئوبلاستىدىكى تەبىئىي ئاسرىلىدىغان رايون.

مدى. ئېنىقراق ئېيتساق، ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران قالغان بولسىمۇ، بۇنى چۈشىنەتتى، قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى. ناتاشا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىدۇ-دە. ناچىكا يولدىشى ۋالىك ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەندى، شۇڭا يولدىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ناچىكانىڭ ھېچبىر پەرۋايىغىمۇ كەلمىدى. بۇ تەنھەرىكەتچى بولسا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان، ئەكسىچە ئانىسى بىلەن بىر تەن بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ مەجبۇرىي ئايرىلىشنى تەبىئەتكە خىلاپ ھادىسە قاتارىدىلا قوبۇل قىلالايدۇ. ئېنىقىنى دېسەك، ئۇ بۇنداق ئايرىلىشنى تېخى قوبۇل قىلغىنى يوق. ئۇ يا ئانىسى بىلەن بىللە كېتىدىغان، يا ئانىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان بىر يولنى ئىزدىگەن. ئۇ كېيىنكى يولنى تاللىغان.

— بۇ دۇنيالىقتا پەقەت ئانا-بالا ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. مېنىڭ پەقەت ئانىملا بار ئىدى، ئانامنىڭمۇ مېنىڭدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. مەن تۇغۇلۇپ ئەمدىلا ئېيىمغا تولغان ۋاقىتتا دادام بىزنى تاشلاپ كەتكەنىكەن، ئانام شۇ چاغدا ئاران 19 ياشتا ئىكەن. مەن ھەتتا دادامنىڭ بار-يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن ئۇنى ئەزەلدىن كۆرگەن ئەمەس. بىزنىڭ كۈنىمىز ئىنتايىن موھتاجلىقتا ئۆتتى. بەزى چاغلاردا، ئانا-بالا ئىككىمىز بىر تەخسە قۇرۇق شورپا بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزەتتۇق. بىر يىلى قىشلىق ئايىقىم بولمىغاچقا، بىر قىش ئۆيدىن تالاغا چىقالمىغانمەن...

ناتاشا ئۆرۈپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى، سۆزلىرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى.

تەنھەرىكەتچى سۆزلەمەكتە ئىدى: ئۇنىڭ ئانىسى تىياتىر مەكتە-

پىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھېچبىر تىياتىر ئۇمىدكىنىڭ كۆزى چۈشمىدى .بەلكىم ئۇ ئادەتتىكىلا ئارتىس بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ "بىلىم" جەمئىيىتىنىڭ لېكسىيىلىرىدە ئاۋاز بېرىپ، رەسىم تەڭشەپ پۇل تېپىپ كۈن كۆچۈردى. مەسىلەن، لېكسىيە سۆزلىگۈچى ماكسىم گوركىنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇ ئۈچىسىغا يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بويىنىغا ئۇزۇن نېپىز شارپىنى ئوراپ چىقىپ «بوران قۇش قوشىقى»نى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى بەدىئىي ئوبرازلارغا ماسلىشاتتى، ئۇزۇن شارپىسى بىلەن بەزىدە شىددەتلىك بوران-چاپقۇننى، بەزىدە دېڭىزنى ئىپادىلەيتتى. ئەسلىدە ئۇ سەھنىگە ئادەتتىكى كىيىملەر — ئادەتتىكى كۆڭلەك ۋە چاپان — نى كىيىپ چىقسىمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ ئارتىس بولغىنىغا پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭدا رول ئېلىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش ئىستىكى بار ئىدى. لېكىن بۇ ئىستەك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ تالانتى چەكلىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان كىشىلەر ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئۆزىدە تالانتىنىڭ كەملىكىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە سەگەك كاللا ۋە ئالاھىدە جاسارەت بولۇشى كېرەك. كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. تەنھەرىكەتچى، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلماي كېچە-كۈندۈز قارىدى. ئۇنىڭ يانچۇقى كاللەك-كاللەك رۇبلى بىلەن تولغان بولۇپ، كۈتكۈچىگە بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار



www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. لېكىن كۆتۈش ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇ ئۆزى قىلدى. بىركۈنى باش دوختۇر ئۇنىڭغا: "يەنە ئازراق تەخىر قىلسىڭ، ئۆزۈڭ قالمىدى، ئىككى-ئۈچ كۈنلۈكى قالدى..." دېدى. ۋاسكىتا بولچى دوختۇرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى... ئۇ ئەسلىدە ئانىسىنىڭ نەپسى توختىمىغان، كۆزى يۇمۇلمىغانلا بولسا، قالغان ئۆمرىنى تاماق يېمەي، ئۇخلىماي، ھەتتا بىردەممۇ ئولتۇرماي ئۆتكۈزۈشكە تەييارلانغانىدى. بىركۈنى ئەتىگەندە، ئۇ پەلەمپەيگە تاماكا چەككىلى چىقىپ كەتتى. ئۇ بالنىستىغا قايتىپ كىرىپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا قالدى. ئانىسى يەنىلا شۇ يەردە ياتقان بولسىمۇ، ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. كىشىلەر سەھرادىكى باغ-ۋارانلىرىنى تاشلاپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ تېنىنى تاشلاپ باشقا ياقلارغا كەتكەنىدى.

بالنىستتا ئۇنىڭ ئانىسىغا ياندىش كارىۋاتتا ياتىدىغان يەنە بىر كېسەلمەن ئايال بار ئىدى. ئۇ تىترەۋاتقان بارماقلىرى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئۇ ئۆلۈپ كەتتى...، — دېدى پەس ئاۋازدا .

— شۇنداق... — دېدى تەنھەرىكەتچىمۇ جاۋاب بېرىپ.

— ئۇلارغا ئېيتىڭلار، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن.

— ياق، ئۇنىڭغا تەگمەڭلار.

— نېمىشقا؟

— شۇنداق قىلىش كېرەك.

ئۇ ئانىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە، ئۇنى ھازىرقى كەتكەن يېرىدىن چاقىرىپ كېلىشكە ئۈمىد باغلىغانىدى.

— مەن بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن. ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ئۆزلە-

www.uyghurkitap.com

رىگە ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن.

— ئەمىسە ئادەم چاقىرىپ كېلىڭ.

— چاقىرىپ كەلسەم كېلەي. لېكىن بۇمۇ بەرىبىر ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ.

ھېلىقى كېسەل ئايالنىڭ ئاۋازى تولىمۇ تۆۋەن، پوزىتسىيىسى مۇلايىم ئىدى. تەنھەرىكەتچىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نېمىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب قايتۇراتتى. بۇ ئۆزگىرىشتىن ئېسىنى يوقاتقان بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاۋازى شۇنچە تۆۋەن بولسىمۇ، مەنتىقىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

كېيىن تەنھەرىكەتچى دوختۇرنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاۋال باش دوختۇرنى تاپتى، ئارقىدىن يەنە بۆلۈم مۇدىرىنى تېپىپ، ئانامنى قۇتقۇزۇپ بېرىڭلار دەپ يېلىنىپ-يالۋۇردى ھەمدە ئۇلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ھېچ بولماي، بىرى ئۇنىڭغا ئۇكۇل ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن كۆك تومۇرلىرىنى كېسىپ يىرىۋەتتى.

— سىنىراناچۇ؟ — دەپ سورىدى ناتاشا.

— ئۇنى دېمەيلا قويۇڭ. ئۇ خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ.

ئىككىسى زۇۋان سۈرمەي بىرپەس تۇرۇشتى.

— سىز مېنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ قاراۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى يەنە ۋاسكىتبولچى.

— ياق. ئۇنداق قارىمايمەن. سىز تېخى بەك ياش ئىكەنسىز. بېشىڭىزدىن تېخى ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمەپتۇ.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ. لېكىن ئانام ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك

ئىدى. بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولدى. ئانام ئۇزۇن ياشيالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك جاپا تارتتى. مەيلى ئۇ ئارتىس بولغان بولسۇن، ياكى بىر ئاددى ئايال بولسۇن، ئۇ بۇ دۇنيالىقتا پەقەتلا خورلۇق كۆردى. بۇنى قانداق تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟ ئەجەبا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوقمۇ؟

— نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن، ھەممە ئادەم شۇنداق. بۇ بەك شەپقەتسىزلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەت ئەنە شۇنداق.

— ئۇنىڭ تېرىغىنى مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك....

— قارىغاندا ئۇ دەل جايىغا تېرىيالماپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — گاڭگىرىغان ۋاسكىتبولچى چۈشەنمەي سورىدى.

— ئۇ كەسىپنى توغرا تاللىيالمىغان. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئەرگە بالا تۇغۇپ بېرەمدۇ.

— ئانام ئۇنداق ئەرگە بالا تۇغۇپ بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ياخشى ئوغۇل تۇغقان-دە. تا ھازىرغىچە مەن ئۇنى ھەرقانداق ئادەمدىن ياخشى كۆرىمەن.

— بۇنى تەقدىر بەلگىلىگەن...

— ياق! — دەپ ۋارقىرىدى تەنھەرىكەتچى پەس ئاۋازدا، — بۇنداق دېيىشكە ئادىل بولمايدۇ!

ئۇ مۇشتلىرىنى تۈرۈپ ئاغزىغا تىقتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى.

ناتاشا ئەرلەرنىڭ يىغلىغىنىنى پەقەت كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ تۇنجى يولىدىشى بىرنەچچە قېتىم مەس بولۇپ قېلىپ يىغلىغان بولسىمۇ، ئۇ باشقا بىر خىل كۆز يېشى ئىدى.

ناتاشا ئۇنىڭ مۇشتىنى چىشلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، بارماقلىرىنى بىر-بىردىن ئاجراتتى، ئاندىن يۈزىنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا ياقتى. ئۇ تەنھەرىكەتچىگە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— سىنېرانا بىلەن توي قىلغانسىز، — دېدى ناتاشا، — بىر قىز تۇغۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئانىڭىزنىڭ ئىسمىنى قويۇۋېلىڭ. ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئالېكساندرا.

— ياخشى. قىزىڭىزنىڭ ئىسمىمۇ ئالېكساندرا بولسۇن. بۇ ياخشى ئىسىم ئىكەن. بۇنى خالىغانچە قىسقارتىپ ئىپتىقلى بولىدۇ: ئالىيا، ساندرا، شورا، ساشا...ئۇ چوقۇم سىزگە ئوخشايدۇ، چۈنكى قىز بالا ئومۇمەن دادىسىغا ئوخشايدۇ، ئوغۇل بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ، ساندرا سىز ئارقىلىق ئانىڭىزغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىزمۇ ئانىڭىزنى تىرىلدۈرۈۋالامسىز...

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

— ناتاشا.

— ئايروپىلان چۈشۈشكە باشلىدى، — دېدى خىزمەتچى خانىم جانىسىز، ئەمما مۇلايىم ھالدا، — ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكلىرىنى ئەسلى جايىغا يىغىپ قويۇڭلار، بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلىۋېلىڭلار.

چىراقلار ياندى. يولۇچىلار قوزغىلىپ، بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلىۋېلىشتى. ناتاشا ۋاسكىتبولچىغا قارىۋالدى، ئۇنىڭغىمۇ چىراق يورۇقىدا ئۆزىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. لېكىن ۋاسكىتبولچى ئۆزلىرىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىنى ئاڭقىرالمىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، "ئىسسىق ئۆتۈپ قالغىنى" ئۇنىڭ كالىلىسىغا خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك.

— يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بولمايدۇ، — دېدى ناتاشا، — بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مەن يالغۇز ئەمەس-تە.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بەلكىم سىزگە ھامان پۇرسەت تېپىلار؟

— پۇرسەتقۇ تېپىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

تەنھەرىكەتچى ئۇنچىقمىدى. ناتاشا بۇنداق دەۋاتسا، ئۇ يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟

ئايروپىلان سېرىلما يولغا قوندى، يولۇچىلار بۆلمىسىگە ئايروپىلاننىڭ يەردە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئايروپىلان يەرگە قونغاندا، ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەندىكىگە ئوخشاش قاتتىق بىر سىلكىنەتتى. ئايروپىلان قانىتى ئاستىدىكى نەرسىلەر لىڭشىپ، قارىغان ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋېتەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئايروپىلان باشلىقى ئەسلى ئۇچقۇچى بولمىسا كېرەك، كېيىن ئۆگەنگەن ئوخشايدۇ.

ئايرودروم بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر تۆمۈر رېشاتكا بار ئىدى. كىتابىۋ ئاشۇ تۆمۈر رېشاتكىنىڭ سىرتىدا ناتاشا چىقىدىغان ئېغىزغا كۆزىنى تىكىپ قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ شۇ تۇرقى پۇتۇنلەي بىر قاراقچىغا ئوخشايتتى.

ناتاشا تېخى چىقىش ئېغىزىغا بارمىدى. ئۇ ئۇدۇل رېشاتكىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق سىرتتىن قارىغۇچىلارغا

ئوخشاش كىتايىۋغا سەپسالغاندىن كېيىن، زىل ئاۋاز بىلەن:
— كىتايىۋ...، — دەپ توۋلىدى.

كىتايىۋ ئۇنى كۆرۈپ، رېشاتكىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئىككى قولىنى رېشاتكىدىن ئىچكە سوزۇپ ناتاشانى قۇچاقلىدى هەم ئۇنى قىزغىن سۆيۈپ كەتتى. كىتايىۋنىڭ لەۋلىرى نېپىز هەم قاتتىق ئىدى. بۇ سۆيۈش ناتاشاغا تەسىر قىلمىدى، پەقەت لەۋلىرى ئۈستىدىلا قالدى.

كىتايىۋ يۈك-تاقلارنى دەپ بىر كېچە بىكارغىلا ئۆتۈپ كەتتى، قالغان بىر كۈن قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولماقچى دەپ، ئايروپىلاننىڭ كېچىكىپ كەلگىنىگە ئاغرىنىۋاتاتتى. ناتاشا ئەسلىدە "بۇنى مەندىن كۆرەمسىز، ئەسلىدىلا بۇ يەرگە كېلىشكە پۈتۈشمىسەك بوپتىكەن" دېسە بولىۋېرەتتى. لېكىن ناتاشا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى، ئۇ تېخى خىجىل بولغاندەك قىلاتتى. كىتايىۋ ئۇنىڭ نېمىگە خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى: هايات-ماماتلىق پەيتتە ئۇ كىتايىۋنى پەقەت خىيالىغا ئالمىدى، بەلكى باشقا بىر ئەر بىلەن بىر كېچە بىرگە بولدى. دېمەك، ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم خىيانەت قىلدى.

يۈك-تاقلار يېتىپ كەلدى. كەڭ توشۇغۇچى تاسما يۈگىلىپ كېلىۋاتاتتى. قاراڭغۇدا، چوڭ-كىچىك يۈك-تاق ساندۇقلىرى، سەپەر خالتىلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەك، توشۇغۇچى تاسما ئۈستىگە ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈۋاتاتتى. ھېلىلا ئايروپىلاندىن چۈشكەن يولۇچىلار توشۇغۇچى تاسمىدىن ئۆزىنىڭ يۈك-تاقلىرىدىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمىسىمۇ، ئۈيۈقلۇق كۆزلىرىنى خۇددى قار بوۋايىنىڭ قولىغا تىككەندەك توشۇغۇچى تاسمىغا تىكىپ تۇرۇشاتتى.

مۇشۇ پەيتتە، ناتاشا ھېلىقى ۋاسكىتبولچىنى كۆرۈپ قالدى. يەر يۈزىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېگىز ھەم ئۇۆرە گەۋدىسى، پۇختا بويىنى ۋە چىرايىلىق كاللىسى بىلەن ئىنتايىن جەسۇر كۆرۈنەتتى. سەكرەتمە فىلىمدىكى شاھزادە ئۇۋان بىلەن لەقۋا ئۇۋانىنىڭ بويىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى. ۋاسكىتبولچى كىتابىۋقا نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭ بۇ قاردىن ھەيران بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ناتاشا نېمىشقا ئۇنى تاشلاپ قاملاشمىغان بىر پاكىنەك بوۋاينى تاپىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىنى گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئابىھاياتنى تاپمايدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىنىڭ پاقا مەلىكىسىنى مۇشۇ ۋەھشى قېرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمايدۇ؟...ئۇ بۇلارنى زادى چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭ قاردىقى ناھايىتى ئېغىردەك كۆرۈنىدىغان، تەنىھەرىكەتچىلەرگە خاس ئاچ كۆك سەپەر سومكىسى يېنىدىكى يوك-تاق ساندۇقلىرىغا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نەچچە قېتىم ئۆتتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەسىلىلەرمۇ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزى تىكىلگەنسېرى، سومكىسىنىڭ رەڭگى شۇنچە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى.

كىتابىۋ توشۇغۇچى تاسمىدىن ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن قوڭۇر سېرىق چامادانىنى ئالدى. ئۇلار يوك-تاقلار ئامبىرىدىن چىقىپ بىلەت تەكشۈرگۈچىگە يوك-تاق بېلىتىنى كۆرسەتتى.

ئايرودروم بىناسىدىن چىققاندا، ناتاشا ئارقىسىغا قاراپ قويدى. ئارقىسىدا ۋاسكىتبولچى بويىنىنى قۇشلارنىڭكىگە ئوخشاش تولغاپ ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى سىگان بالىسىنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى.

ناتاشانىڭ بېشىدىن مۇنداق بىر ئىش ئۆتكەنىدى. بىرىسلى

يازدا، ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە داچىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا شۇنداق چىرايلىق، ئەمما قاسىماق بىر بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بىر سىگان ئايال كىرىپ كەلدى، بالا پاسكىنا قولىنى سوزۇپ تۇراتتى. سىگان ئايال ئۇلاردىن يېمەكلىك، كىيىم ۋە پۇل تىلىدى. ئۇ جىقراق بىرنېمە بەرسە، دەپ تۇراتتى. ئۇ بىر رۇبلىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئون رۇبلى تىلەشنى بىلسە كېرەك. ناتاشانىڭ ئانىسى ئۆيگە كىرىپ گۆش نان، پۇل ۋە كونا يېپىنچىغا ئوخشاش كۆزى قىيغان بەزى نەرسىلەرنى ئېپچىقىپ بەردى. ئۇ يېڭىلا پىشۇرۇلغان ياڭيۇنى سىگان بالىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. لېكىن ئۇ ياڭيۇنىڭ تېخى سوۋۇمىغانلىقىنى دەررو ئەسكە ئېلىپ، قورقۇپ كەتتى-دە، بالىنىڭ قولىدىكى ياڭيۇنى كاپلا قىلىپ تارتىۋالدى. كىچىك سىگان بالىسىنىڭ كۆزىدە دەرھال ياش ئەگىپ، خۇددى ئاھانەتكە قالغان ئادەمدەك تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ چوڭلارنىڭ ياڭيۇنى قولى كۆيمىسۇن دەپ تارتىۋالغانلىقىنى بىلمەيتتى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ۋاسكىتبولچىمۇ ناتاشانىڭ كۆيۈپ يۈرمىسۇن دەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

كىشىلەر بىلەن مەجبۇرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى دەل-دەرەخ بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىزى خۇددى پاتقاقتا چوڭقۇر تىقىلغان بىر قولغا ئوخشاش يەرگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولۇپ، دەرەخنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ھەم ئۆزىنىمۇ ساقلاپ تۇرىدۇ. يەر ئۈچۈن دەل-دەرەخ بولمىسا بولمايدۇ، دەل-دەرەخ ئۈچۈن يەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ. مەجبۇرىيەت تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىلا بولۇپ قالماستىن،

تىرىكلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ. سەن بىر تۈپ دەرەخنى يۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى، يېڭى بولغان-دىمۇ ئەي بولىدىغان، كۆكلەپ ئۆسىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى تىكىشىڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. بولمىسا، بىر تۈپ دەرەخنى يۇلۇۋې-تىپ، ئورنىغا باشقا بىر تۈپنى تىكەلمىسەڭ، شۇ يۇلۇۋەتكەن دەرەخ-نىڭ ئورنىكى ئالدىدا تۇرۇپ قالىسەن-دە، ئۆز قىلمىشىڭنىڭ ئاقىۋە-تىنى كۆرىسەن.

ناتاشا كىتابېۋقا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. ۋاسكىتبولچى بولسا ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز نۇرى خۇددى ئۇيۇپ قالغان بىر تال نۇرغا ئوخشاش ناتاشانىڭ ئارقا مېڭە-سىنى تېشىپ كىرىپ كەتتى. كېيىن ئۇزۇنغىچە، بىر ھەپتىگىچە بولسا كېرەك، ناتاشا ئارقا مېڭىسىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۇردى.

شۇنداق ئەمەسمۇ...بۇنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنقى يولىدىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟! ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. پەقەت ئۇ شۇ ۋاقىتتا، يېڭى تۇرمۇش قۇرغان ۋاقىتتىلا تېخى تۇتۇپ بولمىغان يىلتىزنى بىپەرۋالىق بىلەن تارتىپ تاشلىغان، خالاس. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ ھەممە نەرسە يەنە بولىدۇ، ھەممە نەرسە تېخى ئالدىمدا، دەپ قارىغان ئىدىغۇ..

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
1986-يىللىق 1-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالىمجان ئانايەت**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **تۇرسۇن رەھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ۋاسىلى بىلەن ۋاسىلىسسا

## ۋ. راسپۇتىن

**ئاپتور ھەققىدە** ئەخلاق تېمىسىدا ئەسەر يېزىشۋاتقان ھازىرقى سوۋېت يازغۇچىلىرى ئىچىدە ۋ. گ. راسپۇتىن كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنىڭ بىرى. ۋ. راسپۇتىن 1937 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1961 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. راسپۇتىننىڭ بىرمۇنچە ھېكايىلەر توپلىمى ۋە پوۋېستلىرى بار. بۇلاردىن «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» 1977 ـ يىلى دۆلەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن (بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1982 ـ يىلى نەشر قىلىندى). «ۋاسىلى بىلەن ۋاسىلىسسا» 1966 ـ يىلى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، دېھقان ئەر ـ خوتۇننىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەردىن ئاپتور ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ۋاسىلىسسا سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ياز كۈنلىرى ئادەتتە توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ ئويغىناتتى، قىش كۈنلىرى بولسا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، توخۇلار قاتتىق ئۇخلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇ توخۇنىڭ چىللىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى، ئەمما ۋاسىلىسسا بەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەيتتى. ئۇ گويا بۈگۈنكى بىر كۈننىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەۋاتقاندەك، كارىۋاتتا ياتقىنىچە بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاندىن بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، كارىۋاتتىن سىرلانغان پولغا چۈشتى. ئۇ كىيىن-

گەچ ئۇدۇلدىكى تامغا قاراپ: خۇداغا شۈكۈر، تاراقانلارنى ئاخىر يوقىتىپ بوپتۇق، بىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭدىكى چالا ئۇيقۇلۇق ھالەت ئۇزاققا بارمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەت ئۇيقۇ بىلەن خىزمەت ئارىلىقىدا بېسىشقا تېگىشلىك بىر قەدەم، يەنە كېلىپ باسماي بولمايدىغان بىر قەدەم ئىدى. ۋاسىلىسا كىيىنىپ بولۇپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئوچاققا ئوت ياقتى، ئورىدىن ياغيۇ، قازناقتىن ئۈن ئېپچىقتى، چوڭ-كىچىك قازانلارنى ئوتتا قويدى، موزايلىرىغا سۇ، كالا، چوشقىلىرىغا بوغۇز، توخۇلىرىغا يەم بەردى، سىيىرىنى سېغىپ، سۈتىنى داكا بىلەن سۈزدى، ئاندىن ئۇنى ھەر قىسما بوتۇلكا-قۇتىلارغا قاچىلىدى — دېمەك، ئۇنىڭ ئىشى ناھايىتىمۇ جىق ئىدى، ساماۋار قاينىتىشمۇ كېرەك ئىدى.

ئۇ ساماۋاردا چاي قاينىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىرىنچى دورەمدىكى ئىشلار سىپلىككەندىن كېيىن، ئەتىگەنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ئاغزى قۇرۇپ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ بىر كۈننى سائەتكە قاراپ ئەمەس، چاي ئىچىشكە قاراپ ئايرىيتتى، ياشىنىپ قالغاچقا، چاي ئىچىش ئۇنىڭ باشقا ھەممە ھەۋەسلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىردىنبىر ھەۋەسگە ئايلانغانىدى.

ۋاسىلىسا تېخىچە ئايىقى بېسىلماي ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى. چوڭ-كىچىك قازانلارغا قارايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كۆزىنى ساماۋاردىن ئۈزمەيتتى: ساماۋار ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى، ساماۋارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاخىرىدا ساماۋار بۇلدۇقلاپ قايناپ كەتتى. ۋاسىلىسا ساماۋارنى شىرەگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇردى-دە، بىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ پات-پاتلا شۇنداق ئۇھ تارتىپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئۇھ تارتىشى خۇشال بولۇش، ھەيران قېلىش، ھەتتا ئازابلىنىش، ئەمما ئەندىشىگە پېتىشتەك تۈرلۈك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى.

ۋاسلى ئورنىدىن كېيىنرەك تۇردى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنچىۋالا سەھەر تۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ قازناق ئۆيىنىڭ خۇددى مونچىنىڭكىدەك كىچىككىنە دېرىزىسىگە كىچىسىمۇ پەردە تارتىقلىق تۇراتتى: ۋاسلى ئايىنى قانداقتۇر بىر خىل سوغۇق ھاۋا چىقىرىدىغان نەرسە دەپ قاراپ، ئاي يورۇقىنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ كارىۋىتى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ ئاياق تەرە-پىدە كىچىككىنە شىرە بار ئىدى. ئىشىك بېشىدىكى قوزۇقتا ئۇۋ ئۇۋ-لاش ۋە بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى ئېسىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتە جۇۋا ۋە تېرە جىلىتكە ئارتىقلىق تۇراتتى. ۋاسلى ئۇيقۇدىن ئويغاندى-دە، ئالدى بىلەن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، دېرىزىدىن چۈشكەن قوياش نۇرىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ كەتتى، ئۇ سەل كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى ھاۋا قانداقكىن دەپ دېرىزىدىن تالاغا قارىدى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنماي، ھېچبىر شەپىمۇ چىقارمايلا ئاستا كىيىندى.

ۋاسلى تۆر ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ۋاسلى شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيدى-دە، ئۈن چىقارماي شىرە-نىڭ ئوتتۇرىسىدا قويدى. ۋاسلى ئىستاكاننى ئالدىغا تارتىپ، ئېغىز كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان قىزىق چايدىن گۇپپىدە بىر ئوتلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گويا قورسىقىغا بىر پارچە تاش كىرگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

ۋاسىلىسا چايغا چاقىماق قەنت سېلىپ ئىچەتتى. ۋاسىلىنىڭ قەنت بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى ساپ پېتى ئىچىش كېرەك: ھاراققا سۇ قوشماسلىق، چايغا قەنت سالماسلىق كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ چېينى ئىچىپ بولۇپ، ئىستاكاننى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىتتىرىپ قويدى. ۋاسىلىسا ئىستاكانغا يەنە چاي قۇيدى-دە، شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى.

ۋاسىلىمۇ، ۋاسىلىسامۇ ئۈن چىقارمايتتى. ئۇلارنىڭ كەنجى ئوغلى پېتر تامغا يانداش قويۇلغان كارىۋاتتا تۇگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ قىشتىمۇ، يازدىمۇ تىزىنى يوتقانىنىڭ تېشىغا چىقىرىپ ياتاتتى.

ۋاسىلىسا بىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىگە يەنە بىر ئىستاكان چاي قۇيدى. ۋاسىلى قولىدىكى ئىستاكاننى شىرەگە قويدى-دە، ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تالاغا ماڭغان چاغدىمۇ، ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا يەنىلا ئېرەن قىلمىدى.

— ھەي، ھۇرۇن، — دېدى ۋاسىلىسا پېترگە، — قوپە، يېتىۋېرىپ دۈمبەڭگە ياتاق يارىسى چىقىپ كەتمىسۇن يەنە، قوپ.

پېتر نارازىلىق بىلەن كۆزىنى ئاچتى-دە، تىزىنى يوتقانغا تىقتى.

— قوپە، ھۇرۇن ئېشەك، — دېدى ۋاسىلىسا ھېچبىر ئاچچىقلانماي تەكرارلاپ، — رېناغا بارىمەن دېگەنتىڭغۇ، چېيىڭنى ئىچىۋېلىپ چاپسان بار.

پېترنىڭ خوتۇنى تانىيەمۇ ئويغاندى، بىراق ئۇنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئىشقا چىقمايتتى.

— سىز يېتىۋېرىڭ، — دېدى ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا، — ئالدىراش

بىر يەرگە باردىغان ئىشىڭىزمۇ يوق، ئاۋۇ ھۇرۇن ئىشەكنى تۇرغۇ-
زۇۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.

ۋاسىلىسسانىڭ قارىشىچە، ھۇرۇنلار ئۈچكە بۆلۈنەتتى: ئۇ ئادەتـ
تىكى ھۇرۇنلارنى ئېرىنچەك دەيتتى، تەجرىبىسىلىك ۋە خېلى ئۇزاق
تارىخى بار ھۇرۇنلارنى ھۇرۇن دەيتتى، تۈزەلمەس ھۇرۇنلارنى
ھۇرۇن ئېشەك دەيتتى. پېترنى ئۈچىنچى خىلدىكى ھۇرۇنلار قاتارىغا
كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. بۇنىڭدا ئادىلسىزلىق بولغانلىقىنى ۋاسىلىسسا-
نىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى، بىراق ۋاسىلىسسا ئاشۇنداق كوتۇلداپ
تۇرمىسا ئۇنىمايدىغانلاردىن ئىدى.

— ھۇرۇن ئېشەك، ئۇ ھۇرۇن ئېشەكنىڭ دەل ئۆزى، — دەپ
غۇدۇرىدى ئۇ.

ۋاسىلىسسا يەنە ئاشخانىغا يېنىپ كىردى-دە، ئۇنى-بۇنى پىشۇ-
رۇش بىلەن بولۇپ كەتتى. بىر كۈن تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى.
ۋاسىلىسسا بىر ئۇھ تارتىپ قويدى — پۈتۈن بىر كۈن تېخى ئۇنىڭ
ئالدىدا تۇراتتى.

* * *

ۋاسىلى قاتار كەتكەن ئۈچ ئېغىز قازاناقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىسىدە
تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا 30 يىلچە ۋاقىت بولۇپ
قالغانىدى. بۇ قازاناق ئۆي بەكلا كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئاشلىق
يوق ئىدى، ئۇ خۇددى تۆر ئۆيدەكلا پاك-پاكىز ئىدى، ئاستىغا
تاختاي ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستى ناھايىتىمۇ ھەم قىلىپ يېپىلغانىدى.
ئىلگىرى ياز كۈنلىرى بۇ ئۆيدە باللىرى ياتاتتى، بىراق بۇ خېلى
بۇرۇنقى ئىش بولۇپ، ئۇ چاغدا ۋاسىلى تۆر ئۆيدە يېتىپ قوياتتى.
قىش كۈنى ۋاسىلى ئۆزىنىڭ قازناق ئۆيىگە قەلەي مەش قويۇ-

ۋالاتتى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا پېتر ئۇنىڭغا ئېلېكتىر چىراق ئورنى-
تىپ بەردى، بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، نېمىشقىدۇ قازناقنىڭ
ئىشىك بېشىغا ئۇۋا سېلىپ كەلگەن قارلىغاچلار باشقا يەرگە كۆچۈپ
كېتىشتى، ۋاسىلى قارلىغاچلارنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى،
قارلىغاچلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشتا كۆڭلى تولىمۇ
يېرىم بولدى، كېيىن بارا-بارا كۆنۈپ قالدى.

ۋاسىلى تۆر ئۆيگە كۆندە بىر قېتىملا كىرەتتى، ئۇ كىرگەندە
ياشلار تېخى ئۇخلاۋاتقان بولاتتى، ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا قېنىق ھەم
قىزىق بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بېرەتتى. ۋاسىلىسا شىرەنىڭ بىر
بېشىدا، ۋاسىلى يەنە بىر بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار گويا بىر-بىرىنى
كۆرمىگەندەك، ئۆزئارا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي، جىمجىت
ئولتۇرۇشاتتى، پەقەت شىرەدىكى ئىستاكانلا شۇ مەيداندا بىر-بىرى-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى
بۇنداق جىمجىتلىق قانداقتۇر بىر خىل غەيرىي تەبىئىي جىمجىتلىق
ئەمەس ئىدى، ھەتتا بۇ جىمجىتلىقمۇ ھېسابلانمايتتى، بەلكى بۇ بىر
خىل تەبىئىي، ئۈن-تىنسىز بەدەن ھالىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى، بۇنداق
ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قارشى تەرەپنىڭ گەپ قىلىشىنى
كۈتمەيتتى، شۇنداقلا مۇشۇنداق مىنۇتلاردا قىلىنغان گەپنىڭ ئۆزىمۇ
ئارتۇقچە ئىدى.

چۈشلۈك ۋە كەچلىك غىزانى ۋاسىلى ئۆز ئۆيىدە يەيتتى. ئۇنىڭ
ئاز-تولا ئۆي سەرەمجىنى بار ئىدى، ئۆزى تاماق ئېتىشنىمۇ ئۆگى-
نىۋالغانىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى تولىمۇ ئاددى
بولاتتى، كۆپ ھاللاردا چۆپنى كونسېرۋا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپلا
تاماق راسلايتتى، ئۇۋ قىلغاندا ئامىتى كېلىپ قالسا يېڭى گۆشمۇ

يەپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا پېترمۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىۋالاتتى — پېتر ھە دېگەندە تۆر ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ تاۋا، تۇز، ۋىلكا، رومكا ئېلىپ كېرەتتى — دېمەك، ئۇ بۇ ئامەتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كىرەتتى.

— سەن ئۇ ئۆيدە ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالساڭ، ئۆيگە قايتىپ كىرگۈچى بولما! — دەپ ۋارقىراپ قالاتتى ۋاسىلىسا ئۇنىڭ كەينىدىن، — راستلا بىر ھۆرۈن ئېشەك ـ دە!

ۋاسىلىسا "ھۆرۈن ئېشەك" دېگەن گەپنى سوزۇپ دەپ پۇخادىن چىقاتتى.

باللار قازناقنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇشۇۋالاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېترنىڭ ئوغلى ۋاشكامۇ بار ئىدى — ئۇنىڭغا بوۋىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شۇنداق ئات قويىغانىدى، يەنە ناسكانىڭ ئۈچ بالىسىمۇ بار ئىدى. ناسكا ۋاسىلى بىلەن ۋاسىلىسانىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇپ، ئۇمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇراتتى: ئۆي ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېرىمى ناسكاغا تۇتۇپ بېرىلگەنىدى. ياندىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئۇلارنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىغا ياتلىق بولغان چوڭ قىزى ئانىنا ئولتۇراتتى.

ۋاسىلى پىخسىق ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوۋلاپ كەلگەن نەرسىسىدىن ئۆزىگە ئازراقلا قالدۇرۇپ قويۇپ، كۆپ قىسمىنى ناسكاغا بېرەتتى؛ ناسكا ئۈچ بالا بىلەن قالغان تول خوتۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممىدىن ناچار ئىدى. پېتر گۆشنىڭ بىر پارچىسىنى كېسىۋالاتتى ـ دە، باشقىلارنىڭ كۆزى قىزارمىسۇن دەپ، دەرھال ئۆزىنىڭ قازناق ئۆيىگە ئېپكىرىپ كېتەتتى. ۋاسىلى گۆشنىڭ قالغىنىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر پارچىسىنى باللاردىن ئانىناغا كىر-

گۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن باللار چۇرقىراشقان پېتى كېتىپ قېلىشاتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىلى ئۆزىگە قالدۇرغان گۆشنى توغراپ، قازاندا پاژىلدىتىپ قورۇشقا باشلايتتى. گۆشنى قورۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشكنى يېپىپ قويۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچاتتى.
ۋاسىلى ئورمانلىقتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتى. ئۇ ئورمانلىقنى چۈشىنەتتى، ئورمانلىقنى سۆيەتتى، ئۇنىڭغا بۇ ئورمانلىق ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلىنغاندەك، ئورمانلىقنىڭ ھازىرقى بايلىقىنىڭ ھەممىۋا- سىنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغاندەك بىلىنەتتى. 9-ئاي كىرىشى بىلەنلا ئۇ ئورمانلىققا كىرىپ تاكى قار چۈشكەنگە قەدەر قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەر ۋە قارىغاي مېۋىسى تېرەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ پەسلى يېتىپ كېلەتتى، ۋاسىلى بىر يىلدا ئىككى نۆۋەت — يېڭى يىل ئالدىدا بىر نۆۋەت، يېڭى يىل ئۆتكەندە بىر نۆۋەت تىيىن بىلەن قارا بۇلغۇن تۇتاتتى؛ ئەتىياز بولغاندا يەنە قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنى تېرەتتى، قار ياغقاندىن كېيىن، يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ بولاتتى؛ 5-ئايدا گېبسۇك ئوراتتى، 6-ئايدا ئورمانلىقتىكى كۆلچەكلەردىن بېلىق تۇتاتتى، 7-ئايغا بارغاندا شىرنىلىك مېۋىلەر پىشاتتى-دە، ئۇنى يىغىشقا كىرىشەتتى — ۋاسىلى ھەر يىلى مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆتەتتى.
دېھقانلار پات-پات كېلىپ ۋاسىلىدىن ئۇقۇشۇپ تۇراتتى:
— ۋاسىلى، سېنىڭچە بۇ يىل قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىن ئاز-تولا يىغىۋالغىلى بولارمۇ؟
— قۇشقاچلار يەپ تۈگەتمىگەن بولسا، يىغىۋالغىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ۋاسىلى ئۇستىلىق بىلەن.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، — دەيتتى دېھقانلار تىلنى

چاپىنىشىپ.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن بېرىپ قاراپ باقاي، — دەيتتى ۋاسىلى ئۆزىنى تۇتالماي، — ھازىر مەن ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن، ئۆيدە تۇرۇپ ئورمانلىقتىكى ئەھۋالنى كۆرەلمەيمەن - دە.

ئۇ ھېچقانداق بىر ئورۇندا ئىشلىمەيتتى، ئورمانلىق ئۇنى يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن قامدايتتى. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭكىدىن جىقراق تېرە ساتاتتى، مول ھوسۇللۇق يىللاردا بەش تاغاردىن سەككىز تاغارغىچە قاتتىق پوستلۇق مېۋە تېرەتتى. لىتۋانىڭ ئورمانشۇناسلىرى، موسكۋا ۋە ئوبلاستىنىڭ گېئولوگلىرى ئۇنىڭغا يازدا تەكشۈرۈش ئېتىرىتىمىزگە يول باشلاپ بەرسىڭىز دەپ قىشتىلا خەت يازغىلى تۇراتتى. ئادەتتە ئۇ لىتۋا ئورمانشۇناسلىرىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مايىل ئىدى، چۈنكى ئۇ باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى، ئۇلارنىڭ چۈشەنىش تەس بولغان گەپلىرىدىن بىرنەچچە ئېغىز ئۆگىنىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر قېتىملىق دەم ئېلىشتىن كېيىن، ئۇ ھامان ئىختىيارسىز ھالدا مەمنۇنىيەت ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، ”ئېنئام“ دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن لىتۋالىقلار كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ۋاسىلىنىڭ ئورمانشۇناسلارغا ئامراقلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئورماننى قانداق رەتكە سېلىشنى بىلەتتى، ئورمانغا ئوت كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى، گېئولوگلار بولسا ئۆزلىرىنى ئورمانلىقنىڭ ۋاقىتلىق ئادىمى دەپ قاراپ، ئۇنى كەلسە-كەلمەس دەپسەندە قىلاتتى، ئون نەچچە تال قارىغاي مەدىكىنى دەپ، بەرنەق ئۆسۈۋاتقان قارىغاينى سۇندۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىشى ياكى بولمىسا ياققان گۈلخانلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتمەي كېتىپ قېلىشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئىدى.

ۋاسلى ئورمانلىقتا مېڭىش ئالدىدا، ئۆيىنى قۇلۇپلىۋېتەتتى، دېرىزىدىن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە كۆز سېلىپ تۇرغان ۋاسىلىسا غوتۇلداشقا باشلايتتى:

— قىلىۋاتقان قىلىقىنى، خەق ئوغرىلاپ كېتىدىغاندەك. ساندۇقى شۇ تاپتا پۇلغا توشتى، بەش-تۆت تەڭگە خەجلەپ، تۈزۈكرەك بىر شىم ئېلىپ كىيەيمۇ دېمەيدۇ، ھەمىشە شۇنداق جۇل-جۇل يىرتىلىپ خەقنىڭ مازىقىغا قالغىنى قالغان، ئۇنىڭدا يا نومۇس، يا ۋىجدان يوق.

...ئىككىيلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇشاتتى، ۋاسلى كارىۋاتتا، پېتر 25 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئۇچۇن ياساپ بېرىلگەن بالا ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ۋاسلى تېخى كەيىپ بولمىغانىدى، ئۇ بەل ئاغرىقىدىن ۋايسىغىلى تۇردى:

— يەنە ئاغرىغىلى باشلىدى، بۇ نەس ئاغرىق ئېگىشىپ تۇرۇپ بىرلا ئۆرە بولسام يوقاپ كېتىدۇ.

— ئاغرىيدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى پېتر ئەجەبلىنىپ، — سېنىڭ ئۆزەڭنى 65 ياشقا كىرىپ قالدىم دەپ بىلىشىڭ ناتايىن، سەن يەنىلا ياشلاردەك يۈگۈرۈپ-چېپىپ يۈرمەكچىمىدىڭ؟ سېنىڭ سالامەتلىكىڭ جايىدا، خۇدا ھەممىلا ئادەمنى ساڭا ئوخشاش سالامەت قىلغاي.

— شۇ يالغۇزچىلىقتا ئاغرىپ-تارتىپ قالسام قانداق قىلارمەن دەيمەن، بىر ھەمراھ تاپمىسام بولمىغۇدەك، — ۋاسلى بۇ گەپنى خېلى ئېپتىخار بىلەن دېدى: قاراڭچۇ، ئۇنىڭغا ئەمدى بىر ھەمراھ كېرەك بولۇپ قاپتۇ.

پېتر قازاندىكى گۆشكە كۆكۆلشىپ ۋاڭكا سانجىدى.
— ئىھتىمال، سەن مەن بىلەن بىللە بارساڭ كېرەك؟ — ۋاسىلى پېترنىڭ بارمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سورىدى.
— مېنىڭغۇ تازا بارغۇم بار ئىدى، بىراق مېنى كىم بارغىلى قويىدۇ؟ بۇ جاڭزا مېنى ھېچنەگە ماڭغۇزمايدۇ.
— توغرا، جاڭزا ماڭغۇزمايدۇ، — دېدى ۋاسىلى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.
مەسىلە ھەل بولدى، ۋاسىلى رومكىغا يەنە ھاراق قۇيدى.
...ۋاسىلىسانىڭ ھەمراھى، 70 ياشلىق موماي ئاۋدوتىيا ئۇنى يوقلاپ كىرىپ كەلدى.
— يولدا كېتىۋېتىپ، كۆڭلۈمگە ۋاسىلىسانى يوقلاپ ئۆتەيچۇ دېگەن خىيال كېلىپ قالدى، — دېدى ئاۋدوتىيا، ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى.
ۋاسىلىسا كىر يۇيۇۋاتاتتى، ئۇ پەرتۇقىنى ئالدىراپ يەشتى-دە، ئاۋدوتىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قول بەردى.
— قېنى بىر قول ئېلىشىۋېتەيلى، ئاۋدوتىيا ھەدە.
ئاۋدوتىيا مومايىنىڭ قولى گويا دەسمالدەك يۇمشاق ھەم كۈچسىز ئىدى.
— يولدا كېتىۋېتىپ، كۆڭلۈمگە ۋاسىلىسانى يوقلاپ ئۆتەيچۇ دېگەن خىيال كېلىپ قالدى، — دەپ يەنە ۋارقىرىدى ئۇ، — بىراق سېنىڭ بىردەم ئولتۇرۇۋالغۇچىلىكمۇ ۋاقتىڭ يوق ئىكەن.
— نەدىمۇ ئۇنداق ۋاقىت بولسۇن! — دېدى ۋاسىلىسا، — بىردەم ئۇ ئىش، بىردەم بۇ ئىش بىلەن كۈن بويى پايپېتەك بولۇپ يۈرگىنىم يۈرگەن...

www.uyghurkitap.com

— ئىش دېگەن مىڭ يىلدىمۇ تۈگىمەيدۇ! — دېدى ئاۋدوتيا، — ئېسىڭدە بولسۇن، ۋاسىلىسا، ئىش دېگەننى ئۆلگىچە قىلساڭمۇ ئېشىپ قالىدۇ، خۇددى ئات-كالىلار ھارۋا تارتقاندەك توختىماي ئىشلىسەڭمۇ يەنە ئېشىپ قالىدۇ.

— راست، ئېشىپ قالىدۇ، ئېشىپ قالىدۇ، — دېدى ۋاسىلىسا بېشىنى يېنىشلاپ لىڭشىتىپ، — ھارۋىنى بۈگۈن تارتىپ بولغان بىلەن، ئەتىسى يەنە توختىماي تارتىۋېرىدىغان گەپ، خۇددى سىگانلار چېدىرلىرىنى ئېلىپ ئۆي كۆچۈپلا يۈرگەندەك، توختىماي مېڭىۋېرىدىغان گەپ.

— يەنە كېلىپ ئۇنى تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ دېگىنە!

— قانداقمۇ تاشلىۋەتكىلى بولسۇن؟

— ئۇنىڭغا ئامال يوق، ئامال يوق.

ئىككىيلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ، گەۋدىلىرىنى ئېگىشىپ دېگەندەك بىرھازا قىزغىن پاراڭ سېلىشتى. كېيىن ئاۋدوتيا موماي سورىدى:

— ئوغلۇڭ پېتر كۆرۈنمەيدۇغۇ، ئىشقا چىقىپ كەتتىمۇ؟

— پېترمۇ، ھە ھېلى كۆرۈپ قالارسەن ئۇنى، ئىشقا چىقىپ كەتتى! — دېدى ۋاسىلىسا ئاچچىق بىلەن، — قاراپ باقە، ئۇلار قازناق ئۆيدە، شۇ تاپتا ھاراق ئىچىپ غەرق مەس.

— ھا، ھا، — ئاۋدوتيا خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى، — مېنىڭ كۈيئوغلۇممۇ شۇنداق قىلاتتى. بىر كۈيئوغلۇم بىر قەترە ھاراقنىمۇ ئاغزىغا ئالمايدۇ، يەنە بىر كۈيئوغلۇم ھاراق دېسە دۇم چۈشىدۇ.

ۋاسىلىسا قانداقتۇر بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— سەن ئۇ ئۆيگە كىرمەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئاۋدوتيا

بېشى بىلەن قازناق ئۆينى شەرەتلەپ.

— هەدە، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — ئاۋدوتسيانىڭ كېپى ۋاسىلىساغا ھاركەلدى، — مەنچۇ ھەتتا ئۇ تەرەت قىلىپ قويغان يەرگە تەرەتمۇ قىلمايمەن. سەن ھەمىشە شۇنداق يوقىلاڭ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىسەن.

— ھى، ھى، — قىلىپ كۈلۈپ قويدى ئاۋدوتيا، — ئىچىم پۇشقاچقا سوراپ باقتىم. مەن سىلەرنى ياشنىپ قالدى، ئەمدى بىللە ئۆتۈۋاتسا كېرەك دەپ قارايتتىم، بىراق بۇنىڭ راست-يالغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

— بىكار گەپ قىلما، ئاۋدوتيا ھەدە.

...ۋاسىلى ئېشىپ قالغان ۋوتكىنى چايقاپ-چايقاپ ھەممىسىنى قۇيدى. كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېرىپ بىئارام بولغان پېتر كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— پېچكا، سەن ئورمانلىقنى ياراتمايسەن، بۇنىڭغا كۆڭلۈم يېرىم، — دېدى ۋاسىلى، — بىزنىڭ پۈتۈن جەمەتىمىز مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ ئادىمى ئىدى، ئەمدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئاز قالدى، سەن مىلتىقنى سېتىۋەت.

— مەن ئۇنى قەدىرلەيمەن، — دېدى پېتر ئارمانى بار دەرمانى يوق ھالدا، — مۇشۇ جاڭزىدىكىلەر مېنى قويۇپ بەرمەيدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق.

— ھېچكىم قويۇپ بەرمەيدۇ. مەن تىراكتورچى بولمىسامغۇ كاشكى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بارسام بېشىمغا ئىش تېپىۋالغان بولىمەن.

— مىلتىقنى ساتما، — دېدى ۋاسىلى توساتتىن جىددىي تەرزدە.

— ساتمايمەن، سىتسپ نىمە قىلمەن؟

— ساتما. مىنىڭ ئۆمرۈم ئاز قالدى، ئۇنى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوي. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر ياۋايى هايۋان ئۇچراپ قالمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ. ئۇ بەلەن مىلتىق.

— بۇ گەپنى بولدى قىل. ساتمايمەن دىگەندىكىن ساتمايمەن.

ئۇلار جىم بولۇشۇپ كەتتى. رومكىدىكى ئىچىلمەي قالغان ئاخىرقى ئازغىنا ۋوتكا بوش چايقىلاتتى، چىراق يورۇقىدا يۇقىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىنى نىپىز بىر قەۋەت پەردە قاپلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— پىچكا، — دىدى ۋاسلى، — ئىككىمىز بىر ناخشا ئىيتساقچۇ.

— ئىيتايلى.

— قايسى ناخشىنى ئىيتىمىز؟

— قايسىسى بولسا مەيلى، سەن ئاۋال باشلاپ بەرگىن.

ۋاسلى ناخشىنى ئۇزاقىچە باشلىمىدى. ئۇ رومكىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە خىلى ئۇزاق تۇردى. ئاندىن بىشىنى شىرە-گىچە ئىگىشتۈرۈپ ناخشا باشلىدى.

نەشپۈتلەر چىچەكلىگەن چاغدا...

ئۇ ناخشا ئىيتىۋىتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ پىترغا قارىدى، پىترمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ناخشا ئىيتىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇلار ئىككىنچى بىر-بىرىگە قاراشمىدى.

كاتيۇشا تۇرار تىك يار لىۋىدە،
چاڭ كەلتۈرەر ناخشىنى،
ئىللىق باهار نۇرىدا.

ۋاسلىسسا بىشىنى كۆتۈرۈپ، ناخشىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئاۋدوتىيا موماي كېتىپ قالغانىدى. ۋاسلىسسا بىر ئۇھ تارتتى، بىراق بۇ ئۇھنىڭ ئىچىدە نېمە مەنە بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇرۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن مۇنـداق بىر ۋەقە بولغانـىدى. شۇ چاغدا ۋاسلى بىردىنلا ئەسـكىلىـشىۋالدى: ئۇ كۈن ئارىـلاپ، ياكى كۈندە دېگۈدەك ئۆيىگە غەرق مەس قايـتاتـتى، بىر قېتىم ئۇ ۋاسە-لىسسانى ئۇرماقچى بولـدى. ۋاسلىسـسـا قېچىپ يۈرۈپ ھېچ ئامال قالمىغاندا، رۇس پوسۇندىكى تام مەشـىنىڭ ئۈستـىگە چىقىۋالـدى. ۋاسلىمۇ ئۇنى قوغلىشىپ مەشـكە ياماشـتى، ۋاسلىسـسا ئاخىر قولىغا شۇ يەردە تۇرغان لاخشىگىرنى ئالدى-دە، ۋاسلىنىڭ بويىنىنى قاتتىق قىسىۋالـدى ۋە ئۇنى كۈچـەپ تۈرۈپ ئالدىـغا ئىـتتىردى. ۋاسـلى يەرگە يىقىلـىپ چۈشـتى، ۋاسلىسـسامۇ ئۇنىڭ كەينـىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ۋاسلىنىڭ بويىنىنى پولغا چىڭ نىقـتاپ تۇرۇۋالـدى. شۇ تاپتا ۋاسلى خۇددى ئاشتاختا ئۈستىدە بېشى كېسىلـىش ئالدىدا ياتقان خورازدەك تىپىرلاشـقا باشلـىدى، ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ھەر-قانچە تىللاپ-جارقىراپ باقـقان بولسـىمۇ بويىنـىنى لاخشـىگىردىن زادىلا چىقىرىۋالالمىدى. ئۇ ئىككىنچى چېقىلماسـلىققا ۋەدە بەرگەن-دىن كېيىنلا، ئاندىن ۋاسلىسسا قولىنى بوشاتتى.

ۋاسلى ھەر قېـتىم مەس بولغانـدا، مۇشۇ ئىـش يادىغا كەلـسە، نومۇس قىلاتتى-دە، غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتۇپ، ۋاسلىسـساغا مۇشت تەڭلەيتتى. ۋاسلىسسا بولسا ھامان ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قوياتتى: بۇ ئىش ئۇنىڭ ئـۈچـۈن تەس ئەمەس ئىـدى. كېـيىن ۋاسلىسـسا ھامىلدار بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىـدە، ۋاسـلى ئورۇندۇقـنىڭ تېگىدە تۇرغان پالتىـنى ئالـدى-دە، چانايـمەن دەپ ۋاسلىـساغا

دېۋەيلەپ كەلدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ۋاسىلىسسا ۋارقىرىغان پېتى تۆر ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. شۇ كېچىسى ئۇ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. ئۆيگە يېنىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇخلاۋاتقان ۋاسىلىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ، ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆيدىن چىق!

ۋاسىلى ئۇيقۇلۇقتا ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالماي قالدى. ۋاسىلىسسا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

— ئۆيدىن چىق دەۋاتىمەن!

ۋاسىلىسسا ۋاسىلىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تالادىكى پەلەمپەيگە تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاسىلى نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ قازناق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. كەچقۇرۇندا ئۆيگە كىرمەكچى بولغان ۋاسىلىنى ۋاسىلىسسا ئىشىك ئالدىدا قاتتىق توسۇۋېلىپ كىرگۈزمىدى:

— سېنى بۇ ئۆيگە دەسسەتمەيمەن!

بۇ ئۇلارنىڭ بىللە ياشاۋاتقىنىغا 20 يىل بولۇپ، يەتتە بالىلىق بولغان ۋاقتى ئىدى. ئىككى ئوغلى ئىشقا ئورۇنلاشقان، كەنجى ئوغلى پېچكا تېخى ئەمدى تۆت ياشتىن ئاشقانىدى. ئۇرۇش پارتلىغاندا، يېزىلىق سوۋېتنىڭ رەئىسى ئادەم ئەۋەتىپ: ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى، ھېچكىم ئورمانلىققا كىرگۈچى بولمىسۇن دەپ ئۆيمۇ - ئۆي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ۋاسىلىسسانىڭ ئۆيدىكىلەر شۇ چاغدا بىر يەردە تاماق يېيىشىۋاتاتتى. خەۋەر قىلىپ كەلگۈچى بۇرنىدىن ماڭقىسى ئېقىپ تۇرىدىغان كىچىك بالا ئىدى، ئۇ ئۇرۇشنى چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىشى دەپ قاراپ، دېرىزىنى چېكىپ، خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي — ھەي! ئۇرۇش باشلىنىپتۇ! ئۇرۇش باشلىنىپتۇ!

ۋاسلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ۋاسىلىسسا ئۇنى قوغلىمىدى، ۋاسلى ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتقىنىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ قازناق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ راستلا چىديالماي قالغانىدى.

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئۇ تۆر ئۆيگە يەنە كىرىپ كەلدى، ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بوپيا يۇدۇۋالغانىدى. ئۇ بوپپىسىنى ئىشىك تۈۋىدە قويدى-دە، ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ۋاسىلىسسامۇ ئورنىدىن تۇردى. قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايىنى غەم باسقان ۋاسلى قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، يۈزىنى ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىرىنىڭ يۈزىگە بىر-بىرلەپ يېقىپ چىقتى. ئاندىن ۋاسىلىسسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بالىلار ئازابلىق ھالەتتە بۇ ئىككىيلەنگە قاراپ تۇرۇشتى.

— ۋاسىلىسسا، — دېدى ۋاسلى بوغۇق ئاۋازدا، — ئەمدى مېنى ئەيىبلەۋەرمىگىن، ئېھتىمال، مەن ئوق يەپ ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. بالىلار ... ساڭا ئامانەت...

ۋاسىلىسسا ئاۋال ئۇنىڭغا قول بەردى، ئۇ ۋاسىلىسسانىڭ قولىنى قىسىپ قويدى-دە، كېيىنى تۈگەتمەيلا كېتىپ قالدى. ئۇ دەرۋازىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇپ، كەنت سوۋېتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ يەردە ھارۋىلار ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

كېيىن ھارۋىلار ھەرقايىسى ھويلىلاردىن بىۋاستە يولغا چىقىشتى. ۋاسىلىسسا ئىككى چوڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئاننانى ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتتى. ئۇلار ھويلىدا چانا ياكى كالا ھارۋىسىغا ئولتۇردى، ۋاسىلىسسا دەرۋازىنى ئۆز قولى بىلەن ئاچتى، ئۇ رومالى بىلەن

ئاغزىنى يىپىپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، قولى بىلەن پېشانىسى ۋە ئېككى مۇرىسىنى نوقۇپ خۇدادىن ئامانلىق تىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى ھويلىلاردىن چىقىپ، كەنت سىرتىغا قاراپ ئاستا كېتىۋاتقان ھارۋىلارغا، غەرق مەس ھالدا ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقان ئەرلەرگە، ئەرلىرىگە ئېسىلىشىپ، يىغلىشىپ كېتىۋاتقان ئاياللارغا قارىدى، ئۇ كەنت سىرتىغىچە ئۇزىتىپ بارماي، دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ گويا باشقا ھارۋىلارنىڭ چىقىشىنى توسۇۋالغاندەك، كەينىدىكى دەرۋازىنى چىڭ يىپىپ قويدى.

ئۇنىڭ بىر ئوغلى شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، يەنە بىر ئوغلى قايتىپ كەلدىيۇ، يەنە دەرھال شەھەرگە كېتىپ قالدى، ئۇ ھازىرمۇ شەھەردە ياشاۋاتىدۇ. ۋاسىلى ھەممىدىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

ئۇ كۆز كىرىپ، كەنتتىكىلەر ياغىيۇ كولاۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ۋاسىلىسا بىر تاغار ياڭيۇنى يۇدۇپ كىرىپ، گەمىگە تۆكەي دەپ تۇرغاندا، ناسكا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى:

— ئاپا، ئاتام قايتىپ كەلدى، ئۆيگە تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ۋاسىلىسا قەددىنى رۇسلىدى.

— ئۇنداقتا، ئۇ ھايات ئىكەن-دە، — دېدى ۋاسىلىسا ئويلىنىۋېلىپ ئالدىرىماي، — بىراق ساشكا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ تاغارنىڭ ئاغزىنى يەشمەستىنلا، ئۇنى شۇ پېتى گەمىگە تاشلىدى، تاغار قاتتىق يەرگە گۈپپىدە چۈشكەندە، ۋاسىلىسا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ۋاسىلىسانىڭ غەزىپى بارغانسېرى ئۆرلىگىلى تۇردى، ئۇ تۆر ئۆيگە قايتىپ كىردى. زۆرۈرىيەت بولمىغاچقا كىيىنمىنمۇ يەڭگۈشلىمىدى، پەلەمپەيدىن كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنى

ئاڭلىغان چاغدا، ئۇ قاتتىق تىل ياغدۇرۇشقا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى كۆڭلى ئېلىشقانلىقتىنمۇ، ئۇنىڭ قوسقۇسى كەلدى.

— مەن كەلدىم، ۋاسلىسسا. — ۋاسلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ يەنە بىر قېتىم تىترەپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاسلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىنىغا بەك ئۇزاق بولغانىدى. ئۇ ئۇن چىقارمىدى، بىراق ئۇنداق قىلىشقا يۈزى چىدىمىدى-دە، گەپ قىلماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ساشكا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ-دە.

ۋاسلى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ۋاسلىسسا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. خۇداغا شۈكۈر، شۇ چاغدا باللىرى كىرىپ كېلىشتى، شۇ پۇرسەتتە ۋاسىلىسسا ھويلىغا چىقىپ، يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار ھەممىسى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن ئەرلەر ئىدى، ۋاسلىسسا بولسا ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ، تا ھارغانغا قەدەر شۇ يەردە ئولتۇرۇۋالدى. كېيىن چىراقنى ياندۇردى-دە، گەمگە كىرىپ ياڭيۇ ئىلغاشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئەرلەر ئالدىنقى سەپتىكى ئاللىقانداق جايلاردا ئۆگىنىۋالغان قانداقتۇر بىر خىل ناتونۇش ئاھاڭدا "ئۇررا" دەپ ۋارقىرىشاتتى، كىشلەرنىڭ نىجاتلىق تىلەپ ۋارقىراشلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان ئاھاڭ بىلەن ناخشا ئېيتىشاتتى. ۋاسلىسسا بۇ ئەرلەرنىڭ خەقنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان ئاۋازىنى پۈتۈنلەي ۋارقىراپ بولۇشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ئاۋازىنى چىقىرىش مەقسىتىدە بىر يەرگە جەم بولۇشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەرلەر مەسخۇش ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ناخشا ئېيتىشاتتى، ناخشىدىن ھېچقانداق جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرمايتتى. ئۇلار ئۆزئارا تەڭكەش بولمىغان ئاۋازدا بۇ ناخشىلارنى ئېيتقىنىدا، گويا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىسۇن يەنە دېگەندەك قىلىپ، پات-پاتلا ئەتراپىغا قارىشىپ قوياتتى؛ ئۆزلىرىنى خۇدۇكىنى يوقىتىپ قويىما، ھودۇقما دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئانچە-مۇنچە سىلىشىپ قويغان پاراڭلىرىدىمۇ قورۇنۇشاتتى، بۇ پاراڭلار ھە دېگەندە ناخشا بىلەن ئۈزۈلۈپ قالاتتى — بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا ئانچە قاتتىق بولمىغان، ئەمما كىشىنى ھامان بىئارام قىلىپ تۇرىدىغان، بەدەننىڭ بىردەم ئۇ يېرىدە، بىردەم بۇ يېرىدە قوزغىلىپ تۇرىدىغان قانداقتۇر بىر خىل ئاغرىققا ئوخشايتتى.

ۋاسىلىسا چارچاپ قالدى، ئۇ گەمىدىن يېنىپ چىقتى، ئۆزىنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئىش قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ناسكانى چاقىرىپ:

— بېرىپ ئاتاڭنىڭ ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈپ قوي، — دېدى.

— ئاپا! — دېدى ناسكا ئاپىسىنى ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا.

— ماڭ، — دېدى ۋاسىلىسا، — بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس.

دەل شۇ چاغدا ۋاسىلى ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— شۇ تۇرقۇڭدا، سەن مېنى ئەپۇ قىلمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇ توپتوغرا ۋاسىلىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سەن ئەپۇ قىلمايدىغان ئوخشايسەن، بىراق ۋاسىلىسا، ساڭا كىچىككىنە بىر سوغات ئېپكەلگەندىم، ئۇنى قانداق بېرىشىمنى ئۇقماي تۇرىمەن.

— بىز بىللە ئۆتەلمەيمىز، — دېدى ۋاسىلىسا، — ۋاسىلى، مەن بىر ئىشنى قىلغانىكەنمەن، ئۇنىڭدىن يانمايمەن.

— ئۇرۇش ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتتىغۇ، — دەپ رەددىيە

بەردى ۋاسلى سىلىق قىلىپ.

— ئۇرۇش، ئۇرۇش...، — دەپ تەكرارلىدى ۋاسلىسا. — ئۇرۇش ئىناقلىق ئەمەس، بەلكى بىر بالايىئاپەت. ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ئەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. يېگى ئاياللار ئەمدى قاچان چوڭ بولىدىكىن تاڭ. ئۇنى، سىنىڭ ئاشۇ ئۇرۇش دېگەن نىمەڭنى بالدۇرراق گۆرگە تىقىۋېتىش كېرەك.

ۋاسلىسا بىر ئۇھ تارتتى. ۋاسلى ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولدى، بىراق ئۇ ئۆزىنى قاچۇردى، شۇنىڭ بىلەن ۋاسلى قولىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنداق قىلما، — دېدى ۋاسلىسا كەينىگە چېكىنىپ، — ۋاسلى، مېنىڭ كۆڭلۈم قاتتىق سوۋۇپ كەتتى، ئەمدى كۆڭلۈمنى ئىسسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ۋاسلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاسلىسا قاتتىق يىغلىۋەتمىگىدىم دەپ ئەنسىرىگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى. ئۇ بۈگۈن كېچە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى، يەنە كېلىپ ناھايىتى تىنچ ئۇخلىدى، ئەتىگەن سەھەردە ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئەتراپىنى ئالدىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇمان قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوتقانغا پۈركىنىپ يەنە بىرئاز ئۇخلىۋالماقچى بولدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ۋاسلى ئۆيدە ئانچە ئۇزاق تۇرالمىدى، ياز كېلىشى بىلەن رېنادىكى ئالتۇن كېنىغا بارماقچى بولدى. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئەمدى پات قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن، ياكى زادىلا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ قويدى. ئۇنىڭ باي بولغۇسى بارمۇ، ياكى خۇددى ماخاۋ ئادەمدەك، ئۆيدىن نېرى

كېتەلمەيۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ، بۇ يەردىن بىر ئايرىلىپ باققۇسى بارمۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇردىن، مېداللىرىنىڭ ھەممىسىنى پېچىكاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئەتىۋارلاپ ساقلاشنى تاپىلىدى، كەچ كىرگەندە ھەربىي كىيىمنى يۇيۇپ بولۇپ، خوشلىشىش ئۈچۈن كەنت تەرەپكە كەتتى. شۇ كۈنى ئۇ تولىمۇ خۇش خۇي ۋە تېتىك ئىدى، تېخى كىشىلەرگە پۇل ئەۋەتىپ بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلدى، بىراق ئەتىسى گويا ھەربىي سەپتىن مۇددەتتىن ئىلگىرى قايتىۋاتقاندەك جىمغۇر بولۇپ كەتتى.

ناسكا بىلەن ئانىنا ۋاسىلىنى پاراخوتقا ئۇزىتىپ باردى، پېچكا نەگىدۇر كېتىپ قالغاچقا، ئۇزىتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. پاراخوتقا چىقىش تاختىسى قىرغاققا قويۇلغاندا، ۋاسىلى بۆلەكچە ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا قىزلىرى بىلەن قول ئېلىشتى-دە، پاراخوتقا چىقتى، بىر مىنۇتتىن كېيىن قىزلار ۋاسىلىنىڭ پاراخوت سۇپىسىدا تۇرغانلىقىنى، لېكىن ئۆزلىرىگە ئەمەس، باشقا بىر يەرگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. پاراخوت ئۈچ مەرتەم سىگنال بەردى-دە، قىرغاقتىن قوزغىلىپ يىراقلاشتى، ۋاسىلى گويا ھېچنەگە قارىمىغاندەك ۋە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ھالەتتە يەنىلا پاراخوت سۇپىسىدا تىك تۇرۇۋەردى.

ناسكا ياتلىق بولۇش ۋاقتىدا، ۋاسىلى ئالىقاچان ئۆيدىن ئايرىلغانىدى. ناسكانىڭ ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى ئېرىدلەڭگۈ ئىدى، بىراق ناسكا ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئوينىاقلاپ-چېپىپ يۈرەتتى، زېرەكلىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ۋاسىلىسا ئۇنى "بالدۇر ۋايىغا يەتكەن قىز" دەيتتى. ناسكا 12 ياش چېغىدىلا

پۈتۈن يېزىدىكى ھەممە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئەلچىسى بولۇپ قالدى، ئۇ ئۇلارنىڭ خەت ـ پەتلىرىنى توشۇيتتى، ھەتتا 20 ياشلىق چوك ـ چوڭ قىزلارمۇ ئىچكى سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتاتتى. ئۇ 14 يېشىدا يەم ـ خەشەك فېرمىسىغا ئىشقا كىردى، 17 يېشىدا ياتلىق بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن ئىككى بالىلىق بولدى. ئۇ ئانچە ئالدىراپ ـ تېنەپ كەتمىسىمۇ بولىدىغان چاغلاردىمۇ چەبدەسلىك بىلەن تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى، بىراق ئۇنىڭ ئاياللىق بەختى بۇنداق ئالدىراش ـ تېنەش ـ لىككە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى بولغاي، ئاخىر نابۇت بولۇپ كەتتى: تۆت يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرى دەرەخ كېسىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ بالا بىلەن تۇل قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تۇرمۇشتا ئېزىلەڭگۇ بولۇپ قالدى.

ۋاسلى كېتىپ ئىككىنچى يىلى يازدا قايتىپ كەلدى. كاندا ئۇنىڭ ئىشى ئوڭدىن كەلمىدى، پۇلمۇ تاپالمىدى، ئۇ قايتىپ كەل ـ گەندە قاتتىق جۇدەپ، بەدىنىنى پىت بېسىپ كەتكەن، پەقەت بىر قۇر ھەربىيچە كىيىم بىلەنلا قالغانىدى. ناسكا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قايناقسۇغا بېسىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق قايناتتى. ۋاسلى بىر ھەپتىگىچە قازناق ئۆيدە ياتتى، ھېچنەگە بارمىدى، ھېچكىم بىلەنمۇ سۆزلەش ـ مىدى، ئاندىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

* * *

7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمى. يازنىڭ كۈنلىرى ئاز قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان دەرىجىدە تىنجىق ئىدى. يولدا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۆگزىلەرنى توپا بېسىپ كۆر ـ گۈسىز قىلىۋەتتى. بىر يەردىكى ئورمانلىققا ئوت كەتتى بولغاي،

ئانگارا دەرياسىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى.

كولخوزنىڭ ئوت - چۆپلىرى ئۆرۈلۈپ بولدى، زىرائەتلەر تېخى پىشمىغاندى، كولخوزچىلار مۇشۇ ئارىلىقتىكى بوش ۋاقىتتا ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى: ئەمدى شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوت - چۆپ ئورىدىغان پەيت كەلگەندى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بەزىلەر كىمە بىلەن ئارالغا كېتىشەتتى، بەزىلەر ئورمانلىققا كىرىپ كېتىشەتتى، ئۆيلەردە ھېچقانچە ئادەم قالمايتتى، ئۆيدە قالغانلارمۇ تىنىم تاپمايتتى، ئەتە - ئاخشىمى كۆكتاتلىقنى سۇغىراتتى.

پېتر بىلەن ناسىكانىڭ ئوتلىقى بىر يەردە بولۇپ، كەنتتىن 15 كىلومېتر نېرىدا ئىدى. كۈندە قاتناپ يۈرۈش تەس بولغاچقا، ئۇلار بىر كەتكەنچە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالاتتى، شۇنداق قىلغاندا ئەتىگەن - ئاخشاملىق ۋاقىتلاردىن پايدىلانغىلى بولاتتى. ئىككى ئۆينىڭ بالىلىرى ۋە ئۆي ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئىشى تانيەگە قالاتتى. ۋاسىلى ئورمانلىققا بارمىسىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇ سىرتنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ قالغاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلارغا ياردەمدە بولۇشنى ئۆز مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلەتتى. پېترنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى ۋاشكامۇ بۇ يىل ئاتىسىغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۆپ ئورۇشقا كەلدى.

بۇ چۆپ ئورۇشنىڭ ئوبدان پەيتى ئىدى، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاچقا، چۆپ تېزلا قۇرۇپ كېتەتتى، بىراق چۆپنى ئورۇماق ئاسانغا چۈشمەيتتى: كۆك ئوت - چۆپلەر ۋاقتىدا ئورۇۋېلىنمىغاچقا، يامغۇردىن قۇرۇپ كېتىپ، ئورغاق بىلەن ئورۇمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالغاندى. ۋاسىلى سولنى كەڭ ئېلىپ ئوراتتى، بىراق ئانچە كۆپ ئورۇمايلا توختاپ تاماكا چېكەتتى، يەڭلىرى بىلەن يۈزىدىكى تەرنى

www.uyghurkitap.com

سۇرتەتتى.

— ۋاشكا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — سۇنى تەدە قويدۇق؟

ۋاشكا يۇگۇرگەن پېتى بىرىپ سۇ ئەكەلدى، ۋاسىلى سۇنى غورتۇلدىتىپ تېز-تېز ئىچىۋەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزنى قىسقىنىچە قۇياشقا قارىدى. قۇياش گويا قانداقتۇر چوڭ بىر ئوت شارى ئازگاللىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتى — قاراڭ-لارچۇ، شۇ تۇرقى ئاپتاپ ئادەمنى بەك قىزىتىۋەتتى.

— بىر پارچە بۇلۇت كىلىپ ئۇنى بىردەمگە توسۇۋالسىمىغۇ كاشكى، — دەپ غۇدۇراپ قويدى ۋاسىلى ۋە يەنە چۆپ ئورۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

پېتر چەتتىرەك بىر يەردە ئورۇۋاتاتتى، ئۇ ئۇچىسىغا كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا قول ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئورغىقى چۆپكە تەككەندە بىر خىلدا ناھايىتىمۇ كۈچسىز ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ ئورغىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بىلەيگە سۇ تامچىلاتتى-دە، ئورغىقىنى شارتىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى. بىلەپ بولۇپ ۋاسىلىساغا قارىدى، شۇ چاغدا ۋاسىلىسا ئورغاقىنىڭ دەستىسىنى ئاستىغا بېسىپ مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئاپا، — دەپ ۋارقىرىدى پېتر، — لاپاسقا كىرىپ كەتكىن، ئىسسىقنىڭ تەپتى يانغاندىراق چىقىپ ئورۇساڭمۇ بولىدۇ.

ۋاسىلىسا ئۈن چىقارمىدى.

— ئاپا، — دەپ ۋارقىرىدى ناسكا پېترنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — بېرىپ چۈشلۈك غىزا راسلاپ تۇرغىن، بىز ھازىرلا يېتىپ بارىمىز.

ۋاسىلىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، پېترنىڭ يېنىغا باردى.

— زادىلا ماغدۇرۇم يوق، — دېدى ئۇ غەمكىنلىك بىلەن ۋە بىر

ئۇھ تارتىپ قويدى، — قىرىپ قاپتىمەن، ئەسلىدە ئاز-تولا قارىشىپ بېرەرمەن دەپ ئويلىغۇدىم، قارىشىپ بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

— نىمە بولدۇڭ، ئاپا؟ — دەپ سورىدى پېتر.

— ئوكشىلىپ قالىمەن، بىكار خىياللاردا بولىما، بىردەم يېتىۋالسام تۈزۈلۈپ كېتىمەن، ئەتىلىككە مەن يەنىلا مەن. بۇ مېنىڭ ئادەتلىنەلمىگەنلىكىمدىن بولۇۋاتىدۇ، چوڭ ئورۇپ باقمىغىلى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ.

ئۇ مۇكچەيگەن پېتى لاپاس تەرەپكە كەتتى، ۋاسلى، ناسكا ۋە پېترلار ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى.

— بىزمۇ تاماكا چېكىشىۋالايلى، — دەپ ۋارقىرىدى ۋاسلى پېترغا قاراپ.

پېتر ۋاسلىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، كوزىدىكى سۇدىن قانغىچە ئىچتى. ئاندىن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ ئولتۇردى.

— ئاپاڭ نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاسلى.

— ياشىنىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى پېتر ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا، — ئۇ نەچچە ياشقا كىرگەندۇ؟

— مەندىن ئىككى ياش كىچىك.

— ياشىنىپ قالدى، — دەپ يەنە تەكرارلىدى پېتر.

كۈن خېلى كەچ بولدى، ئۇلار غىزادىن كېيىن گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچمەكتە. گۈلخان ئوتى تۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ قوياتتى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ھارغىنلىقنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، گۈلخان ئوتى تۇرۇپ ئاجىزلاپ قالاتتى. لاپاسنىڭ كەينىدە ئىت يالاقتىكى غىزا قالدۇقىنى ئىشتىھا بىلەن يالىماقتا ئىدى. تۈن پەردىسى دەل-دەرەخلەرنى، ئورۇپ

يىقىتىلغان چۆپلەرنى قاپلىغانىدى، بىراق ئۇ گويا كۆيۈپ كېتىشتىن قورققاندەك، گۇلخانغا يېقىن كېلەلمەيتتى. شۇڭا گۇلخان يارغانىڭ ئۈلگىياقتا ئىدى.

ئۇلار ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى، چۆپ ئورۇش باشلانغان بىرىنچى كۈندىلا ئۇلارنىڭ ئىشى خېلى ئۇنۇملۇك بولدى.

— ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى ۋاسىلى ئاخىر گەپ ئېچىپ، — بىر كۈندە توققۇز دۆۋە چۆپ ئورۇپتۇق، بۇمۇ ئاز گەپ ئەمەس.

— ياق، بۇنىڭدىنمۇ جىق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىك تۇرۇشقا بەردى ناسكا، ئۇ گەپكە كەلگەندە ھامان مۇشۇنداق تېز ئىدى، — مەن ئۆزەم يالغۇز بەش دۆۋە ئورۇۋەتتىم جۇمۇ.

— جىق بولسا تېخى ياخشى، — دېدى پېتىر .

— ئەتە تېخىمۇ تېزرەك ئورۇمىساق بولمايدۇ، — دېدى ۋاسىلى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھاۋا ئۆزگىرىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نەدە ھاۋا ئۆزگىرىدىغان ئىش بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ۋاسىلىسا ھوشيارلىق بىلەن.

— ئىت ياش چۆپلەرنى يەۋاتىدۇ، — دېدى ۋاسىلى پېتىرغا قاراپ، — بۇنىڭ ئۆزى بىر توغرا بىشارەت.

پېتىر ئۈن چىقارمىدى.

* * *

ۋاسىلى بىلەن پېتىر ئىككىلىسى بىر يىلدا، ھەتتا بىر ئايدا ئۆيلەندى. شۇ چاغدا تېخى ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن پېتىر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تۆمۈرچىنىڭ قىزى تانىيەنى ئالدى. ۋاسىلى باشقا يۇرتتىن تاسادىپىي مۇشۇ كەنتكە كېلىپ تۇرۇپ قالغان بىر ئايالنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئايال ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ مومايلارنىڭ كىيىملىرىنى

تىكىپ بېرەتتى. ئۇ ھۈنەرگە ئۇستا ئىدى، سىمىكارنى جىق ئالمايتە-تى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىش قىلدۇرىدىغانلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ ئۇكرائىنـ-لىق بولۇپ، ئۇرۇشتا دېرەكسىز يوقالغان ئوغلىنى ئىزدەپ چىقىپ، قايتاشىدا يول راسخوتى يېتىشمەي قالغاچقا، بۇ يەردە ئاز تولا پۇل تېپىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالغانىكەن.

ئۇنىڭ ۋاسىلى بىلەن نەدە، قانداق تېپىشىپ قالغانلىقى ھېچكىمـ-گە مەلۇم ئەمەس ئىدى. پېترنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدى، ناسكا مەرىكىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، ھەممىدىن جىق كۈچ چىقاردى، ئۆكتەبىر بايرىمىمۇ ئۆتتۇپ، كۈزنىڭ ئاخىرقى قارى چۈشتى. شۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئوۋغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋاسىلى بىردىنلا يۈك-تاقىنى يىغىشتۇرۇشنى توختاتتى-دە، پېترنى يېنىغا چاقىردى.

— سەن ھېلىقى يات يۇرتتىن كەلگەن ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىغا قارىماي تۇرۇپ.

— ھېلىقى سەيپۇڭ ئايالنىمۇ؟

— ھەئە.

— كۆردۈم، ئۇنىڭ ھەمىشە كەنت ئىچىدە ئۇ يەر-بۇ يەردە يۈرگىنىنى كۆرىمەن.

— مەن ئۇنى ئالماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ۋاسىلى پېترغا قاراپ.

— نېمە دەۋاتىسەن، ئاتا، راستىما؟ — دېدى پېتر ھەيران قىلىپ.

— قانداق، مەن يارىمامدىكەنمەن؟

— سېنى يارىمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى پېتر دۇدۇقلاپ

نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، — ئەلۋەتتە، سەن تېخى قېرىپ كەتكىنىڭ يوق. كىم سېنى يارىمايدۇ دەپتۇ؟

— گەپ ياش-قېرىلىقتا ئەمەس، — دېدى ۋاسىلى خۇشاللىق بىلەن تۈزىتىش بېرىپ، — مەن كىر-قاتلىرىمنى ئۆزەم يۇيۇپ، ئاش-غىزايىمنى ئۆزەم ئېتىدىغان ئىشتىن جاق تويدۇم. مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى مەھبۇسنىڭ كۆڭلىدەك ئۆتۈۋاتىدۇ. مەن ئۆي ئىشى قىلىپ بېرىدىغان بىرسىگە مۇھتاجمەن، ئىش ئەنە شۇنداق.

ئىككىيلەن جىمجىت بولۇشۇپ كەتتى.

— ئەتە كەچقۇرۇن كىرگىن، ئۇچىمىز بىرەر بوتۇلكا ئىچىشەيلى، بۇ بىزنىڭ توي مەرىكىمىز بولۇپ قالسۇن، يەيدىغان بىرنېمە تەييارلاپ قوي دەپ ناسكاغا تاپىلاپ قويدۇم.

ۋاسىلىسا ئاشخانىدا ئىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

— ئاپا، — دەپ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى پېتر، — ئاتام خوتۇن ئالماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

— ھىم، — دەپ قويدى ۋاسىلىسا سوغۇققىنا.

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، خوتۇننى ئەتىلا ئۆيگە ئېلىپ كىرىدىكەن.

— ئۇ مىڭ قېتىم خوتۇن ئالسىمۇ مېنىڭ نېمە كارىم.

— دەۋاتقان گېپىنى، بۇ ئىشتىن قانداقلا بولمىسۇن بىئارام بولارسەن؟

— ھەي ئەخمەق، نېمە دەپ ئالجىۋاتىسەن؟ — دەپ ئەيىبلىدى ۋاسىلىسا جىددى تەرزدە، — بۇنىڭغا نېمە دەپ بىئارام بولۇپ يۈرەتتىم، مەن بىئارام بولۇپ تويۇپ كەتكەن ئادەم، ئەمدى نېمە دەيتتىم! ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالىغان بولسا،

ئۇ ھەقىقەتەن بىر سارائ ئىكەن. تۆزۈك خوتۇن بولسا ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايتتى.

ۋاسلى ئالغان خوتۇنىنىڭ ئىتى ئالېكساندىرا بولۇپ، ۋاسلىنىڭ چوڭ قىزى ئانىدىن بىر ياشلا چوڭ ئىدى. ۋاسلىسا ئۇنى سەھەردە دىڭگۇكلاپ ماڭغىنىچە تەرەتخانىغا كىتىۋاتقاندا دېرىزىدىن تۇنجى قېتىم كۆردى.

— بەللى، ئەسلىدە ئۇ بىر توكۇر ئىكەن-دە، — دېدى ۋاسلىسا خۇشال بولۇپ، — مەن دېمىدىمۇ، تۆزۈك خوتۇن بولسا ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ دەپ، ئىش دەل دېگىنىمدەك بوپتۇ. ئەمدى ئۇلار چىقىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئىككى شەيتان بىر يەردە بولسا ئۇرۇش-مايدۇ دېگەن گەپ بار.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئالېكساندىرا بىر مەزگىل تالا-تۈزگە چىقماي، كۆن بويى قازناق ئۆيدە ئولتۇردى. چاي-پاي قاينىتىش، دۇكاندىن نەرسە-كېرەك ئەكىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋاسلى ئۆزى قىلدى. يەنە كېلىپ ۋاسلىنىڭ ئۆزىمۇ كوچىغا ئامال بار ئاز چىقاتتى. ئۇلارنىڭ توي قىلىشى، پۇتۇن كەنت ئۇچۇن ئېيتقاندا، خۇددى چۆمۈلە ئۇۋىسىغا بىر قوشۇق ھەسەل قويۇۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى، كىشلەر بۇ ئىش ئۇستىدە قىسما-قىسما سۆز-چۆچەك قىلىشقىلى، بۇ ئىشنى مازاق قىلىشقىلى تۇردى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش ئۇرۇشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، شۇنىڭدەك يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىنمۇ بەكرەك كىشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئىشقا ئايلاندى. مومايلار ئۆيىدە ئۇن ياكى تۇز تۈگەپ قالسا، كىرناختا ياكى دەزمال لازىم بولۇپ قالسا، ئۇدۇل ۋاسلىسانىڭ ئۆيىگە كىرىپ

ئارىيەت ئېلىشاتتى، شۇنداق ۋاقىتتا يېشى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قالاتتى، ئەلۋەتتە ئۇلار گېپىدە پېتىر بىلەن تانـ يەنى كۆزدە تۇتقان بولۇۋالاتتى. پەقەت قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان ئاۋدوتىيا مومايلا ئۇنداق ئۇستىلىق ئىشلىتىپ يۈرمەيتتى.

— سېنى بىر سىگنال تېپىۋاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ، ۋاسىلىسا، — دەپ ۋارقىراپ گەپ باشلىدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولۇپ.

— ئاۋدوتىيا ھەدە، سېنىڭزە قىلغىلى ئىشىڭ بولمىغاچقا، قاتراپ يۈرۈپ، مۇشۇنداق قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن، — دېدى ۋاسىلىسا ئاچچىق بىلەن.

— ئەمىسە، سەن پەرۋايىڭغا ئالمىغان ئوخشىمامسەن؟

— مېنىڭ نېمە چاتىقىم، ئۇلارنىڭ كىر - قېتىنى مەن يۇياتتىممۇ.

ئاۋدوتىيا موماي كۆزىتىش نەزىرى بىلەن تۆر ئۆيگە بىرقۇر سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە ۋارقىرىدى:

— ئۇ خوتۇن بۇ ئۆيگە كىرمەمدۇ؟

— كىرىدىغان بولسا كۆزىنى ئويىۋالارمەن.

— ئويىۋېلىش كېرەك، ئويىۋېلىش كېرەك، — دېدى ئاۋدۇتىيا موماي ئىتتىك، — ئۇنىڭ مەيلىگە قويىدىغان بولساڭ، سېنى مۇشۇ تۆر ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ تېخى، ۋاسىلىسا، سەن ئۇنىڭغا قاتتىق ھېزى بول.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككى خوتۇن ئۇچرىشىپ قالدى — بىر قورودا ئولتۇرغاندىكىن ئۇچرىشىپ قالماي مۇمكىن ئەمەس. ئالېكساندىرا قازناق ئۆيدىن چىقىپ، توساتتىن ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ۋاسىلىسانى كۆرۈپ قالدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئىككىلەنـ گەن ھالدا تۇرۇپ قالدى. ۋاسىلىسا قىزىقسىنغان ھالدا ئۇنىڭغا

تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەسسالام، — دېدى ئالېكساندىرا ئالاقزادىلىك ئىچىدە، بوش ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ.

— ھە شۇنداقمۇ تېخى، سەن قايسى يۇرتلۇق بىلەن ئەسسالام دەيسەن، — دېدى ۋاسىلىسا غەزەپ بىلەن، — ئاز-پاز چاي ئىچىۋالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ ھۇ توكۇر، دىڭگۇكلاپ باق قېنى، دىڭگۇكلاپ نەگە بارسەڭكىن كۆرۈپ باقاي، مەن شېكەردىن ياسالغان ئادەم ئەمەس، سېنىڭ "ئەسسالام" دېگەن گېپىڭگە ئېرىپ كېتىدىغان. ئەسسالام دەپ كېتىشلىرىڭنى تېخى، ئەجەب ئەدەب-قائىدىلىك ئىكەنسىنا!

ۋاسىلىسا ئۆزىنى تىنچلىنالمىدى، ئۇ تۇرۇپ پېتىنى ئەيىبلەپ، تۇرۇپ يان ئۆيدىكى ناسكانى سۆكۈپ كەتتى، چىنە-قاچىلارنى كەلسە-كەلمەس ئۇرۇشتۇرۇپ، ئۆيىنى جاراڭ-جۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن تولدۇرۇۋاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خورلۇقتا قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتىيۇ، بۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشنى ئۇقمايتتى، شۇڭا ھە دېگەندە ئالېكساندىرانىڭ بالا تېرىغان ھېلىقى "ئەسسالام" دېگەن گېپىنى تەكرارلاپ نېمىلەرنىدۇ غۇدۇرايتتى.

ناسكا بىلەن ئالېكساندىرا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى، بىر ئايدىن كېيىن ناسكا ئالېكساندىرانى شۇرا① دەيدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ناسكانىڭ ئۆيىدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسى شالدىرلاشقا باشلىدى، ئالېكساندىرا ئۇنىڭ باللىرىغا پايپاق، ئىشتان تىكىپ بېرىۋاتاتتى، بۇ گۆدەك باللار قېرىشقاندەك

---

① شۇرا — ئالېكساندىرانىڭ ئەركىلەتمە ئېتى.

www.uyghurkitap.com

ۋاسىلىسساغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى كىيىملىرىنى كۆز-كۆز قىلغىلى تۇردى. ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلىغان تانىيەمۇ ناسكانىڭ ئۆيىگە كىردى، كېيىن ئۇ بۇ ئۆيگە پات-پات كىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇمۇ ئالېكساندىراغا بىرنېمىلەرنى كەستۇرۇپ، تىكتۇردى ۋە يېڭى كۆڭلەك، يېڭى يوپكا كىيدى. ئاراتامىدىن ناسكانىڭ ئۆيىدىكى پاراڭ ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ۋاسىلىسسا ئەمدى ھېچ-كىم مېنى پىسەنتكە ئالمايدىغان، مېنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بولۇۋالدى، دېگەن ھېسقا كەلدى، كۆپچىلىكنىڭ قېنى سەن شۇنداق ياشاپ باقمامسەن دەپ چىداپ تۇرماقتىن ئۆزگە ئامالى يوق ئىدى.

— سەن تېخى ئۇنى ئاپا دېمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاسىلىسسا ناسكادىن، ئەلەم تارتقان ھالدا.

— ئاپا، ھەمىشە شۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىسەن، — دەپ خاپا بولدى ناسكا.

— ھېلىمۇ ياخشى، سەن مېنى ئاپا دەپ ئاتاشنى ئۇنتۇپ قالماپ-سەن. مېنىڭ كۆنۈم ئاز قالدى، بىراق ئۇ خۇددى بايتالدەك چىرقىراپ تۇرىدۇ، ياش-تە.

— ئاپا، ئۆمرۈڭدە تۇزۇك ئەقىل تاپماي ئۆتۈپ كەتتىڭ، — دېدى پېتىر ئالېكساندىراغا يان بېسىپ، — كۈن بويى غەزەپكە بوغۇلۇپ چالۋاقاپلا يۈرىسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزەڭمۇ ئۇقمايسەن. ئۇ ساڭا نېمە قىلدى؟

ۋاسىلىسسا لام-جىم دېمەي ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

يېڭى يىلدىن كېيىنكى بىركۈنى ۋاسىلىسسا سىرتقا مېھمانغا كەتتى، ئالېكساندىرا ئاخىر كۆڭۈل توختىتىپ تۆر ئۆيگە كىردى — ئۇ ئۆزى ھەرگىزمۇ بوسۇقىدىن ئاتلىمايتتى، تانىيە ئۇنى بىر كىيىم

نۇسخىسىنى كۆرۈشۈپ بىرىشكە چاقىرغانىدى. ئۇلار ئۆيدە پاراڭ-لىشىپ قالدى. كېيىن ئالېكساندىرا دېرىزىدىن سىرتقا شۇنداق بىر قاراپلا، "ئاپىلا" دەپ ۋارقىرىۋەتتى، شۇ تاپتا ۋاسىلىسا دەرۋازىنى يېپىۋاتاتتى. ئالېكساندىرا ئالمان-تالمان ئىشىك تۈۋىگە باردى-دە، ۋاسىلىساغا تۇيدۇرماي غىپپىدە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى.

— ياللا ئەمدى بۇ نېمە ئىشتۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋاسىلىسا ئالېكساندىرانى كۆرۈپ، — ھەي كۈشەندە، ئەمدىزە تۆر ئۆيگە كىرد-ۋالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ، توختاپ تۇر، مەن سېنى ھازىرلا باشلايمەن، مەن سېنى...

— تانىيە چاقىرىپتىكەن كىرگەنىدىم، — دېدى ئالېكساندىرا ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ئۇنىڭ ئۆيى كىچىكلىك قىلىپ قاپتۇ-دە! — ۋاسىلىسا يەنە قاتتىق ۋارقىرىغىلى تۇردى، ئۇ تاياق ئىزدەۋاتقاندەك ھويلىغا تېز كۆز يۈگۈرۈتتى، — ناسكانىڭ ئۆيىمۇ كىچىكلىك قىلىپ، ئەمدى تۆر ئۆيگە كىرمەكچىمۇ! مەن سېنى بۇ ئۆيگە ئەمدى دەسسىيەلمەيدىغان قىلىۋەتمەيدىغان بولسام!

— ھەددىڭ ئەمەس! — ئالېكساندىرا ئۆزىنى قوغدىماقچى بولدى.

— ھەددىممۇ، ھەددىم ئەمەسمۇ ھېلى كۆرىسەن! سېنىڭ يەنە بىر يۇتۇڭنىمۇ چېقىۋېتىمەن قاراپ تۇر!

— ئىچىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتامدۇ، شۇنداقمۇ؟ — ئالېكساندىرا بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ۋارقىرىدى، — مېنى قوغلاپ چىقىراي دەمسىنا؟ مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ئەمدى سەن بىلەن بىللە ئۆتمەيدۇ، —

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەرنى بىر تەپتى-دە، ۋاسىلىسانى قىستاپ كەلدى. — ئۇ مېنىڭ، ئۇ سېنى تاشلىۋەتكەن! تاشلىۋەتكەن! تاشلىۋەتكەن!

— نېمە، نېمە! — ۋاسىلىسا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ۋە قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ تىللىدى، — ھو، بېشىنى يەيدىغان جوۋاينىمەك! ھو، بالاخور كاساپەت! — ئۇ تىللىغىنىچە كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئۇ توكۇرنى ئىككىنچى بۇ ئۆيگە كىرگۈزگۈچى بولما، — دەپ قاتتىق ئاگاھ بەردى ۋاسىلىسا تانيەگە، — ھازىر ئۆينىڭ خوجايىنى ئۇ ئەمەس، بەلكى مەن. ئۇنىڭسىزمۇ تويۇپ كەتتىم، ئەجەبمۇ شور پېشانە خوتۇن ئىكەنمەن. قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئارمىنىمنى يەپ قالارسىلەر.

ئۇ بېشىدىن ئاسانلىقچە ئالمايدىغان ياغلىقىنى ئالدى-دە، ئاق كىرگەن چېچىنى تاراشقا باشلىدى. قورقۇپ كەتكەن تانيە كارىۋاتتا تۆگۈلگىنىچە ئۇن چىقارماي ئولتۇراتتى.

— شۇ تاپتا ئازراق كۇۋاس ئىچسەم قانداق ياخشى بولاتتى، — دېدى ۋاسىلىسا تانيەگە.

— تەييار كۇۋاس بارمىدى؟ — دەپ سورىدى تانيە خۇشاللىقىدا، — بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئەكىلىپ قوياتتىم...

— يوق، — دېدى ۋاسىلىسا ئۇھ تارتىپ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاسىلىسا ئالېكساندىراغا كۆنۈپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىدەك كوتۇلدىمايتتى، ئاچچىقلانمايتتى، ئالېكساندىرا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىدا باشقا ياققا قارىۋالغىنىچە ئۇن چىقارماي ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىمۇ، ياكى بولمىسا ئازابقا قېلىپ

يۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەپ يۇرمەيدىغان بولدى، ئۇ كەم سۆز، ئويچان بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، ئۆي ئىشلىرىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، باشقا موماي-لارنىڭكىگە چاي ئىچكىلى چىقىپ كېتىپ، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولغاندا ئاندىن يېنىپ كىرەتتى.

— ئاپا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى پېتىر.

— مېنىڭ ئاغرىغىلى نەدە چولام بولسۇن، — ۋاسىلىسا سوغۇق جاۋاب بەردى-دە، كېتىپ قالدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، ۋاسىلىسا كەنتتىن 30 كىلومېتىر يىراق-لىقتىكى ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئىككىنچى ئوغلىغا مېنى ئەكەتكىن دەپ خەت يازغانىكەن. ئوغلى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ، ئاپىسىنى ئەكىتىشكە تەييارلىنىپتۇ، شۇ چاغدا ۋاسىلى-سا ئوغلىغا ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرغىن دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ. ئۇ يېڭى جايغا كۆچۈپ كېتىشكە بەربىر كۆڭۈل توختىتالمىدى.

— بىز يوق يەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ياخشى، — دېدى ئۇ تانىيەگە ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلىدىغانغا ئۇزاق قالمىدى، ئەمدى نەگە باراتتىم.

يېقىندىن بۇيان ۋاسىلىسا تانىيەگە ناھايىتىمۇ غەمخورلۇق قىلى-دىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا زادىلا يېقىن يولاتمايتتى. كېسەلمەن تانىيە غەمكىن يۈرەتتى.

— كېسەل بولدۇم دەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دەپ تەسەللى بېرەتتى ۋاسىلىسا تانىيەگە، — كېيىن باللىق بولۇپ كەتكەندە كېسەل بولغىلىمۇ چولا تەگمەي قالىدۇ. بىراق كۈنلەر تېخى ئۇزاق. سېنىڭ پېشانەڭمۇ تازا ئوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ، تاپقان ئېرىڭمۇ

تازا يارامىلىق ئەرلەردىن ئەمەس.

كېيىن ئۇ ناسكانى چاقىردى:

— ناسكا، ئاۋۇلارنىڭ قازناق ئۆيىگە كىرىپ باققىن. مۇرابىاسىدىن بارمىكىن. تانىيە مۇرابىا بىلەن چاي ئىچىپ باقسا ياخشى بولاتتى. ھېلىقى سىنىڭ ئالېكساندىرايىڭغا: تانىيەگە لازىم بولۇپ قالدى، دېگىن.

قىش ئۆتۈپ كەتتى، 3-ئاي مەزگىلى، ئېرىگەن قار سۇلىرى ئېقىپ تاغ باغرىغا چۈشتى، ھويلىلاردا خورازلار بەس-بەستە چىللىشاتتى. مۇشۇ پەسىلدە ناسكانىڭ بالىلىرى تاسما بىلەن ئۇرمىغىچە، ياكى ھەسەل بىلەن قىلىنغان پېچىنە بېرىپ ئالدىمىغىچە ئۆيگە كىرمەيتتى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا ئىشىكنىمۇ ياپماي قېچىشاتتى. ئاپىسى ئىشقا چىقىپ كەتكەندە، ئۆي ئىشلىرىغا ۋاسىلىسسا قاراپ قوياتتى، بىراق ئۇ ھەممىلا ئىشقا تەڭ يېتىشىپ كېتەلەمتى؟

بىركۈنى ۋاسىلىسسا ئادەم بارمۇ، يوق دەپ ناسكانىڭ ئۆيىگە قاراپ باقماقچى بولدى، ئۇ قۇلۇپلانمىغان ئىشىكنى ئېچىپلا، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆيدە كىمدۇ بىرى يىغلاۋاتاتتى، ۋاسىلىسسا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىردى-دە، ئوغرىلىقچە قارىدى، شۇ چاغدا ئالېكساندىرا كارىۋاتتا دۈم يېتىپ يىغلاۋاتاتتى.

— ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن، — دېدى ۋاسىلىسسا، — ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ-دە.

ئۇ بىردەم قاراپ تۇردى، لېكىن ئالېكساندىرا يىغىسىدىن توختىمىدى. ۋاسىلىسسا بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن كارىۋات قېشىغا كەلدى.

— يىغلىغان بىلەنمۇ ئىچ پۇشۇقى چىقمايدۇ، — دېدى ۋاسىلىسسا

بوش ئاۋاز بىلەن، ئۇ بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئېيتقانىدى.

چۆچۈپ كەتكەن ئالېكساندىرا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، كارىۋاتنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئېھتىمال ئىچىڭ پۇشقىدەك ئىشمۇ يوقتۇ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ۋاسىلىسا، — ئاياللار خۇددى مېكىيانغىلا ئوخشايدۇ، ئاياللارنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدۇ.

ئالېكساندىرا يىغىدىن توختىمىدى. ئۇ يەنىلا يۈرەكزادىلىك بىلەن ۋاسىلىساغا قاراپ تۇراتتى.

— ھەي چوكان، يۈرە، مېنىڭ ئۆيۈمگە چىقايلى، — دېدى ۋاسىلىسا بىردىنلا، — مەن ساماۋار قاينىتاي، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى.

ئالېكساندىرا بېشىنى چايقاپ رەت قىلدى.

— قوپ، قوپ، كاجلىق قىلما، — دېدى ۋاسىلىسا قەتئىي قىلىپ، — مېنىڭ سەندە ئۆچۈم يوق، سېنىڭمۇ مەندە ئاداۋىتىڭ يوق. ئارىمىزدا بۇلۇشىدىغان ھېچقانداق بىساتمۇ يوق.

ۋاسىلىسا ئالېكساندىرانى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، شىرە تۈۋىدە ئولتۇرغۇزدى. ئالېكساندىرا ھېلىھەم تۇرۇپ مىشىلداپ، تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

— مەن خوتۇنلارنىڭ يىغلىشىنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى ۋاسىلىسا كارىۋاتتا تېگىرقاپ ياتقان تانىيەگە چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، يىغلاش يۈرەككە خەنجەر ئۇرغانغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇش خۇددى بىر تەرىپىگە بۇركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، بىر تەرىپىگە خەت بېسىلغان داچەنگە ئوخشايدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ

بۇركۇت بار تەرىپىنى كۆرسەم دەيدۇ، بىراق ھېچقايىسىسى ئۇقماي-دۇكى، مەيلى ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى بولسۇن، ياكى بۇ تەرىپى بولسۇن، ئۇ بەرىبىر بەش تىيىن. ھەي، خوتۇنلارەي! — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، — كۆپ يىغلىغان بىلەن نەملىك كۆپ چىقىدىغان گەپ، نەملىك دېگەن ھەممىلا نىمىنى چىرىتىۋېتىدۇ، سىلەرگە بىر ئىش كۆڭلۈڭلارغا ياقمىسىلا يىغلاڭلار دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ — دېدى.

ۋاسىلىسا ئاشخانىغا كىردى، ساماۋارنىڭ كىژىلدىشى ئاڭلاندى.

— نىمە؟ — دېدى ۋاسىلىسا ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، قازناق ئۆي تەرەپنى كۆرسىتىپ ئالېكساندىراغا، — ئۇ سېنى بىرنىمە قىلدىمۇ؟

— ياق، — دېدى ئالېكساندىرا بېشىنى چايقاپ. — بالام ئۇچۇن، ئوغلۇم ئۇچۇن يىغلاۋاتىمەن.

ئۇ ۋاسىلىساغا قاراپ قويۇپ، جىم تۇرۇپ قالدى.

— دەۋەرگىن، — دەپ دەۋەت قىلدى ۋاسىلىسا، — دەۋەتسەڭ يەڭگىللەپ قالىسەن.

— يەڭگىللىيەلمەيمەن. شۇ تاپتا چاينى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن. شۇ تۇرقۇمدا سۆزلىيەلمەيمەن.

ئالېكساندىرا يەنە جىم بولۇپ كەتتى، كېيىن ئۆزىنى باسالماي، يەنە ئاغزى ئېچىلدى:

— شۇ چاغدا ئوغلۇم تۆت ياشتا ئىدى. مەن ئەمگەك قوشۇنىغا كىرىپ كەتكەندە، ئۇ ئانام بىلەن قالغانىدى. مەن يوق چاغدا ئۇلار ئارقا سەپكە چېكىنىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇزاقىقىچە شەھەرگە قايتىپ كېلەلمىدىم، شەھەرگە كەلسەم ئۇلار ھەممىسى كېتىپ

قاپتۇ.

ئۇ يەنە بىرپەس يىغلىدى.

— چاي پاتلا قاينايدۇ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ۋاسىلىسا.

— ئانام يولدا يارىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پويىز ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ كېتىۋېرىپتۇ. ئاڭلىسام ئۇنى سىلەرنىڭ ئوبلاستقا ئەكەپتۇمىش.

— چاي پاتلا قاينايدۇ، — دېدى ۋاسىلىسا يەنە.

— ئۇ ھەمىشە چۇشۇمگە كىرىپ قالدۇ. ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە، چۇشۇمگىمۇ ئون ياش پېتى كىرىدۇ، ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە، چۇشۇمدىمۇ 15 ياشلىق ھالىتىدە كۆرىمەن. ھازىر ئۇ چوڭ ئادەم بولۇپ قالدى. بۈگۈن كېچە ئۇنى چۇشۇمدە كۆردۇم، ئۇ كەلگەنمىش ۋە ماڭا: "ئاپا، ماڭا ئاپىلىق مېھرىڭ بىلەن بەخت تىلىگىن، مەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىمەن" دەيمىش.

— سەن نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋاسىلىسا ئالدىغا سۇرۇلۇپ.

— مەن ئۇنىڭغا: "تۇرۇپ تۇرغىن بالام، مەن سېنى ئىزدەپ تاپقاندا ئاندىن توي قىلغىن" دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: "مېنى پات ئارىدا تاپالامسەن؟" دەپ سورىدى.

— ۋوي! — دەۋەتتى ۋاسىلىسا ئەجەبلىنىپ.

— مەن: "پاتلا تاپىمەن بالام، پاتلا" دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېتىپ قالدى، كېتىۋېتىپ يەنە: "ھەي ئاپا، مېنى ئىزدە جۇمۇ" دەپ توۋلىدى.

ۋاسىلىسا گەپنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ دېمىنىمۇ چىقارماي، جىمجىت ئولتۇراتتى. ئالېكساندىرا شۈك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شۇنداق قىلىپ كېتىپ قالدىما؟

— كېتىپ قالدى.

— ئۇ نەدىن ئىزدەپ تاپىدىغانلىقىنى دەپ بەرمىدىمۇ؟

— دېمىدى.

— سورىساڭ بولاتتى، ئېنىق سورىۋالساڭ بولاتتى.

ئالېكساندىرا ئۇنىڭغا ئىمكان يوقلۇقىنىڭ ئىشارىسىنى قىلىپ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى، چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ پارىڭىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر سەھەردە، ئالېكساندىرا ۋاسىلىسا بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كىردى.

— مەن نەرسە-كېرىكىمنى يىغىشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئۇ غەمكىن هالدا، — مانا ئەمدى ئوغلۇمنى ئىزدەپ بارىمەن.

— خۇدا سېنى ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي، — دەپ تىلىدى ۋاسىلىسا، — بارغىن، ئالېكساندىرا، بارغىن. بىزنىڭ زېمىنىمىز بىر، ئوغلۇڭنى داۋاملىق ئىزدىگىن. مەن سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىمەن.

ئۇ ئالېكساندىرانى دەرۋازا تېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا باشقا باللىرىنى ئۇزاتقاندىكىدەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ۋاسىلى تۇنجى قېتىم چاي ئىچكىلى كىردى. ۋاسىلىسا ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ، شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى.

* *

يېقىنقى كۆنلەردىن بۇيان ۋاسىلى بەل ئاغرىقىدىن بارغانسېرى قاتتىق قاخشىغىلى تۇردى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بېلىنى ئۇ يان ـ بۇ يان ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئىختىيارسىز ئىنجىقلايتتى، كۆپ جاپا تارتقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈزىدىكى ساغۇچ ساقىلى ئارىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر چىقىپ كېتەتتى.

ــ ۋايىيەي، ــ دەپ ئىنجىقلىدى ئۇ، ــ بۇ نەس ئاغرىقنىڭ كەتمەي تۇرۇۋالغىنىنى، ئادەمگە خۇددى ئالۋاستىدەك يېپىشىۋالدى دېسە! كىشىگە ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئارام بەرسە بولمايتتىمۇ.

ۋاسىلى ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتتى ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، كۆزىنى يۇمدى. بىراق ئۇ يېتىپمۇ ئارام تاپالماي، يەنە ئۆرە بولدى.

ــ ۋاشكا! ــ دەپ چاقىردى ئۇ ئوچۇق ئىشىككە قاراپ.

جاۋاب بولمىدى.

ــ ۋاشكا!

ۋاشكا يوق ئىدى.

پېتر ئىشتىن قايتىپ، ۋاسىلىنى يوقلاپ كىردى.

ــ سەن ۋاشكاغا مېنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويغىن، ــ دېدى ۋاسىلى، ــ بولمىسا ئۆزەم يالغۇز قېلىپ ئۆلۈپ تارتىپ كېتىپ قالسام، كۆزۈمنى يۇمۇپ قويىدىغانىمۇ ئادەم چىقماي قالىدۇ.

ــ قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

ــ قانداقراق دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۆزەڭ كۆرۈۋاتىسەنغۇ. بېلىم سىرقىراپ قاتتىق ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— دوختۇر چاقىرتىش كېرەك.

— دوختۇر، دوختۇر، — دېدى ۋاسىلى ئاچچىقلاپ. — تۈنۈگۈن بىر ئايال ياردەمچى دوختۇر كېلىۋىدى، بىر قىلىلىق پايدىسى بولدىمۇ؟ مەن بىلىم ئاغرىيدۇ دېسەم، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇۋېلىپ باشقا ھېچنېمە قىلالمىدى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ كېسىلىمنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئادەمدە بەل دېگەننىڭ بارلىقىنى بىلمەي كەلگەن بولسا كېرەك.

— ئۇلار بۇ ئاغرىقنى باشقا بىرنېمە دەپ ئاتىسا كېرەك.

— ئۇلار ئىچ سۈرگەننىمۇ باشقا بىرنېمە دەپ ئاتايدۇ. بىراق ئۇنى داۋالاشنى بىلىشى كېرەك-دە، ئۇلارنىڭ ئوقۇغىنى شۇ تۇرسا.

— ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟

— ھېچنېمە دېمىدى. بېلىمنى ئانچە-مۇنچە مۇشتلاپ قويۇپلا، "ئەتە يەنە كېلىمەن" دەپ قويۇپ، خۇددى ساياھەت قىلىپ كەلگەندەكلا كېتىپ قالدى.

ئۇ تامغا يۆلەنگىنىچە توختىماي ئىڭىرايتتى. بىرپەستىن كېيىن ئۇ قەددىنى رۇسلىدى.

— سەن دۇكانغا بىر بېرىپ كەلسەڭ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى ۋاسىلى، — ماڭا شۇ سەل ئارام بېرىدۇ. ئانچە ئۇزاققا ئارام بەرمىسىمۇ، ھەر ھالدا يېنىكلەپ قېلىشىم مۇمكىن. پۇل ئىشكاپ بېشىدا. سەنمۇ مەن بىلەن بىللە ئوتلاپ ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىۋالغىن.

پېتىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇن چىقارماي پۇلنى ئالدى-دە، چىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ۋاشكا بېرىپ ھاراق ئەكەلدى.

— قايتۇرغان پۇلغا كەمپۈت ئېلىپ يېدىم، — دەپ ماختاندى ئۇ

ۋاسىلىساغا.

— ئوبدان دورا تېپىۋاپتۇ-دە، — دېدى ۋاسىلىسا رازىمەنلىك بىلەن تەنە قىلىپ، — بىر رومكا ئىچىۋېلىپ، خىرىلداپ كۈلسە، ھەرقانداق كېسەل خۇددى ۋابانى كۆرگەندەك قېچىپ كېتىدۇ.

ۋوتكا ئىچكەندىن كېيىن ۋاسىلى راستىلا تىنچلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق بىرمەزگىلدىن كېيىن ئاغرىق گويا ۋاسىلىنىڭ چېكە-نىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ قانداقتۇر بىر خىل يېڭى كۈچ بىلەن بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتقاندەك، تېخىمۇ قاتتىق تۇتۇشقا باشلىدى.

ئايال دوختۇر ئاخىر يەنە كەلدى، ئۇ ۋاسىلىنى رايون مەركىزىگە ئاپىرىپ رېنتگېندا تەكشۈرتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ۋاسىلى گەپ قىلماي ماقۇل بولدى، ئۇ ناھايىتىمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ: پاتراق ئىچىپ ئۇيقۇغا كېتىۋالغان بولسام، ھەتتا موسكۋاغا ئاپىرىپ تەكشۈرت-سىمۇ مەيلى ئىدى، نېمىلا قىلسا چىدايتتىم، نېمە قىل دېسە شۇنى قىلاتتىم، ئەمدى ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم. يەنە ياشاۋەرسەم باشقىلارغا كاشىلا بولۇپ قالىمەن، ئېھتىمال نۆۋەت ئەمدى ماڭا كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، بىراق ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھەرىكىتى تولىمۇ ئاستا ئىدى.

دوختۇر كەتكەندىن كېيىن ۋاسىلى ئۆزىگە لىق بىر رومكا، پېتىرغا يېرىم رومكا هاراق قۇيدى. هاراقنى ئىچىپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ۋاسىلى تېتىكلىشىپ قالدى.

— ئېيتقىنچۇ، — دەپ سورىدى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ تولىسى كېچىدە تۇغۇلۇپ، كېچىدە ئۆلىدۇ؟

— بۇنى ئۇقمايمەن، — دېدى پېتىر مۇرىسىنى قىسىپ.

— گەپ مەشەدە — بۇنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. ئادەم زادى نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كېچىدە تۆرىلىپ، بۇ دۇنيادىن يەنە كېچىدە ئايرىلىدۇ؟ بۇ دۇرۇس بولمىغىنى. مەن كۈندۈزى ئۆلسەم دەيمەن. كۈندۈزى كىشىلەر گەپ قىلىشىپ، توخۇلار قانات قېقىشىپ، ئىتلار قاۋىشىپ تۇرىدۇ. كېچە بەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ، ئۇچاغدا ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كېتىدۇ. بىر يەردە ئانىسىدىن تۆرەلگەن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانسا، يەنە بىر يەردە ھاياتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان قېرىلارنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇغا كېتىشىلا ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىشقاندىن كېيىن بىر دەۋر ئاياقلاشقان بولىدۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولىسىدۇ، بولمىسىدۇ، يەنە كېچىگە ئۇلىشىدۇ، يەنە ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ، ھەممە ئىش يەنە يېڭىۋاشتىن باشلىنىدۇ. ۋاي — يەي، ۋاي — جان! كېچىدە ساڭا قارىشىدىغان ئادەم بولمايدۇ، "كېتىۋەرگىن، ۋاسلى، قورقماي كېتىۋەرگىن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى قىلىپ بولدۇڭ، قىلىپ بولالمىغانلىرىڭنى باشقىلار داۋاملاشتۇرىدۇ، كېتىۋەرگىن" دەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئۇنداق چاغدا ئادەم باشقىلارنىڭ تەسەللى بېرىشىگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ، باشقىلار تەسەللى بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ گۆرىدە قورقماي ياتالايدۇ.

— نېمە بولدۇڭ، ئاتا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى پېتر، — نېمە ئۈنداق بىكار گەپلەرنى قىلىسەن؟

— سەن مېنى بىكار گەپ قىلىۋاتىدۇ دەمسەن؟ مەن شۇ تاپتا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. سەن چىقىپ كەتسەڭ ئۆزەم يالغۇز قالىمەن. مەن يالغۇر ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەن. بىراق ئۆلۈم بەك قورقۇنچلۇق،

مەن ئۇنىڭغا كۆنەلمەيمەن.

ئۇ بوتۇلكىغا قول ئۇزاتتى.

— كەل يەنە ئىككى ئوتلىۋالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېتىپ قالاي.

پېتر ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ۋاسىلىساغا دېدى:

— ئاتامنىڭ ئەھۋالى بىر قىسما تۇرىدۇ.

ۋاسىلىسا جاۋاب قايتۇرمىدى.

يەنە بىركۈنى قازناق ئۆيىنىڭ ئىشكى ئېچىلدى.

— ۋاشكا! — دەپ ۋارقىرىدى ۋاسىلى.

ۋاشكا يوق ئىدى.

ۋاسىلىسا ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقىنىچە ئېھتىيات بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ تۇراتتى.

— ۋاشكا يوق، كانىيىڭ يىرتىلغىچە ۋارقىراۋەرمە، — دېدى ئۇ.

ۋاسىلى ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇ سەنمۇ، ۋاسىلىسا؟ — دەپ ھالسىز ئاۋازدا سورىدى ئۇ، — ۋاشكا قېنى؟

— تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئۆيگە كىرگىن، ۋاسىلىسا، ئەمدى نېمىسى قالدى.

ۋاسىلىسا بوسۇقىدىن ئاتلاپ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— يېقىنراق كەل، ۋاسىلىسا.

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى ۋاسىلىسا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ.

— مەن پاتلا كېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، يېقىنراق كەلگىن، ئىككىمىز خوشلىشىۋالايلى.

ۋاسىلىسا ئاستا مېڭىپ ۋاسىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كارىۋاتنىڭ

چېتىدە ئولتۇردى.

— مەن سەن بىلەن ئوبدان ئۆتەلمىدىم، ۋاسىلىسا، — دېدى ۋاسىلى بوش ئاۋازدا، — بۇنىڭدىكى ھەممە سەۋەنلىك مەندە.

— ئوبدان ئۆتەلمىگەن ئىش يوق، — ۋاسىلىسا بېشىنى چايقىدى، — بالىلارنى بىر ئوبدان چوڭ قىلىۋالدۇق، ھەممىسى ئىشلەۋاتىدۇ.

— ئوبدان ئۆتەلمىدىم، ۋاسىلىسا، ئۆلۈش ئالدىدىمۇ قاتتىق خىجالەت ئىچىدە تۇرىۋاتىمەن.

ۋاسىلىسا ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى لېۋىگە تۇتۇپ، ۋاسىلىغا ئېگىشتى.

— سەن نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر خىيالنى قىلىسەن، ۋاسىلى؟ — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن، — سەن نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر خىيالنى قىلىسەن؟

— كۆز يېشىڭ تېنىمگە تامچىۋاتىدۇ، — دېدى ۋاسىلى خۇشاللىق بىلەن بوش ئاۋازدا، — قارا، يەنە تامچىدى.

ئۇ كۆزىنى يۇمدى، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

— سەن نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر خىيالنى قىلىسەن، ۋاسىلى؟ ئاھ خۇدا، نېمە بالا ـ قازا بۇ!

ۋاسىلىسا ئۇنىڭ يەلكىسىنى ھەدەپ سىلىكتتى، ئۇ كۆزىنى ئاچتى:

— بىز خوشلىشىۋالايلى، ۋاسىلىسا.

ۋاسىلى قولىنى ۋاسىلىساغا ئۇزاتتى، ۋاسىلىسا ئۇنىڭ قولىنى قىستى، ئاندىن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى چىققىن، — دېدى ئۇ، — مەن ئەمدى يەككىلىنىپ قالدىم.

ۋاسىلىسا بىر قەدەم ماڭدى، يەنە بىر قەدەم ماڭدى، ئاندىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارقىسىغا قارىدى.

ۋاسىلى كولومىسىرىمەكتە ئىدى، ۋاسىلىسىسا ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ۋاسىلى كولومىسىرەيتتى، ياتاتتى، كولومىسىرەيتتى.

بۈگۈن جاھان خۇددى يامغۇر يېغىش ئالدىدىكىدەك تىپتىنچ ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە بەك سوغۇقمۇ، بەك قىزىقمۇ ئەمەس قېتىقتىن ئازراق ئىچىپ، دېرىزىدىن تالادا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇرۇشتىن ئارتۇق لەززەت ئىش بولمىسا كېرەك.

(1966)

(«روسسىيە-سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق 3-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **سابىر ئىبلى**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **رەقىپ ۋاھاپ**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئېلىنىش

## ف. مۇخاماجىيېۋ

**ئاپتور ھەققىدە** ئاپتور سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىك يازغۇچىسى بولۇپ، ئەسەرلىرى 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان؛ ئۇنىڭ «يېڭى رەئىس»، «كۆچكۈنچى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «بوۋاي» قاتارلىق پوۋېستلىرى بار. ئاپتور ئەسەرنى يۇمۇرلۇق ۋە لىرىكىلىق يازىدۇ.

1

ئۇستا چېلىشچىنى بىر چاقىرىم يەردىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇنداق پالۋانلار قارىماققا شۇنداق ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك، باتۇر قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئۆزگىچىلىكى بار، ئالايلۇق، ئالدىنقىسىنىڭ ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ چىققان ئۇزۇن شاپ بۇرۇتى بار بولۇپ، خۇددى قىلىچقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆز رەقىبىنى مۇشۇنىڭ بىلەن قورقۇتماقچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ ئىككىنچىسى بولسا، ئاستىدىكى يەرنى دىرىلدەتكۈدەك، دۈك ـ دۈك دەسسەپ، بۆلەكچىلا بىر خىل مېڭىش چىقىرىۋالغان؛ ئۈچىنچىسى قازاندەك يوغان قورسىقىنى چىقىرىپ، ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ ماڭسام، دۈشمىنىمنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈپ تاشلايمەن دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، چېلىشقاندا بۇنداق قورساقنىڭ ئۆز ئىگىسىگە بېرىدىغان پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكى

ھەممە كىشىگە ئېنىق.

ئەخمەتبېك بۇنداق پالۋانلارغا زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن كىشى زادىلا چۈشىنەلمەيدۇ، كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك بىر سالاپەتتى بولمىغان بۇ ئاددىي شەخس كۆپ يىللاردىن بۇيان، مۇشۇ كىچىككىنە بىر پارچە دۈگىلەك يەردە ئەڭ يامان چېلىشچى دېگەن نامنى قولدىن بەرمەي كەلمەكتە. ئەمما بۇ ھەرگىز ئەخمەتبېك ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، رەڭگى-رويى كۆرۈمسىز ئادەم دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن ھەرگىز ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ بوي-تۇرقى ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بويلۇق كىشىلەردىن سەل ئېگىزرەك بولۇپ، ئۇ كۆكرەك ۋە يەلكىلىرى كەڭ، بېلەك ۋە پاچاقلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى تەرەققى تاپقان، باشلىرى يوغان، پېشانىسىمۇ كەڭ ھەم ئېگىز كەلگەن بىر ئادەم. بىراق، راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق تەن تۈزۈلۈشىدىن بەرىبىر ھېچقانداق باتۇرلۇق قىياپىتى كۆرۈنمەيدۇ. ئەخمەتبېكنىڭ تەقى-تۇرقى بولۇپمۇ ئادەتتىكى بىر ئۆزبېك دېھقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ شالاڭ ئۆسكەن بۇرۇتىنى، ئۆزىنىڭ ئېرەنسىزلىكىدىن، قاياققا تولغاش كېرەكلىكىنى يەنى يۇقىرىغا تولغاش ياكى تۆۋەنگە تولغاش ۋە ياكى ئىككى قۇلىقى تەرەپكە تولغاش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەلمىگەن. ئۇ قەددىنى كۆتۈرۈپ ئەركىن-ئازادە ماڭغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرى سۇر-ھەيۋەت بىلەن دۈك-دۈك دەسسەپ ماڭىدىغان داڭلىق چېلىشچىلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

ئەخمەتبېكنى بەزىلەر ئۆتتۈپ كەتكەن قۇۋ، چېلىشتا ئۆز رەقىبىنى بىخوت قىلىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئاندىن تۇيۇقسىزلا يانپاشقا ئېلىپ، يەرگە مىختەك. چاپلاپ قويۇش ئۈچۈن، ئەتەي ئۆزىنى ئاشۇنداق

كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ يۈرىدىغان بىرنەرسە دەپ باھالىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار ئەگەر ئەخمەتبېك قوۋلۇقتا تايىنىپ جان باقىدىغان چېلىشچىلاردىن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنى بەش قولدەك بىلىدىغان پالۋانلارنى قانداق قىلىپ بىرمۇ-بىر يېڭىپ چىقالىسۇن؟ ياق، بۇنىڭ قوۋلۇق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، گەپ ماھارەت ۋە كۈچتە. بۇ چاغقىچە قوۋلۇقتا تايىنىپ نام چىقارغان بىرمۇ چېلىشچى پالۋان بولغان ئەمەس، دېيىشىدۇ.

تاجىكچە چېلىشىش ھەقىقەتەن ئادەتتىكى چېلىشىش ئەمەس. ئۇ، بىرىنچىدىن، چاققان بولۇشنى، ئىككىنچىدىن، پۇت-قولنىڭ ماغدۇرلۇق بولۇشنى، ئۈچىنچىدىن، بەل مۇسكۇللىرىنىڭ تەرەققى تاپقان بولۇشىنى، ئەڭ ئاخىردا يەنە قاتتىق بويۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سىزدە كۈچ-ماغدۇر دېگەن بولۇپ، ئەمما ھەرىكىتىڭىز چاققان بولمىسا، مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن: كۈچ جەھەتتە سىزدىن يېرىم ھەسسە ئاجىز، ئەمما ھەرىكىتى چاققان بىر ياش سىزنى چېلىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارماي تۇرۇپلا كاپىپىدە تۇتۇۋېلىپ يىقىتىپ ئىككى مۈرىڭىزنى يەرگە چاپلاپ قويىدۇ. ئەكسىچە ھالدا، ئەگەر سىز دۇنيادا ئەڭ چاققان ھايۋاندىن-مۇ مىڭ ھەسسە چاققان بولۇپ، لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ بۇ چاققانلىقىنى دەل ۋاقتىدا ئىشلىتەلمىسىڭىز، يەنىلا يېڭىلىپ قالىسىز.

ئەخمەتبېكنىڭ رەقىبلىرى مەيلى كۈچتە، مەيلى چاققانلىقتا بولسۇن، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. دائىم مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرەتتى: ئۇ چېلىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى پۇتىنى تەڭ يېرىمى يەرگە پېتىپ كىتىدىغان قەدىمكى زامان خارازلىرىدەك يەرگە پاتۇرۇپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ رەقىبى ئادەتتە دېيىلىدىغان چېلىشنىڭ

يەتمىش يەتتە خىل ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغىنى بىلەنمۇ، نېمە ئۈچۈن-
دۇ، زادى قانداق ۋاقىتتىدۇ، بىلمەي قالىسىز، ئۇنى كۆپ قىلىپ
يەرگە ئاتىدۇ.

ئەگەر تاغدەك بىر پالۋان بىلەن ئېلىشىپ قالسا، ئەخمەتبېك
ئۇنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن مەيدانىدا چۆگىلىتىپ، تازا ھارغان-
دا، چاقماقتەك كېلىپ ئۆزىنى بىر ئۇرىدۇ-دە، شۇ يەردىلا كۆپ
قىلىپ چۈشۈرىدۇ.

كىشىلەر ئەخمەتبېكنىڭ يېڭىشلىرىگە، ھەتتا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى
بىرمۇنچە ئاجايىپ ھادىسىلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاجايىپ-
غارايىپ رىۋايەتلەرنى تارقىتىشقان. مەسىلەن، بەزىلەر ئەخمەتبېك
ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئۇنى خۇدايىم ساقلايدۇ دېيىشىدۇ. ئۇلار
ھەتتا قانداقتۇر بىر پىرىم چوقۇم ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىدۇ، دەپ
كېسىپ ئېيتىشىدۇ. دۇنيادىكى پالۋانلارنىڭ ھەممىسى مەشق قىلىدۇ —
يا ماھارەتتە ئۆزىگە تەڭ كېلىدىغان بىر چېلىشچىنى تېپىپ چېلىشى-
دۇ، يا تەنھەرىكەت ئەسۋابىغا ئوخشاش بىرنەرسىلەرنى تېپىۋېلىپ،
شۇنىڭ بىلەن مەشق قىلىدۇ. لېكىن، ئەخمەتبېكنىڭ مەشق قىلغان-
لىقىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىغا ياردەم-
لىشىپ، ئاتا كەسپى بولغان تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن-
دىن بۇيان، باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىپ باقمىغان، يەر تېرىش،
كۆكتات تېرىش، باغ-ۋارانلارنى يىغىشتۇرۇش ۋە ئۆستەڭ چېپىش
بىلەنلا بولغان...شۇنداقتىمۇ، ئۇ چېلىش مەيدانىدا ھازىر بولىدى-
كەن، كۆپ يىللار مەشق قىلغان چېلىشچىلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن
ھامان پۇتلىرى تىترەپ تۇرالماي قالىدۇ.

دەرۋەقە، دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگىكىمۇ بىر خىل مەشق،

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى پەقەت ئەخمەتبېكنىڭ ئۆزىنىلا ئاقتاغىدىكى بىر تىك يوتىنى تېرىشقا بەلگىلەپ قويغانىكەن. ئەخمەتبېك باشقىلار بىر باغلام ئوتۇنىنىمۇ كۆتۈرۈپ ئۆتەلمەيدىغان بىر يەرنى تېرىيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز قولى بىلەن بىر ياغاچ ساپان ياساپ چىققانىكەن، بۇ ساپاننى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا بۇ جىلغىدىن ئۇ جىلغىغا كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم ئۇ يەر تېرىۋاتقاندا، رايون مەركىزىدىن بىر خەۋەرچى چېپىپ كېلىپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چېلىش مۇسابىقىسى بولىدۇ، ئەخمەتبېك چوقۇم قاتناشسۇن دېگەن ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەخمەتبېك بارالمايمەن دەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئەترەت باشلىقىغا بۈگۈن بۇ بىر پارچە يەرنى تېرىپ بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىكەن. خەۋەرچىسى بىكار يول چېپىپ، رايون مەركىزىگە قايتىپ كېتىپتۇ، لېكىن بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ يەنە كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە جىشبول كەنتىدىن بىر دېھقان ۋە رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرىمۇ كەپتۇ. ئەسلىدە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى كولخوز رەئىسىگە ئەخمەتبېكنىڭ ئىشىغا باشقا بىرسىنى ئەۋەتىپ، ئەخمەتبېكنى مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇشنى ئېيتىپ قويغانىكەن.

ئەخمەتبېك ئىلىدىمەستىن، رايونغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ، بىراق، بىر چىنە چاينى ئىچكۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا، ھېلىقى ئەخمەتبېكنىڭ ئورنىغا بارغان دېھقان تىك ياردىن دومىلاپ چۈشۈپ، دولىسى ئاجراپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتبېك تۆت يىل ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنىكەن. بۇ ئىشتىنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر

تارقىلىپتۇ. چۈنكى، پۈتكۈل دارۋاز تېغىدا، ئۇرۇشتا بىر-ئىككى ئادىمىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن ھازا تۇتۇپ قاتتىق يىغا-زار قىلمىغان بىرمۇ ئائىلە يوق ئىكەن، قايتىپ كەلگەنلىرىنىڭ يارىدار بولمىغىنىمۇ يوق ئىكەن. توغرا، بىر قېتىم ئەخمەتبېككە يېقىنلا يەردە زەمبىرەك ئوقى پارتلاپ كېتىپ، ئەخمەتبېك دەرھال ئاكوپقا سەكرەپ چۈشۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن بەدىنى توپىغا كۆمۈلۈپ قالغان، سەپداشلىرى ئەخمەتبېكنى توپا ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بىر ئاي گاس بولۇپ قالغان، خۇددى بىر كۆنەك ھەرە ئۇۋۇا سېلىۋالغاندەك، بېشى غوڭۇلداپ تۇرغان، قۇلىقىدا قانداقتۇر بىرنەرسە توختىماي ھۇشتەك چېلىۋاتقاندەك ۋىڭىلداپ تۇرغان. دوختۇرلار كۆرۈپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىغاندا، ئۇ دوختۇرلارنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە گۈك-گۈك، غۇك-غۇك قىلغان بىرنەرسىنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ يەنە قىسمىغا قايتىپ بېرىپتۇ.

ئۇ يۇرتداشلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇ كۆچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، قىلچىمۇ كۆپتۈرۈۋەتمىگەن ۋە ئۆزىنى باتۇر قىلىپمۇ كۆرسەتمىگەن. يۇرتداشلىرى بۇ ئاددىيغىنا ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندا ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن زەڭ قويۇپ قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان. لېكىن ئۇلار پاراڭ سېلىشقاندا بولسا، ئۇنى زادى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس دەپ، بۇرۇنقىدەكلا كېسىپ ئېيتىشقان...

## 2

ئەخمەتبېكنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئېغىر خىيال ئۇنى بېسىۋالدى. مۇھەممەت مۇراد دېگەن يېڭىدىن داڭقى چىققان چېلىشچى ئۇنىڭ كۆكۈلۈك ئۆتكۈزمەكچى

بولغان بىركۈننىڭ پەيزىنى ئەتىگەندىلا ئۇچۇرۇۋەتتى.

ئەخمەتتىبىك ئۆزىنىڭ دوستى سەلىم بىلەن ھەر ئىككىلىسى چاقىرىلغان بىر زىياپەتكە بېرىش ئۈچۈن كوچىغا قاراپ ماڭغانىدى. بۇ چاغدا كەينىدىن بىرسى ئۇنى چاقىرىپ قالدى. ئەخمەتتىبىك كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق قارىسا، بايىقى مۇھەممەت مۇراد دېگەن قولتىقىغا بەش پۇتلۇق بىر يوغان ئۇن تاغىرىنى خۇددى بىر تال پەينى قىستۇرۇۋالغاندەك قىلچە ھەرەج تارتماي قىستۇرىۋېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ تازىم قىلدى ۋە قولتىقىدىكى تاغارنى يەرگە قويماستىن، قۇرۇق قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ سالام قىلدى. ئاندىن ئەخمەتتىبىكنىڭ ئۇزاتقان قولىنى سىقتى.

— ياخشىمۇ سىز. سالامەتلىكىڭىز ئوبدانمۇ؟ كۆڭلىڭىز خۇشالمۇ؟ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز. زىياپەت ئىگىسى ماڭا ئۇنى ئاپىرىشىپ بەرسىڭىز دېگەنىدى. سىزمۇ شۇ ياققا كېتىۋاتقانسىز؟ بىللە بارىدىكەنمىز – دە.

مۇھەممەت مۇراد شاتۇتىدەك جاۋراپ كەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللىلا تۆمۈردەك قولى بىلەن ئەخمەتتىبىكنىڭ بارماقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئامبۇردەك قىسقىلى تۇردى.

ئەخمەتتىبىكتە قىلچە ئۇنىڭ بىلەن سىنىشىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇ كۆڭلىگە ياقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ياش پالۋاننىڭ تىنچلىق– ئامانلىق سوراشلىرىغا ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ تۇردى ۋە قولىنى بۇ يىگىتنىڭ قولىدىن ئاستا– ئاستا سۇغۇرۇۋالماقچى بولدى.

ئەگەر كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرى بۇ ئىككى پالۋاننىڭ قول ئېلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بولسا، چوقۇم بۇ ياش پالۋاننى داڭدار چېلىشچىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋېتىپتۇ دەپ

قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، بۇ ياش پالۋاننىڭ غەرىزى باشقىچە ئىدى...

ئەخمەتبېك بىر تىنىپلا مۇھەممەت مۇرادنىڭ تېنىدىن گۈپ-گۈپ پۇراپ تۇرغان هاراقنىڭ هىدىنى سەزدى. ئەخمەتبېك بۇ ياش يىگىتنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە، بارماقلىرىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدى-دە، شارت قىلىپ قولىنى سۇغۇرۇۋالدى.

مۇھەممەت مۇرادنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، يېرىم ئوچۇق-يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدىن بىردىنلا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇ چوڭ پېشقەدەم پالۋاننىڭ قولىنى باشقىدىن سىقىماقچى بولۇۋىدى، ئەخمەتبېك ئۇنىڭ دولىسىغا بوشقىنا ئۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— تاغىرىڭنى قوي...، — دېدى.

ئەخمەتبېكنىڭ گېپىدىن بىر خىل تەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قولتىقىغا تاغارنى قىسۋېلىپ، ئۆزەڭدىن چوڭلار بىلەن مۇشۇنداق كەلسە-كەلمەس تىنچلىق-ئامانلىق سوراشساڭ سەت بولىدۇ دېمەكچى بولاتتى.

مۇھەممەت مۇراد تاغارنى يەرگە قويدى، بىراق، تاغار بىر يېنىغا يەڭدەپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. مۇھەممەت مۇراد تاغارنى تىك تۇرسۇن دەپ سەل-پەل يۆلەشتۈرۈپ قويدى، ئەمما تاغار يەنىلا بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەخمەتبېك تاغارنىڭ بوغۇقلۇق ئاغزىدىن تۇتۇۋېلىپ، بوش-بوش كۆتۈرۈپ، ئۇنى تامغا يۆلەپ قويدى.

— بالا...، — دېدى ئۇ مۇھەممەت مۇرادقا توغرىدىن-توغرا قاراپ تۇرۇپ. ئۇ مويسىپىتلىق سۈپىتى بىلەن بۇ ياش چېلىشچىغا هاراق ئىچمىگىن دەپ نەسىھەت قىلماقچى ئىدى. بەزىلەر هاراقنى

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئىچىدۇ. بەزىلەر بولسا، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزىنى ئەقىللىق، ماھارەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىچىدۇ. مۇھەممەت مۇراد ھەقىقەتەن پالۋان، بۇنىسى چوقۇم. شۇڭا، قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىش مۇناسىپ ئەمەس. ئەخمەتبېكنىڭ ياشلارنى ئاسراپ ئېيتماقچى بولغان سۆزى مۇشۇ ئىدى. بىراق، مۇھەممەت مۇرادنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گەپلىرى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالدى. ياش پالۋاننىڭ كۆزىدىن ئوپئوچۇقلا دۈشمەنلىك بەلگىسى چىقىپ تۇراتتى، چىرايىدىن بولسا، مەنسىتمەستىن كۈلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەخمەتبېك بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئانچە-مۇنچە سېزىپ يۈرەتتى. بۇ يىگىت كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇچراشقان ھامان ئېگىلىپ-پۈكۈلۈپ تازىم قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇ ئىچىدە باشقىچىلا يامانلىق ساناپ يۈرەتتى. ھازىر ئۇ مەس بولۇپ قالغان، شۇڭا، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىك نىيىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى... ئەخمەتبېكنىڭ كەيپى ئۇچتى. كۆڭلىنى گويا بىر پارچە قارا بۇلۇت قاپسىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان تۇۋرۇك يىقىلىپ چۈشۈپ، ھە دېگەندىلا چوڭ بىر جېدەل چىقىپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى.

3

ئەخمەتبېك بىلەن سەلىم ئىككىسى بىرلىكتە زىيارەت ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ئىككىسى كىچىكىدىن تارتىپلا يېقىن دوست ئىدى. سەلىم جارمودى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان، ئىشتىن سىرتقى بىلىم يۈرتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن يەنە كەنت سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان بولسىمۇ،

لېكىن ئەخمەتبېك بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئېزچىل ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئۇنى يەنىلا سەلىم مۇئەللىم دەپ ئاتايتتى.

ئىككى دوست ئايۋانغا چىقىرىلىپ، ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر قاتارىدا ئولتۇرغۇزۇلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەنت-گېزەك، مېۋە-چېۋە قاتارلىق نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلدى.

زىياپەت ئەتىگەندىلا باشلاندى، ئەمما كەچكى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئەڭ ئەزىز مېھمانلار ھېسابلىناتتى؛ ساھىپخان ئۇلارنى ئېچىلىپ-يېيىلىپ، خۇشال-خۇرام ئولتۇرسۇن دەپ، پۇتى-قولى يەرگە تەگمەي چېپىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلدى.

ياشلار ئۈچۈن بۈك-باراقسان سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا داستىخان سېلىندى. ئاگرانوم تۆردە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى، بىر مال دوختۇرى، ئاندىن قالسا كەنتتىكى دائىم كولخوزنىڭ ئىش باشقارمىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرىدىغان ئاكتىپ ياشلار ئولتۇردى. مۇھەممەت مۇرادمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، دۇشەنبە① ۋە باشقا شەھەرلەردىكى مۇسابىقە ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇنلۇك ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ياشلار سورۇنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ۋوتكا ئىچىشتى، چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ھاراق چەينەكلەردە ئېلىپ كېلىنىپ، ئاندىن چىنىلەرگە قۇيۇلاتتى. ياشلارنىڭ پاراڭلىرى بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. ھەۋەسكار ناخشىچىلار قوڭغۇراقلىق داپ، راۋاپ ۋە دومبۇرىلارنى تەڭكەش قىلىپ، نەۋۋەت بىلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇ-

---

① دۇشەنبە — تاجىكستاننىڭ مەركىزى.

رىسىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشاتتى. ئۇلار شەھەرلەردىكى ئارتىسلارنى دوراپ، مېھمانلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتىشاتتى.

ئەخمەتبېك ناخشىغا قىزىقمىدى. "ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆز ھېسسىياتىمنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئىقتىدارىم يىلدىن-يىلغا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇ ئۆزىنى ئون يىل، ھەتتا بەش يىل چېكىنىپ كەتكەندەك سەزدى. ئەگەر كىمدە كىم ئۇنى بوزەك قىلسا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇ: بەش قول بىردەك بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ يادىغا يەنە كونىلارنىڭ: "نادانلارنىڭ ئاقىللارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىشى ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، ئەخلەت-چاۋا سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ قالىدۇ، ئۈنچە-مەرۋايىت بولسا ھامان سۇنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ كېتىدۇ" دېگەن ئاقىلانە گەپلىرى كېلىپ قالدى. توغرا، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ئاسانلا تىزگىنلىۋالالايتتى، ئەمدىچۇ، ھەي! كىمدە كىم ئۇنىڭ چىشىغا تەگسە، ھەپىلەپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

قىزىق يېرى شۇكى، بۇ مۇھەممەت مۇراد دېگەنگە يەنە زادى نېمە كېرەك؟ پۈتۈن ئوبلاست بويىچە ھەممىنى ئۆتۈپ چىقتى، يېقىن ئەتراپتىكى ئۈچ رايوندىن ھەر خىل مۇكاپاتلارنى ئالدى ۋە تەقدىرلەندى، ياكى ھازىرقى نامى بويىچە ئېيتقاندا مۇكاپاتنامىلارنى ئالدى، مەركەز دۆشەنبىگە نەچچە قېتىم باردى، بىر قېتىم تېخى قوشنا جۇمھۇرىيەتكە باردى، ئېھتىمال فرۇنزې شەھىرىگە بارغان چېغى... مانا مۇشۇلارمۇ ئۇنىڭغا يەتمەمدۇ؟ يا ئەخمەتبېكنى يەرگە ئۇرۇپ، ھەممە ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقارسا ئاندىن بولامتى؟

بىراق، ئەخمەتبېك چېلىشقا چۈشۈپ باقمىغىلى تۆت يىل بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇ ئەمدى مۇسابىقىغە قاتناشسام ئۆزەمنى سۈرمىگەن بولۇپ قالمەن، چېلىشىش ياشلارنىڭ ئىشى، مەن بىلەن تەڭ پالۋانلار ئاللىقاچان چېلىش سورۇنىدىن چىقىپ كەتتى، چېلىشنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق قائىدە-نىزامى بار-دە، دەپ ئويلايتتى.

ياكى بۇ قائىدە-نىزاملارنى قايرىپ قويۇپ، ئەدەبنى بىلمەيدىغان بۇ شىلتىڭ ئېتىۋاتقانىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش كېرەكمىدىيا؟... ئۆتكەن يىل ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇشقا ئىككى قېتىم پۇرسەت كەلگەنىدى. دۇرۇس، بىرىنچى قېتىمقى پۇرسەت ئانچە ئېسىدە كەلمىدى. ئۇ چاغدا ئەخمەتبېك ئەمدىلا دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، پىكىر-خىيالى ئاغرىق ياتقان خوتۇنىنىڭ غېمىدا بولۇپ قالغانىدى، رايون مەركىزىنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا چېلىش مۇسابىقىسى بولۇۋاتاتتى، مۇھەممەت مۇراد چېلىش مەيدانىدا گويا ئۆزى بىلەن چېلىشقا چۈشىدىغان بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك، دەھشەتلىك تۈردە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ يۈرەتتى. مەشق قىلىش ۋاقتىدا كىيىدىغان ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىپ، بۇلجۇڭ گۆشلىرى تىقىلىپ كەتكەن يوغان پاچاقلىرىنى ئېچىۋالغانىدى. ئوت-چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن، گىلەمگە ئوخشاش يۇمشاق يەر ئۈستىدە يالاڭغىداق ئېگىز-پەس سەكرەپ، ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ يۈرەتتى. قىسقا مايكىسىنىڭ ئېتىكى شامالدا لەپىلدەپ، بەئەينى سوقۇشقا چۈشكەن ئۇرۇشقاق خورازغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىردەم-بىردەم بېشىدىكى گۆللۈك دوپپىسىنى ئېلىپ، يۈزىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ تۇراتتى ۋە قانداقتۇر

بىركىمنى چېلىشقا چاقىرىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى ھەر ياققا تىكەتتى. روشەنكى، ئۇ ھېلىلا بىرنەچچە چېلىشچىنى يېڭىۋەتكەنىدى، شۇ تاپتا چېلىش مەيدانىنى پىرقىراپ، يېڭىدىن بىرىنىڭ چېلىشقا چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقا چۈشۈشكە پېتىنالمايتتى.

مۇھەممەت مۇراد ئەخمەتبېكنى كۆرۈپ، سەل ئېگىلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى، ئاندىن ھېچقانداق تارتىنماستىن كۆرەڭلىك بىلەن گىدىيىپ، بۇ پېشقەدەم پالۋانغا مەنىلىك قاراشلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— يارايسەن بالا، تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىشىڭنى تىلەيمەن! — ئەخمەتبېك ئۇنلۇك ئاۋازى بىلەن شۇنداق دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

باشقا بىر قېتىمقى مۇشۇنداق بىر چېلىش مەيدانىغىمۇ سەلىم باشلاپ كەلگەنىدى. بۇ مۇسابىقىغە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى باش كېسىمچى بولغانىدى، ئۇ قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغان دەرەخنىڭ سايىسىدىكى بىردىنبىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغان باللارنى قوغلىۋېتىپ، ئەزىز مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۆكتەبىر بايرىمىدىن ئىلگىرىرەك بولغان ئىش بولۇپ، پۈتكۈل رايوندىن كەلگەن 13 چە چېلىشچى مۇسابىقىغە چۈشتى. كېسىمچى مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققانلارغا يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو، قول سائىتى، كاستۇم، تون ۋە باشقا ھەر خىل مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقاتتى.

مۇھەممەت مۇراد ئەڭ ئاخىرقى رەقىبىنىمۇ يەڭدى. ئاندىن يىراقتىكى تاغلىق كەنتتىن كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن چېلىششقا بەل

باغلاپ چۈشكەن ئۈچ يىگىتنىمۇ يەرگە ئېلىپ ئۇردى. ئاندىن مەي-داندا سەكرەپ ئويناقلاپ كەتتى. ئۇ بۇرنىنى كېرىپ، خۇددى بەيگىدىن ئىلگىرى ئارپىخان يەپ مەس بولۇپ قالغان ئات باغلاپ قويغان قوزۇقنى زېرىكمەي چۆگىلىگەندەك، مەيدانىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چۆگىلەپ يۈردى. ئۇ ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە، بېشىدىكى گۈللۈك دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇراتتى. بۇ ياش چېلىشچىنىڭ بويۇنلىرى تاشتەك قاتتىق ئىدى، بېلىكىدىكى تومپىيىپ چىققان بۇلجۇڭ گۆشلەر خۇددى چېلىگىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بويۇن، بىلەك، پاچاق ۋە يۇگۈلۈق مەيدىسىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەر ياغ سۈرتۈپ قويغاندەك پارقىراپ، شۇندىاق قىمىرلىشىغا لىغىلداپ كېتەتتى. بەدىنىدىكى تەر تامچىلىرىمۇ كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى.

ئۆزىگە تەڭ كېلىدىغان چېلىشچىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مۇھەم-مەت مۇراد قىزىل رەخت يېپىلغان شىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كېسىم-چىلەرگە ئېگىلىپ تۇرۇپ گۇدۇڭلاپ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى. تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دولىسىنى قىسىپ جاۋاب بەردى.

ئەخمەتبېكنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە:

— ئىنىم ئەخمەتبېك! ئىنىم ئەخمەتبېك! — دېگەن ئاۋاز ياڭ-رىدى. — باش كېسىمچى ئىككى دوست ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تەكرار ئېيتتى. — مۇھەممەت مۇراد سىزنى راستىنلا چېلىشماسلىقتا ۋەدە قىپتىكەنمۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ.

ئەخمەتبېك قىزىرىپ كەتتى. ئەسلىدە گۇدۇڭلىشىشىنىڭ ۋە دولى-سىنى قىسىپ قويۇشىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن-دە! ياش چېلىشچى قاردىماقتا ناھايىتى چاققاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق ئەمەلىيەتتە بولسا...

بوپتۇ، كونلار: ئانداق قازانغا مانداق چۆمۈچ دېپتىكەن... ئەمدى ئېلىشىپ باقماقتىن باشقا يول قالمىدى...

بىراق، سەلىم ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرما دەپ مۇرىسىنى بېسىپ قويدى ۋە كېسىمچىگە قاراپ دېدى:

— ئەخمەتبېكنىڭ چېلىشقا چۈشمەيدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە سورايسىز؟ بەلكى، توۋا دەڭ، سىز بۈگۈن ئاسماندىن چۈشۈپ كېلىۋاتامسىز نېمە؟

باش كېسىمچى مۈجمەل ھالدا ئەپۇ سورىغاندەك قىلىپ، ئۆز ئورنىغا باردى-دە، مۇسابىقىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

تاماشىچىلار مەيداندىن تارقاشقا باشلىدى.

مۇھەممەت مۇراد ئۆزىگە ئاپىرىن ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر توپى بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ، ئەخمەتبېكنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇ ھەتتا بۇ تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ بىر قول سائىتى ۋە بىرياقا تون مۇكاپات ئالغانىدى، شۇڭا ئەتەي ۋارقىراپ:

— ھەر قېتىمدا بېرىدىغىنى سائەت، مەن بىر سائەت دۇكىنى ئاچسام بولىدىغان بولدى! — دېدى.

سەلىم ئاغىنىسىنى خۇشال-خۇرام ماڭسۇن دەپ، تۈرلۈك خىياللار چىرمىۋالغان ئەخمەتبېك بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل يوللار بىلەن چاقچاق ۋە قىزىق گەپلەرنى قىلاتتى.

— ھەي، نېمىگە ئاچچىقلىنىسەن؟ نەۋرە كۆردۈڭ، يەنە چېلىشقۇڭ بارمىدى! بەك چېلىشقۇڭ كېلىپ كەتكەن بولسا، كەلگىنە، مەن بىلەن بىر چېلىشىپ باق.

— سەن بىلەنما؟

— ئەمىسچۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئىككىمىز

قانداق چىلشاتتۇق؟ تېخى يادىمدا، سېنى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئوڭداڭچە يەرگە ئاتقان ئىدىمغۇ...

ئەخمەتبېك ئىختىيارسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— راست شۇنداق بولغان. بىراق، ئۇ چاغدا بىز كىچىك، ھازىر بولسا سەن بىزنىڭ كەنت سوۋېتىمىزنىڭ رەئىسى، يەنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزى، ئەگەر كىمدە كىم سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ئېلىشسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم...

4

توخۇ گۆشى ئالىلقاچان يېيىلىپ بولدى. ناخشىچى ياشلار يەنە ئېيتىشقا چۈشتى. پاراڭچىلار تۇرلۇك گەپلەر بىلەن قىزىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئايۋاندا ئولتۇرغان قېرىلار بولسا ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ سوقۇشۇپ تۇردى. ياشلارنىڭ پاراڭلىرى بىردەم-بىردەم يۆتكىلىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كۈلكە-پاراڭلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك مۇھەممەت مۇرادنىڭ ئاۋازى چاڭىلداپ تۇراتتى.

— قىزىق يىگىتكەن-ھە، — دېدى سەلىم قولىنى ئوڭ تەرەپكە جونۇپ، — زادى سەن بىلەن بىر سىناشقۇسى بار.

— شۇنداق، — دېدى ئەخمەتبېك.

— مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، ئەتە چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

— ئۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئۆزەم بىلىمەن.

ئەخمەتبېك بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، دوستىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى. قانداق دېگەن بىلەن، ئەخمەتبېك ئۆمرى بويى دېھقان-

چىلىق قىلىپ كەلگەن ئادەم، دېھقانلارنىڭ كاللىسى ساپ بولىدۇ. ئۇ سەلىمنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنى ئەمدى چۈشەندى: پالۋان ئەخمەتبېكنىڭ ئۆتمۈشتىكى باتۇرلۇق نامىلا قالغان! شۇڭا، ئۆتكەن يىل ئۆكتەبىر بايرىمى ھارپىسىدا ئەخمەتبېكنى چېلىشقا چۈشۈرمىگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ مۇھەممەت مۇراد بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى ئەخمەتبېككە ئېسىلىۋالماسلىقنى ئېيتىپ قويماقچى بولغان. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈن ئەتىگەن ئەخمەتبېكنىڭ كوچىدا دوستىنى كۈتۈپ تۇرغاندا يۈز بەرگەن ئىشنى تېخى ئۇنىڭغا دەپ بەرمىگىنى، بولمىسا سەلىم مۇھەممەت مۇرادنى كەنتلىك سوۋېتقا چاقىرتىپ ئاپىرىپ تەستەك بىلەن كاچىتتىغا سالاتتى. ئۇ چاغدا سەت بولاتتى-دە!...

— سەلىم — دېدى ئەخمەتبېك ئەتەي بوش ئاۋاز بىلەن يېنىدىكىلەرنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، — ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى...

— قېنى، گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن، ئاڭلاپ باقاي.

— مېنىڭ قېيىن ئىنىمنى بىلىدىغانسەن؟ ھېلىقى قاسساپلىق قىلىدىغان شۇ، شۇ، ئۇنىڭ شۇنداق بىر ماھارىتى باركى، ....ئەگەر سېنى قوي، كالا ياكى موزاي سويىدۇرماقچىكەن دېسە، چوقۇم ئالدى بىلەن بېرىپ مالنى كۆرىدۇ. ئۇ قوينىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ كۆتۈرۈپ باقىدۇ، ئاندىن يەرگە قويۇپ قورساقلىرىنى سىلاپ باقىدۇ، پاچاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ باقىدۇ. ئەگەر سېمىز ياكى موزاي بولسا، بويۇن ئاستىدىكى گۆشىنى تۇتۇپ باقىدۇ، ئاندىن بوغۇزىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر-ئىككى سىلىكىپ باقىدۇ، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن: مېلىڭىزنىڭ ئېغىرلىقى مانچە كېلىدىكەن، گۆشى، مېيى مانچە چىققۇ-

دەك دەپ قويىدۇ. سويۇپ بولغاندىن كېيىن، بوش ۋاقىت تېپىپ، گۆشى بىلەن مېيىنى جىگلاپ باقسىگىز، بىر كىلوگراممۇ ئۇ يان-بۇ يان ئەمەس، دەل ئۆزى چىقىدۇ.

— ئۇنى قانچىلىك دەيسەن، بۇنداق ئادەملەرنى مەنمۇ كۆرگەن. نارجى دەيدىغان تۇگمەنچى بار ئىدى، ئاشلىق تاغىرىغا قاراپلا ئىچىدىكى ئاشلىقنىڭ قانچە كىلوگرام چىقىدىغانلىقىنى ئېيتالايتتى، گىردە تارتقاندىمۇ ئۇنىڭ دىگىنىدەك چىقاتتى.

— يارايسەن! كۆگلۈمدىكىنى چۈشىنىپسەن...

— بولىدى، زادى نېمە دېمەكچىدىڭ؟

— مەن چېلىشىدىغان چاغلىرىمدا، بىر قاراپلا قارشى تەرىپىمنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىغا باھا بېرەلەيتتىم.

— ھازىرچۇ؟

ئەخمەتبېك بىردەم جىم ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن دېدى:

— ھېلىمۇ شۇنداق.

— سەن تېخى ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويماقچىمۇ؟ — سەلىم ھېلىقى ياش ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، — نېمىشقا قول سالمىدىڭ؟

— ئۇ بەك ھەسەتخور نېمىكەن، مەن ھازىرغىچە ئۇنى ئۇنداقتۇ دېمىگەنىدىم. ئۇ قالتىس ھەسەتخور بىرنېمىكەن. تېخى 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئۇچىغا چىققان ھەسەتخور بىرنەرسە بولۇپ قاپتۇ. مەن بىر قاراپلا بىلىۋالدىم، ئۇ ماگا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىكەن، شۇگا ئىچىم قايىنىدى...

— قىزىقكەنسەن ئەخمەتبېك!

— بولىدى، ئەگەر بىز قۇرامىدىكى ئادەملەر ھەسەتخورلۇق قىلسا

مەيلىدى.... خۇدا ساقلىسۇن ئۇنى دەيتتىم. ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە قالماپتۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ... بىراق، ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بىر چاكىنا ھەسەتخورنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى قاپقارا كۆمۈردەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغ شائىرلار بۇنداق كۆزلەرنى قارا ئالۇچىغا ۋە خىلمۇخىل چىرايلىق نەرسىلەرگە ئوخشىتىدۇ. بىراق، سەن شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن، ئۇنىڭ ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدۇ، كىشىگە قارىسا، خۇددى سېرىق ھەرە نەشتىرىنى سانجىۋاتقاندەك، سېرىق ئېشەك قوپىرۇقىدا چېقىۋاتقاندەك زەھەرلىك كۆرۈنىدۇ...

— ئۇنىسى راست، ئۇنىڭ ئۆزى بىر توك قاپاق، — دەپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى سەلىم، ئاندىن جىم بولۇپ ئويغا كەتتى.

— راست، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەمگە بىر خىل سۇر كۆرۈنىدۇ. بىراق، سەنمۇ ئاجايىپ بىر ئادەم! ئادەم دېگەن ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ-دە. جىمىكى پالۋانلارنى نافدۇزغا ئوخشاش ئادىل، ئالىيجاناپ بولسۇن دېيەلەمسەن؟

— كۆڭلۈمدىكى ھېسسىياتلىرىمنى ساڭا ئۇقتۇرالامدىمەن، يوقمۇ، بىلمەيمەن...

پولو كەلتۈرۈلدى. ئەخمەتبېك پىچىقنى ئېلىپ گۆشنى توغراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ساھىپخانىنىڭ ئوغلى ئۇستىگە يوغان بىر پارچە سۆڭەكلىك گۆش قويۇلغان بىر نېپىز ناننى ئالقىنىدا تۇتۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى...

— بۇنى ئەخمەتبېك تاغامغا بەردى، — دېدى بالا قورۇنغاندەك قىلىپ. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ بالا بۇنداق تاپشۇرۇقنى بىرىنچى قېتىم ئورۇنلاۋاتقاندەك تۇراتتى.

— كىم بەردى؟ — سەلىم نېپىز ناننى ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى.
— مۇھەممەت مۇراد، — دەپ جاۋاب بەردى-دە، ئايىۋاندىن يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى بالا.
ئىككى دوست بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قالدى.

**5**

ئەخمەتبېك زىياپەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچى سىقىلىپ بىئارام بولدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلاپ باقماقچى بولدى...
ئاستا كۆتۈرۈلگەن ئاي تاغ چوققىلىرىنى يورۇتۇۋەتتى. خامانغا يېيىۋېتىلگەن بۇغداي مەككەنلىرى ئايدىڭدا سۇرتۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەن كەھرىۋادەك پارقىراپ تۇراتتى. سان-ساناقسىز قارا چېكەتكىلەر مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئېيتىشاتتى، بىر خىللا چىقىۋاتقان بۇ ناخشا ئاۋازى ئالدىدا، كەنتتىن ئاڭلىنىۋاتقان دومبۇرا، راۋاپلارنىڭ ئاۋازى ئەخمەتبېك ئۈچۈن ناھايىتى يىراقتىكى ۋە يات بىرنەرسىدەك تۇيۇلاتتى.
كۆزەتچى بوۋاي دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدىكى تارغىنا بىر تۆمۈر كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان ئەخمەتبېك كۈن بويى دېگۈدەك مۇشۇ خاماندا ئىشلەۋاتاتتى، بەزى ئاخشاملىرى تېخى بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ بوۋاي بىلەن بىر-ئىككى سائەت پاراڭلىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى.
بوۋاينىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەخمەتبېك بۈك-باراقسان شاخلاپ كەتكەن قارىياغاچ تەرەپكە كەتتى. كۈندۈزى بۇ قارىياغاچنىڭ سالقىن سايىسى ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئوبدان جاي ئىدى. ئەخمەتبېك مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇردى. ھەممە خاماندا بىرەر ياخشى جاي بولىدۇ — كۆڭلىڭىز ھەرقانچە بىئارام بولۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بولىسمۇ، مۇشۇنداق يەرلەردە بىر ـ ئىككى سائەت ئولتۇرۇۋالسىڭىز كۆڭلىڭىز ئارام ئېلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىسىز.

بىراق، ئەخمەتبېك بۈگۈن ئۆزىنى بېسىۋالغان ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلالمىدى. مۇھەممەت مۇرادنىڭ كۆرۈشكەندە ئەلەملىك قول بېرىشى، دۈشمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى، يەنە ئۇنىڭ خالايىق ئالدىدا بىر پارچە سۆڭەكلىك گۆشنى ئەۋەتىپ ئەخمەتبېكنى ماغدۇ-رۇڭدىن كېتىپ قالدىڭ، سۆڭەكنى غاجىلاپ ماغدۇرۇڭغا كېلىۋالغىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن ئىنتايىن ئەدەبسىزلىكى ــ ئىشقىلىپ بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللىسىدىن زادى چىقىرىۋېتەلمىدى.

"بۇ شۇمتەك پوتونلەي شۆھرەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ..."چولپان يۇلتۇز كېسىلى" ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. ــ دەپ ئەخمەتبېك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئويلىدى ئىچىدە. ــ سالىمنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئادەم دېگەن ھەر خىل بولىدىكەن، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىكەن...".

ئەخمەتبېكنىڭ خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى بەزى ئەھۋاللار كۆز ئالدىغا كەلدى. نافرۇز پالۋان بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋاللار يادىغا كەلدى.

ئۇ يىللاردا نافرۇز پالۋاننىڭ بەك داڭقى چىقىپ، پوتكول دارۋا-زىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا ئەخمەتبېك تېخى يېڭىياچە چېلىشچىلاردىن بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇتۇشلىرىمۇ يېقىن رايونلاردىكى چېلىشچى ـ پالۋانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئەخمەتبېكنىڭ شۇنداق تېز نام چىقىرىپ كېتىشىگە ئېھتىمال چېلىش مۇسابىقىلىرىنىڭ پامىر تاشيولىنى ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان

مەزگىللەرگە توغرا كېلىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، يەنە كېلىپ دەل يول ياسىغۇچى ئىشچىلار تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنى تۇنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، كۆپچىلىك ئۇچۇن چوڭ يول ئۇستىدە بولغان ئىش ھامان ئادەتتە بولغان ئىشتىن تېزرەك يېيىلىپ خەۋەر بولۇپ يېتىدۇ. چۈنكى، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئادەم تاجىكىستاننىڭ ھەرقايسى جاي ـ لىرىدىن كېلىپ ئىش مەيدانىغا توپلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىللىيچە چېلىش ئىشچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئويۇنى بولغىنى.

بىر قېتىم ئەخمەتبېك مال دوختۇرىغا كۆرسىتىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئاقساپ قالغان ئايغىرىنى يېتىلەپ يۇقىرىقى مەھەللىگە بارغانىدى. بۇ ئاتنىڭ بىر پۇتى ئاغرىق بولغانلىقتىن، ناھايىتى تەس ـ لىكتە ماڭاتتى، ئەمما ئەخمەتبېك چوڭ يولدىن ئەگىپ، ۋانچ ئۆستە ـ ڭىنىڭ ياقىسىدىكى كىچىك يول بىلەن ماڭدى. بۇنىڭدىن مەقسەت يول ئۇستىدە كىشىلەرگە كۆپ يولۇقماسلىق ئىدى. چۈنكى، يولۇققانلا كىشى ئېتىڭىز قانداقىسىگە ئاقساپ قالدى، قاچاندىن بۇيان ئاقساپ قالدى، پالانچى تاغقا چىقىپ، پالان دېگەن دورا ئوتنى تېپىپ ئېتىڭىزنىڭ پۇتىغا يېقىپ باقتىڭىزمۇ، بۇغا ساقايتىدىغان ھېلىقى بۇلاق سۇيىنى ئىشلىتىپ باقتىڭىزمۇ، بۇ سۇ پالانى بۇلاقتىن چىقىدۇ، پالان ـ پۇستان دېگەنگە ئوخشاش تۈگىمەس سوئاللارنى سوراپ ئاۋارە قىلاتتى.

ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن كىچىك يولدا كېتىۋېتىپ، ئەخمەتبېك يەنە بىر ئەگىمگە بۇرۇلدى ـ دە، بىردىنلا توختاپ قالدى. ئەخمەت ـ بېكنىڭ ئارقىسىدىن دىگگۈكلاپ كېلىۋاتقان ئات ئۆزىنىڭ بوشاپ كەتكەن تۇمشۇقىنى گوپپىدە ئۇنىڭ بوينىغا ئارتتى، گويا ئەخمەتبېك ـ

دىن نېمشقا تۇيۇقسىز توختاپ قالدىڭ دەپ سورىغاندەك، ئات ئۆزىنىڭ ئىسسىق تىنىقىنى پۇرقۇرتتى.

ئوتتۇز قەدەم نېرىدا، بۇلاق بويىدىكى بىر تۈپ ياڭاقنىڭ ئاستىدا بىر كىشى بەلبېغىنى يېيىپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ يۈزىنى ئەخمەتتىن بېكىتە ئۇدۇللاپ، بېشىنى ئەگكەن هالدا كالپۇكلىرىنى ئاۋازسىز مىدىرلىتاتتى. قائىدە بويىچە، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىگە كاشىلا قىلىشقا بولمايتتى. ئەخمەتبېك ئېتىنى چاتقالنىڭ شېخىغا باغلاپ قويۇپ، بۇ نونۇمايدىغان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

بىرئازدىن كېيىن بۇلاق تەرەپتىن گەپ قىلغان بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هوي بالا، بېرى كەل!

تونۇمايدىغان كىشى بەلبېغىنى يىغىشتۇرۇپ، خالتىسىدىن يۇمشاق نان، گۆلە، ئۈزۈم، تۇخۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەززىلىك نەرسىلەرنى ئالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەللىرىنى سوزدى، ئەخمەتبېك بىر كۆرۈپلا، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ بىر پالۋان ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئىككىيلەن بىر-بىرىگە سالام قىلىشىپ، تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

— سەن ئاۋۇ مەهەللىدىن كەلگەنغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى بۇ يولۇچى ئەخمەتبېك كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— هەئە.

— بالام، ئىككىمىز بىللە يەيلى، ئۆزەم يالغۇز يېسەم گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ.

ناتونۇش ئادەم ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن دېدى، ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئەخمەتبېك ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى دەپ تۇرسىمۇ، لېكىن رەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

ئىككىيلەن سەپەر يېمەكلىكلىرى قويۇلغان داستىخان ئالدىدا ئولتۇرۇپ، يۇمشاق، مەززىلىك ناننى ئېرىقنىڭ سۈيىگە تۆگۈرۈپ يېيىشكە باشلىدى، بۇ ئېرىق كىچىك يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، ۋانچ ئۆستىڭىگە بېرىپ قوشۇلاتتى.

تورۇق ئات ئاغرىق پۇتىنى كۆتىرۈپ، بىردەم-بىردەم پۇشقۇراتتى، بېشىنى چايقاپ، ئىگىسىگە دات قىلىۋاتقاندەك قارايتتى.

ناتونۇش كىشى ئەخمەتبېكتىن كولخوز رەئىسىنىڭ ئېتىنى سوراپ بولۇپ، كەنتتىكى پېشقەدەملەرنىڭ سالامەتلىكىنى سورىدى. ئەخمەتبېك بىلگىنىچە تەپسىلىي جاۋاب بەردى.

— نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتۇڭلارغا بارغانىدىم، — دېدى ناتونۇش كىشى. — ئۆزى ناھايىتى ياخشى كەنت. ھاۋاسى مۆتىدىل، ئادەملىرىمۇ ئاق كۆڭۈل ھەم مېھماندوست. — ئۇ سۇغا تۆگۈرۈلگەن ناننى چايناۋېتىپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى، — سەن ئەخمەتبېكنى تونۇمسەن؟

— قايسى ئەخمەتبېكنى؟ — ياش چېلىشچىنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى.

— سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئەخمەتبېك ئاتلىق ئادەملەر كۆپتۇ؟

— ياشلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئەخمەتبېك بار.

ئەخمەتبېك ئۆزىنىڭ سۆزدە چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى سېزىپ، قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ناتونۇش كىشى بۇ چاغدا

خالتىسىدىن بىرنەرسە ئىزدەۋىتىپ، ئۇنىڭغا قارىماي قالدى.

— مەن دەل ئاشۇ چېلىشچى ئەزىمەتنى دەۋاتىمەن.

— ئۇ يامان ئەمەس.

— ئاڭلىشىمچە ئۇنى كۈچلۈك ھەم چاققان دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنىڭ كۈچى بارلىقىغۇ بار، ئىىراق، ئۇ تېخى ياش...، — دېدى ئەخمەتبېك ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، گويا باشقا بىرسىنى دەۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئۈچىنچى شەخس قىلىپ كۆرسىتىپ.

— ھۇي بالام، چېلىش دېگەنگە ياش بولمىسا بولمايدۇ-دە.

— قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن...

— تاغا، سىزمۇ چېلىشچى بولغاندەك قىلىسىز، بىر قاراپلا بىلىۋالدىم...سىز كىم بولىسىز؟

ئەخمەتبېكنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، گەپنىڭ كەلگەن يېرى مۇشۇ بولدى. نەتىجىدە ئۇ يالغانمۇ ئېيتمىغان، راست گەپمۇ قىلمىغان بولۇپ چىقتى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ ناتونۇش كىشىگە ئۆزىنىڭ ئىتنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ سەپراسى ئۆرلەيتتى، ئەگەر يالغاندىن بىر ئاتنى ئېيتىپ بەرسە، ئۆزىنى يالغانچىلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ بۇلغايتتى...

— بەزىدە مەنمۇ چېلىش مەيدانىغا چۈشۈپ باققان، — دېدى ئەخمەتبېك ئوڭايسىزلىنىپ ۋە ئىچىدە خۇدادىن بۇ ناتونۇش كىشى بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ قالمىسىكەن دەپ تىلەپ.

— سەن ئەخمەتبېك بىلەن چېلىشىپ باققانمۇ؟ ئۇ سېنى يىقىتىۋەتكەندۇ؟

— بىر تەڭ بولۇپ چىققان.



www.uyghurkitap.com

— مۇنـداق دېگىنـە؟! — ناتونۇش كىشى بارسكاللا ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەخمەتبېكمۇ ئورنـىدىن تۇرۇپ كەتتى. ناتونۇش كىشى سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەخمەتبېكنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىقتى، ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ئىككىمىز چېلىشىپ باقساق قانداق؟

— قانـداق بولـىدۇ؟...ئانـدىن مەن...، — ئەخمەتبېك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئېتىغا قارىدى.

— ھېچقىسى يوق، ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. — ناتونۇش كىشى چېلىشىپ باقماقچى بولۇپ چىڭ تۇردى، ئۇ تېخىچىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ ئۆزىگە كۈلۈۋاتسا كېرەك، يەنى كەڭ دالىدا يول ئۈستىدە ئۇچراپ قالغان بىر كىشى بىلەن ئېلىشىپ باقماقچى بولغىنىدەك كىشى ئاڭلاپ باقمىغان بىر ئىشنى ئويلاپ تاپقىنىغا كۈلۈۋاتسا كېرەك...

— مۇشۇ يەردىمۇ؟...قانداق بولىدۇ؟...

— "ئىشلىك بولمىسا كاۋا تېرى" دەپتىكەن. كەل، پەيلىرىمىزنى يۇمشىتۇۋالايلى. — دېدى-دە، يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، داستىخان ئالدىدا دۇئا قىلدى.

ئەخمەتبېكمۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ، "ئامىن" دېدى.

— قارىغاندا سېنىڭ بەلبېغىڭ يوق ئوخشايدۇ، -دېدى-دە، ناتونۇش كىشى بەلبېغىدىكى نان ئوۋۇاقلىرىنى ئېرىقتا قېقىپ چۇشۇرۇۋېتىپ، تۈرملەكلەپ بېلىغا ئورىدى. ئاندىن خالتىسىدىن يېپ-يېڭى سېرىق شايى رومالنى ئېلىپ، ئۇنى چاققانلىق بىلەن تۈرملەكلەپ ئەخمەتبېككە سۇندى، — مە، چېگىۋال.

ئەخمەتبېك ئۇنىڭغا يەنىلا تەشۋىش بىلەن كۆز تىكتى.

— ھەي، قارىغاندا سەن ناھايىتى كەمتەرلىك قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى نا تونۇش كىشى رومالنى ئۇنىڭ بېلىغا ئوراۋېتىپ. ئۇ يەنە چېگىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، ئەخمەتبېك: رەھمەت، ئۆزەم چېگەي، دەپ رومالنى بېلىگە چەگدى.

ناتونۇش كىشىنىڭ مۇلايىم ھەرىكەتلىرى ۋە سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان چىرايى ئەخمەتبېككە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ دەسلەپكى تونۇشۇشتىلا ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن گېپىگە كىرگۈزىۋالغان مۇنداق ئادەمنى تېخى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى.

چېلىشىش باشلاندى. ئەخمەتبېك قارشى تەرەپنىڭ بوْلەكچە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، چېلىشىشنىڭ ھەر خىل پەنتلىرىگە كامىل ئىكەنلىكىنى، ئۆزى چېلىشىپ باققان كىشىلەردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى دەرھال بايقىۋالدى. ناتونۇش كىشىمۇ بۇ ياش بالىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىنى باغلاش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە سادda بولۇۋالغانلىقىنى، ھەممە قابىلىيىتىنى تېخى كۆرسەتمىگەنلىكىنى بىلىۋالدى. ناتونۇش كىشى يەنە بىر ئىشنىمۇ يەنى بۇ ياش چېلىشچىنىڭ تۇغۇلۇشىدىلا قۇيۇچ، تۆمۈردەك چىڭ تۇغۇلغانلىقىنى سېزىۋالدى.

— توختا، — دېدى ناتونۇش كىشى ئەخمەتبېك ئۇنىڭ كەمەرىدىن قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاياقلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، ئېگىزرەك يەرگە چىقايلى، ئاۋۇ يەردە بىر پارچە تۈز يەر باردەك تۇرىدۇ.

ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، چېلىش يەنە ئون نەچچە مىنۇتچە داۋام قىلدى. بىراق، ئەخمەتبېك چېلىشقاندا بەش ئۇلۇش كۈچىنى

ئىشلەتتى، بۇ يا ناتونۇش كىشىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇيۇلۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، يا بۇ قېتىمقى چېلىشىش بەك ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىپ، ئۆزى بىرئاز ھودۇقۇپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئەخمەتبېك بىخەستە بولۇپ قالماي دەپ، بەك دىققەت قىلىپ كەتتى-دە، قارشى تەرەپنىڭ پەنتىگە چۈشۈپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ پېشقەدەم پالۋاندىن شەكلىنىدىغان يېرى قالمىدى، بىر نۆۋەت ئەخمەتبېك بىخەستە بولۇپ قېلىۋىدى، بۇ چاغدا بۇ ناتونۇش كىشى گويا بەك ئۇزاق تۇتۇشۇپ كەتكەنلىكتىن زېرىكىپ قالغاندەك، ئەخمەتبېكنى غاچ قىلىپ ئالدىغا تارتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇنى يىقىتماقچى بولۇپ، پۇتىنى كۆتۈردى-دە، قارشى تەرەپنىڭ پۇتىغا چىماق سالدى، ئەگەر بۇ چاغدا ئەخمەتبېكنىڭ گەۋدىسى تىك تۇرغان بولسا، گەپ-سۆز يوق يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى، بەختكە يارىشا ئۇنىڭ گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلىشىپ قالدى، نەتىجىدە كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەمما يەر بېسىپ تۇرۇۋالالىدى. بۇ چاغدا ئۇ قارشى تەرەپنىڭ كەمە-رىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن دەس كۆتۈردى-دە، دەرھال ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ قويدى.

پېشقەدەم پالۋاننىڭ يۈزىدە يېقىملىق تەبەسسۇمدىن باشقا، ئايرىمچە بىر قىياپەت ئەكس ئەتتى.

## 6

ئەخمەتبېك كەچقۇرۇن مال دوختۇرخانىسىدىن قايتىپ كەلدى، ئۆيىدە بىرنەچچە مېھمان ئولتۇراتتى. بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرنى ئالدى-دە، ئاتنى ئېغىلغا يېتىلەپ كىرىپ كەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بىر دانە مېتال پۇلنى سۇندى.

— بۇ نېمە؟ — ياش يىگىت ھەيران قالدى.

— نافرۇز پالۋاننىڭ ساڭا قىلغان سوغىتى ئىكەن.

ئاتىسى ۋە مېھمانلار بۇ ئىش ئۈستىدە ئاغزى ئاغرىغىچە تىپىشىپ، گۈل سۆزلىشىپ كەتتى. ئەخمەتجاننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى، ئەسلىدە ئادەم ئۆتمەيدىغان كىچىك يول ئۈستىدە ئۇچراتقان كىشى ھېلىقى داڭلىق چېلىشچى نافرۇز ئىكەن-دە.

ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغانىدى: نافرۇز كولخوز باشقارمىسىغا كېلىپ، ئەخمەتجاننى تېپىپ ئەكېلىپ بەرسەڭلەر دېگەنىدى. تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن كىشى ئەخمەتجاننى بىر يۈتى ئاقساپ قالغان ئېتىنى يېتىلەپ مال دوختۇرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى مەھەللىگە كېتىپتۇ دەپ كەلگەنىدى. نافرۇز پالۋان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەخمەتجاننىڭ دادىسى قېشىغا ئەھۋال سورىغاچ بېرىپ، ھېلىقى تىللانى تاپشۇرۇپ بەرگەچ مۇنداق دېگەنىدى: "ئوغلىڭىزغا دۇئا قىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنى يولدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئوغلىڭىز كەلگۈسىدە قالتىس بىر پالۋان بولۇپ چىققۇدەك."

...بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن نافرۇز ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ئەخمەتجانغا ئەستىلىك بولسۇن دەپ سوغا قىلغان تىللاسى مال تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ساپ ئالتۇن ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان تونۇغۇسىز خەتلەر قەدىمكى كەشمىرنىڭ يەرلىك سۆزى ئىكەن.

ئەخمەتجاننىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئېرىمۇ ئالدىنقى سەپكە كەتكەندىن كېيىن، بۇ تىللانى بىر ياخشى ئادەمنىڭ قالدۇرغان ئەستىلىكى سۈپىتىدە ئىككى يىل ساقلىغانىدى. كېيىن بۇ كەنتتىكى پىئونېرلار ۋە كومسوموللار ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوي



www.uyghurkitap.com

يۇڭى، قوي تېرىسى، پاختىلىق كىيىم ۋە ئۆتۈك-پىيما يىغقانىدا، ئۇ بايىقى تىللانى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ: "يولدىشىم سالامەت قايتىپ كەلسۇن. بۇ مەن ئۇچۇن ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك" دېگەنىدى.

مەيلى شۇ كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، ئەخمەتبېك ئۆزىنىڭ نافرۇز پالۋان بىلەن چېلىشقانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ھەربىر ئويلىغاندا قىزىرىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئېيتىپ بەرمەي، ياش-قۇرامى ئۆزىدىن كۆپ چوڭ بولغان ئىززەت-ھۆرمەتكە لايىق بىر ئادەمنى ئىلاجىسىز ئالداپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ چېلىشقانلىقىنىڭ ئەلگە ئاشكارا بولۇپ كېتىشى نافرۇز پالۋاننىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلىكىدىن بولغان، ئۇ بۇ ۋەقەنى ھەر قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدە: "ئىككىمىزدىن ھېچقايسىمىز يىقىلمىدۇق، ئەمما مەن شۇنى بويىنۇمغا ئالىمەنكى، يەكگۈچى يەنىلا ئەخمەتبېك. خۇدا تۇرۇپتۇ، ئۇ مېنى مېھمان ۋە يولۇچى دەپ، ماڭا يۈز-خاتىر قىلدى.

كېيىن كىشىلەر بۇ ھېكايىنى شاخلىتىپ-كۆپەيتىپ، قىزىق-چىرايلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى راست بولغان ئىشنى رىۋايەتكە ئايلاندۇرۇ-ۋەتكەن.

غۇر-غۇر كەچكى شامال خامانغا ياپيۇزنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن ۋانچ ئۆستىڭىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئېلىپ كەلدى، زىيايەت ئۆتكۈزۈلگەن ھويلىدىن ئەمدى بىرلا ناخشىچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ ناخشا باشقا ناخشىچىلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېتىپ، ئەڭ ئاخىردا قالغان بۇ ناخشىچى ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئېيتى-ۋاتقان ناخشا ئىدى ئەلۋەتتە. ئەمدى ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ

بېرىپ، خالىغىنچە ئېيتسا بولىۋېرەتتى.

ئەخمەتبېك تېخىچىلا قارىياغاچقا يۆلىنىپ بايىقى جايىدا ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. كىمدۇ بىرسى كەنتتىن چىقىپ تار يول بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئۆسكەن قورايلارنى ھە دەپ چېۋىق بىلەن ۋاقىلدىتىپ ساۋاپ كېلىۋاتاتتى.

ئاي ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تاغ بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يولدا كېلىۋاتقان ئادەمنى پەرق ئېتىش يەنىلا ناھايىتى تەس ئىدى.

ئەخمەتبېك سىنچىلاپ قاراپ، مۇھەممەت مۇرادنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى.

— خوپ، شۇ تاپتا ۋاقىتمۇ، ئورۇنمۇ دەل جايىدا كەلدى، — دېدى ئۇ ئويلاپ، — بۇ شۇمتەك چوقۇم مېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشىم كېرەكمۇ؟ بىراق ئۇ ماڭا ماسلىشىپ، قائىدە-تەرتىپلىك چېلىشارمۇ؟ قانداق قىلىشىم كېرەك؟

مۇھەممەت مۇراد قارىياغاچنىڭ تۈۋىدىكى قاپقارا سايىغا سىنچىلاپ قاراپ:

— ئەخمەتبېك ئاقساقال سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەخمەتبېك جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ تېخىچىلا چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا تەقدىر-پۈتمىش شۇنداقتا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ يۈرگەن بۇ شۇمتەك بىلەن بىر ئېلىشىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يەنىلا ئەينى زاماندىكى ئەخمەتبېك ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن يۈۋاشلىق بىلەن يۈرىدىغان قىلىپ قويغۇسى كەلدى. بىراق،

www.uyghurkitap.com

ئۇنداق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشسا بولمايدىغان-لىقىنى ئويلىدى... زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئاقساقال، راستىنى دېسەك، بىز دېگەن سىزنىڭ تاپىنىڭىز ئاستىدىكى چاڭ - تۇپراق. — دېدى كۇسۇرلاپ چالا مەس مۇھەممەت مۇراد ئەخمەتبېكنىڭ تاغدەك بويى ئالدىدا. — تاپىنىڭىز ئاستىدىكى چاڭ - تۇپراق.... لېكىن مەن ئويلايمەنكى، رايوندا سىز مەن بىلەن چېلىشىشقا مەيدانغا چىقمىدىڭىز، بۈگۈن زىياپەتتە يەنە مەن بىلەن چېلىشىشنى رەت قىلدىڭىز، دېمەك، سىز ئەل ئالدىدا چېلىشىشنى خالىمايدىكەنسىز، بۇ يەردىغۇ ماقۇل دەرسىز بەلكىم؟ ياكى مېنىڭ دېگىنىم توغرا ئەمەستۇ، ئەخمەتبېك ئاقساقال، مېنى كەچۈرەمسىز؟... بىز سىزنىڭ تاپىنىڭىز ئاستىدىكى چاڭ - تۇپراق، كەچۈرۈڭ...

مۇھەممەت مۇراد سۆزلەۋېتىپ بەلبېغىنى يېشۋەتتى، ئارقىدىن يەنە چېگىۋالدى.

ئەخمەتبېك بىردىنلا ئەقىل تاپتى. ھېلى نېمىشقا يادىغا كەلمە-گەندۇ، 20، 25 يىللارنىڭ ئالدىدا، بەزى ئۇياتسىز ئوغرىلار ئۆزىنى پالۋان كۆرستىپ ئۇنى چېلىشقا تارتقاندا، ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشلىرىدىن قۇتۇلغانىدى.

— خوپ، ياخشى، بولىدۇ ئەمىسە، — دېدى ئەخمەتبېك، — كارا-كاراڭ قىلما. مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ قويغان...

— ئاقساقال، كەچۈرۈڭ، — مۇھەممەت مۇراد ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ يەنە كاراڭشىغىلى تۇردى، ئەمما ئەخمەتبېك ئۇنى سۆز-لەشكە قويمىدى:

— گېپىمگە قۇلاق سال، مەن مانا ئەمدى سەن بىلەن چېلىشىشنى

چېلىشمەن، چۈنكى سەن مۇشۇ ئىش بىلەن كەپسەن، لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار...

— مېنىڭ شەرتىڭىز بولسىمۇ مەيلى، مەن چىن كۆڭلۈمدىن قوشۇلىمەن، نېمە دېسىڭىز ماقۇل...

— ئاۋال سەن بىر شەرتنى ئورۇنلاپ باق.

— بەك ياخشى، قېنى ئېيتىڭا!

— مېنى يەردىن كۆتۈرۈپ باق.

— سىزنى؟ يەردىن؟ مەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە...

مۇھەممەت مۇراد ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىدى، ئەخمەتبېك ئوڭ قولىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، غولىنى قارىياغاچقا چىڭ ئىسرەپ، ئىككى پۇت سوڭى بىلەن بىر دۆڭچەككە ئىسرەجەپ تۇرۇۋالدى. "يا شاھى مەردان، مېنى يەرگە قاراتمىغايسەن...ئۆزەڭ ساقلىغايسەن..." دەپ پاناھ تىلىدى ئىچىدە. قىينچىلىقتا دۆچكەلگەندە ئۇ ھەمىشە ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان، ھەممە جەھەتتىن ئۆزىگە شاپائەتچى ھەم مەدەتكار بولىدۇ دەپ ھېسابلايدىغان مەلۇم بىر پىردىن مەدەت تىلەيتتى.

مۇھەممەت مۇراد ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىغا تارتتى، لېكىن ئەخمەتبېكنى قىلچە مىدىرلىتالمىدى.

— سىز راستىنلا ئورنىڭىزدىن تۇرمىدىڭىز! — دېدى يىگىت ھەيران بولۇپ.

— مېنى تارت!

مۇھەممەت مۇراد ئىككى پۇتىنى تېخىمۇ كېرىۋېلىپ بىر قولى بىلەن ئەخمەتبېكنىڭ بېغىشىدىن، بىر قولى بىلەن مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا تارتتى. ئەخمەتبېكنىڭ ئوڭ مۈرىسى سەل ئالدىغا چىقىپ كېلىپ چىڭ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاۋال-

قىدەكلا ئۆز جايىدا ئولتۇراتتى.

بۇ سىناق ئەخمەتبېك ئۈچۈنمۇ بوش كەلمىدى. مۇھەممەت مۇراد ئۇنى ئىككىنچى قېتىم زەپتى بىلەن ئالدىغا تارتقىنىدا، ئەخمەتبېككە قارىياغاچنىڭ قاپقارالىغۇ تاجىسى لەپەڭشىپ، بىر تەرەپكە قىيسايغاندەك تۇيۇلدى، كۆز ئالدىدا قىپقىزىل ئوت ئۇچ-قۇنلىرى ئۇچقۇنداپ، قۇيۇندەك چۆگىلەپ كەتتى.

مۇھەممەت مۇراد ئىككىلا قېتىمدا نەتىجە چىقىرالماي، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— سىز ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتىسىز! بۇ ياخشى ئەمەس! ئەگەر مەنمۇ ئولتۇرۇۋالسامچۇ؟ ئانداق بولسا، سىزمۇ مېنى شۇنداق تارتىپ بېقىڭ، شۇ چاغدا سىزگە قايىل بولىمەن...

ئەخمەتبېك كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى. كۆزەتچى بوۋاي ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە:

— كىم سىلەر؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— نازار، مەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەخمەتبېك كۆزەتچى بوۋاينى خاتىرجەم بولسۇن دەپ. ئارقىدىنلا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئالدىدا ئولتۇرغان مۇھەممەت مۇرادقا قاراپ دېدى:

— ئىككى پۇتۇڭنى قاتتىق تىرەجىۋال.

مۇھەممەت مۇراد ئۆزىنى تېخمۇ ئوڭشىۋېلىپ، ئۆھۆ دەپ بىر يۆتىلىۋالدى، ئاندىن قولىنى ئەخمەتبېككە سوزدى.

ئەخمەتبېك مۇھەممەت مۇرادنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن كوچىدا قىلغان ھاكاۋۇرلۇقلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ قولىنى تازا قىسىپ تۇرۇپ، قەستەنگە زەپتى بىلەن ئەمەس، ئاستاغىنا ئالدىغا تارتتى، شۇنداق-

تىمۇ مۇھەممەت مۇرادنى تارتا ـ تارتا ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى.

ــ ھە، ئەخمەتبېكمۇ سەن؟ ئاۋۇ كىمۇ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلە؟ ــ بوۋاي ھودوقۇپ ـ ھولۇقۇپ سورىدى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىپ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇھەممەت مۇراد پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلگەندەك تۇراتتى.

ــ يەنە بىر قېتىم، ئاقساقال، سىزدىن تىلەي، ــ دېدى ئۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن يېلىنغاندەك ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەخمەتبېك بۇ ياش چېلىشچىنى ئىككىنچى قېتىم يەردىن بىر تاغارساماننى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، ئاندىن زەپتى بىلەن ئالدىغا تارتتى، كۈچىنىڭ زەپتىدىن مۇھەممەت مۇراد ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئۇ ئاچچىقىدا ئۇنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ كەتتى.

ــ ھوي، ئۆلمىگۈر ئالقانات! ــ كۆزەتچى بوۋاي ئايدىڭدا ئۇنى تونۇۋېلىپ، تىللاپ كەتتى. ــ ھەي كاپىر، سەن قايسى يۈرىكىڭ بىلەن ئەخمەتبېككە قول سالدىڭ؟! ھەي قاغىش تەككۈر مەلئۇن! گۆرىڭدا جىن ـ شەيتانلار پېرە ئوينىسۇن، ئۆزەڭنى نەس باسسۇن!

بۇ چاغدا شۇنداق بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردىكى، بوۋاي چۆچۈپ كېتىپ گەپمۇ قىلالماي قالدى.

ــ ياق... ــ دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى مۇھەممەت مۇراد.

ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشى جىلغىدىكى جىمى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى بىردىنلا بېسىپ چۈشۈپ، ۋانچ ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ۋاراڭشىپ ئۆتۈپ، جىمى ئەتراپتا ئۇزاققىچە ياڭراپ



www.uyghurkitap.com

تۇردى.

— ياق! — دەپ يەنە ۋارقىرىدى ياش چېلىشچى، — مەن بىلەن رەسمىي چېلىشىسەن!

ئۇ سەكرەپ ئەخمەتتېيىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كوپ قىلىپ ئۇنىڭ بەلبېغىغا ئېسىلدى، ئەمما ئەخمەتتېيىك ئۆزىنى چاقىقانلىق بىلەن داجىتىپ، ئىككى قولى بىلەن مۇھەممەت مۇرادنىڭ كەمىرىدىن تۇتتى-دە، بىر پۇتىنى پوكۇپ تۇرۇپ، خۇددى ئېغىرلىق (شتانكا) كۆتۈرگۈچى تەنهەرىكەتچى ئەڭ ئېغىر كۆتۈرگۈچىنى ئەڭ ئاخىرى كۆتۈرگەندەك، بۇ ياش ئەزىمەتنى لىككىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، بېشىدا پىرقىراتقىلى تۇردى.

ئەخمەتتېيىك ئۇنى پىر-پىر پىرقىرىتىپ مېڭىپ، خامانىنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇھەممەت مۇراد خۇددى دادىسى ئويىنىتىۋاتقان باللار-دەك، ھاۋادا پۇت-قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قىلچە چارە قىلالمىدى. كۆزەتچى بوۋاي ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. كېيىن قولىدىكى تايىقىنى توكىكتە يەرگە ئۇرۇپ:

— بارىكاللا ئەخمەتتېيىك! مەقسەت-مۇرادىڭغا يەتكەيسەن! بۇ ئەسكى شۇمتەكنىڭ ئەدىبىنى ئەجەبمۇ ئوبدان بەردىڭ! — دەپ ئالقىشلىدى.

ئەخمەتتېيىك بىر دۆۋە مەڭگەنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇھەممەت مۇرادنى مەڭگەنگە تاشلىۋەتتى...

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىياغاچ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئىزدىگەندەك، ئەندىكىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يېنىدا بىرنەچچە ئادەم قاتتىق ئىسقىرتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى-

www.uyghurkitap.com

دە، توختۇپلىپ، ئىككى قۇلقىنى ئېتىۋالدى، شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ ئىسقىرتىشنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى يىراقتا ئاتىلىدىغان زەمبىرەكنىڭ بىردانە ئوقى پارتلاپ كېتىپ مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەندە بولغان ئەھۋالدىكىگە ئوخشاش، ئۆز مېڭىسىدە بولۇۋاتقان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئەخمەتبېك ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن كېسىلىم قايتا قوزغىلىپ قالغانمىدۇ دەپ قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدى. ئەمما يۈرىكى ئاستا-ئاستا پەسكارىغا چۈشۈپ، قۇلىقىدىكى ۋىڭىلداۋاتقان ئاۋازمۇ بارا-بارا بوشاپ قالدى، چارەك سائەتتىن كېيىن جىممىدە بولۇپ قالدى.

— مە، بىرئاز سوغۇق چاي ئىچىۋال، — نازار ئۇنىڭغا مايلىشىپ ۋە ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن سۇ كۆمزىكىنى سۇندى.

ئەخمەتبېك سۇ كۆمزىكىگە ئاغزىنى تەككۈزۈپ بىرنەچچە يۇتۇم چاي ئىچتى، ئاندىن خامان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ-قاراپ قويدى.

— قېنى ئۇ؟

— بەدەنلىرىدىكى مەڭگەننى قاقا-قاقا مېڭىپ، ئۆستەڭ ئايىقىغا چۈشۈپ كەتتى، بەئەينى ئىتقا ئوخشاش. گەرچە ئۇ مېنىڭ ئىنىمنىڭ نەۋرىسى بولسىمۇ، ئەمما مەن ساڭا رەھمەت ئوقۇيمەن ئەخمەتبېك. يارايسەن، ئۇنىڭ تازا ئەدىبىنى بەردىڭ. ھەي، قۇترىغان چىلبۆرى-دە. — بوۋاي ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ بىر تىللاپ قويۇپ، قولىدىكى تايىقىنى قاتتىق-قاتتىق باسقىنىچە كېتىپ قالدى.

توختاپ-توختاپ چىرىلداۋاتقان قارا چېكەتكىلەر گويا ئارمىنى بار، دەرمانى يوقتەك چىرىلداپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى داۋاملىق ئېيتىشماقتا ئىدى. زىيابەت ئۆتكۈزۈلگەن ھويلا تەرەپ

جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. يالپۇزنىڭ خۇش پۇرىقى، يانچىلغان بۇغداي ۋە مەڭگەنلەرنىڭ پۇراقلىرى ئەخمەتبېكنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا باشقىچىلا راھەت بېغىشلىماقتا ئىدى.

ئۇ بوۋاي بىلەن خوشلىشۋالاي دەپ، پۈتۈن خامانىنى ئايلىنىپ چىقتى، يەنە دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قاراشتۇردى، بىراق، بوۋاينى ھېچنەدىن تاپالمىدى. "خەير، سەھەردە كۆرۈشەرمىز" دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئەخمەتبېك ۋە ئويلا-ئويلا كەنت تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

بوۋاي تاغ باغرىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇراتتى.

— قېنى ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتبېك.

— ئەنە، قارا!

مۇھەممەت مۇراد ۋانچ ئۆستىڭىنىڭ بويىدا بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— تېخى يىغلاۋاتقىنىنى بۇ ئۆلمىگۈر چىلبۆرىنىڭ! — دەپ تىللىدى بوۋاي، — ئالىقانات!

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق 1-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **غۇلام غوپۇرى**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **تۇرسۇن رەھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باشقىلارنىڭ رولىدا

## ن. شپۇزوۋ

**ئاپتور ھەققىدە** نىكولاي شپۇزوۋ — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان يۇمۇر يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «يوقالغان بىر مىليون»، «داڭلىق زات»، «نوپۇزلۇق ئېھترام» قاتارلىق توپلاملىرى بار. «باشقىلارنىڭ رولىدا» ئاپتورنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى يۇمۇرلۇق يېزىلغان پوۋېستى بولۇپ، سوۋېت كىتابخانلىرىدا ياخشى تەسىر قوزغاپ، ئوبدان باھاغا ئېرىشكەن. مېتىنكا دېگەن يىگىت لايىقى ئولىيانىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئەمەلدار بولۇشنىڭ چارىسىنى ئويلايدۇ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن، ئاخىر راستلا ئەمەلدارمۇ بولىدۇ، بىراق، كېيىن...

كىتابخان، ئاخىردا نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلگۈڭىز كەلسە، پوۋېستنى ئوقۇپ چىقىڭ، ئاخىردا قانداق بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

### 1. تونۇشۇش

بىر كۈنى تارجاردىكى ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئالمۇتىغا قايتماقچى بولدۇم-دە، ئاپتوبۇس بېكىتىگە باردىم. بېكەتتە قوللىرىغا چىلەك، سېۋەت ئېلىشىۋالغان ئاياللار پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار پايتەختتىكى ئەركىن بازارغا سودا قىلىشقا بارىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇگۈن كەيپىم چاغ ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن،

ئىشىمنى تۈگەتكەندىم، ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇزاقتىن بۇيانقى گارمون ئالسام دېگەن ئارزۇ-تىلەككىمگە بۈگۈن يەتكەندىم، يەنى بىر خىزمەتدىشىمدىن گارموننى ئەرزانلا ئېلىۋالغاندىم.

— ياخشىمۇ سىلەر، گۈزەل قىزلار، — دېدىم.

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرى.

— ھۆي، بېشىڭىز ساڭگىلاپلا كېتىپتۇغۇ، ئەزىزىم؟

— ئاپتوبۇس ھېچ كەلمەيدۇ.

— كەلمىسە نېمە بوپتۇ، — دېدىم مەن، — مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئاچچىقلاش كېتەمدۇ؟

مۇشۇ تەرىقىدە 20 مىنۇتچە پاراڭلاشتۇق.

سائىتىمگە قاراپ قويدۇم، ئىچىمدە: ماڭمىسام بولمايدۇ، دېسەممۇ، ئاپتوبۇسنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يولدىن يۈك ئاپتوموبىللىرى پات-پات ئۆتۈپ تۇراتتى. گارموننى مۈرەمگە ئارتتىم-دە:

— سىلەر بىلەن بىللە بولۇش خۇشاللىق ئىدى، ئەمما بەربىر ئۆيگە كېتىش كېرەك. سىلەر ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن يۈك ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ كېتىمەن؛ — دېدىم.

يولنىڭ ياقىسىغا چىقىپ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم. ھەتتىڭەي، قارىماملىغان بۇ شوپۇرلارنى! يول بويىدا تۇرغان ئادەم ئەمەس، قېقىپ قويغان تۈۋرۈكتەك، قاراپمۇ قويماي ئاپتوموبىلىنى غۇيۇلدىتىپ كېتىپ بارغىنىنى.

— ئۆپكىسى يوق ھارۋىكەشلەر، — دەپ شوپۇرنى تىللاپ، يەرگە شالاققىدە تۈكۈردۇم.

بىردىنلا، كەينى تەرىپىمدىن «غاچ» قىلىپ تورمۇز بەرگەن

www.uyghurkitap.com

ئاۋاز كەلدى، قارىسام، ”گىل“ ماركىلىق يېڭى بىر ئاپتوموبىلى ئىكەن، كۆل رەڭ شەپكىلىك، چىرايلىقىنا يىگىت كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:

— شەھەرگە كىرەمتىڭىز؟

— ھەئە.

— ماشىنىغا چىقىڭ.

كابىنكىغا كىرىپ، يۇمشاققىنا ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئاپتوموبىل دەسلەپ ئاستا ماڭدى، كېيىن تاشيولدا غۇيۇلداپ چاپقىلى تۇردى. باراقسانلىق باغلار غىل-پال كۆرۈنۈپلا ئارقىمىزدا قالاتتى، يىراقلاردىكى قارلىق تاغ چوققىسى ئاستا-ئاستا يۆتكەلگەندەك قىلاتتى.

كەڭ كابىنكا پاكىز ۋە ئازادە بولسىمۇ، كۆڭلۈم بۆلەكچىلا تۇراتتى. شوپۇر يولىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، مەنمۇ ئالدىمىغا قاراپ ئولتۇراتتىم ۋە ”ياشقىنا، قاۋۇل يىگىت ئىكەن، تەنھەرىكەتچى ئوخشامدۇ“ دېگەن پىكىرلەر كۆڭلۈمگە كەچتى. جىمجىتلىقتا چىدىيالماي، مۇندىقىسىغىلا سورىغاندەك سورىدىم:

— قانداق تەنھەرىكەتچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرەرسىزمۇ؟

— پېقىر تەنھەرىكەت دېگەنگە يېقىن يولىمايدۇ.

— تۇزۇت قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

— سىز قانداقىسىگە مېنى تەنھەرىكەتچى دەپ قالدىڭىز؟

— بەستىڭىزگە قاراپ.

شوپۇر گەپ قىلمىدى. ئەجەبمۇ تارتىنچاق ئىكەن، ئۇستا تەنھەرىكەتچى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق، قىز بالىدەك تارتىنچاق ئىكەن، باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۆزىنى ماختاپ-ئۇچۇرۇپ ھالى قالمايتتى، بۇ شوپۇر لام-جىم دېمەي تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدىم مەن.

ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرسا، ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا، يەنىلا مەن گەپ باشلىدىم:
ــ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانسىز؟
ــ ياق، ــ دېدى ئۇ، ــ بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟
ــ مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، ــ دېدىم مەن، ــ مەنمۇ تەنها كۈن كۆچۈرۈۋاتىمەن.
ــ نېمىشقا؟ ئۆيلەنسىڭىز بولمامدۇ؟
ــ ئۆيلىنەي دېگەن ئويۇمىغۇ بار، بۇرادەر، بىراق، بۇ ئۇنداق ئاددى ئىش ئەمەس ئىكەن. ھېچ لايىق تاپالمايمەنغۇ ـ تاڭ.
ــ ئالمۇتىدا قىزلار كۆپقۇ؟ ــ سورىدى شوپۇر ھەيرانلىقتا.
ــ قىزلارغۇ جىق، لېكىن، مېنىڭ تەلىيىم تەتۈر كەلدى. بىر كۈنى باغچىدا ئوبىدانلا بىر قىز ئۇچرىغانىدى، ــ دېدىم ۋە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، ــ ئۇ ئوماق قىز دەرەخلىك يولدا سەيلە قىلىۋېتىپتىكەن. بۇ قىز باشقا قىزلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ يۈزدە ئۇيا ـ ئەگلىكمۇ سۈرتمىگەن، چېچىنى بۇدۇرمۇ قىلدۇرمىغان، چېچىنى مۇرىسىگە قويۇۋەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم ـ دە، ئېھتىيات بىلەن سۆز باشلىدىم، ئاۋال ھاۋا رايى ھەققىدە سۆزلىدىم، تېخى 11 ـ ئاي تۇرۇپ، ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتتى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىم، ئاندىن خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرىدىن گەپ ئاچتىم. ئەمما بۇ جانان ماڭا قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى. "ئاۋال تونۇشۇۋالاي، قىز تېپىشتا تونۇشۇش بىرىنچى قەدەم ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلىدىم ـ دە، "قىزچاق، تونۇشۇپ قويساق قانداق؟" دېدىم ۋە بىر قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم: "مېنىڭ ئىسمىم دىمىترىي رازۇمېيېۋ، قىسقارتىپ دىما دېسىڭىز بولىدۇ." بىردىنلا قىزنىڭ قوشۇمىسى

تۇرۇلدى ۋە بوم ئاۋازدا دېدى: "كۆرسىڭىزگە قاراپ گەپ قىلىڭ، كىم قىزكەن؟ دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، بولمىسا كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرىسىز ھېلى..." بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارىسام، ئالدىمدىكىسى قىز ئەمەس، چېچىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن يىگىت ئىكەن.

شوپۇر كۈلۈپ كەتتى.

— يىلان چاققان ئارغامچىدىن قورقۇپتۇ، دەپتىكەن، — مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — شۇنىڭدىن كېيىن قىزلارنى كۆرسەملا نېرى قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. قىزلار بىلەن سۆزلىشىشنى ماڭا بىركىم بۇيرۇمىغاندىكىن، بەربىر-دە.

سەپەردىشىم مېنى: توخۇ يۈرەك ئىكەنسىز، دەپ كايىدى، ماڭا يالغۇز ئۆتۈپ نېمە جاپا، دېدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن سەللا ئېھتىيات قىلسام بولىدىغانلىقنى ئېيتتى.

— گارمون ئېلىۋالغىنىڭىزغا قارىغاندا، مۇزىكانت ئوخشىمامسىز؟ — سورىدى شوپۇر.

— نەدىكىنى! لازىم بولۇپ قالار دەپ ئېلىپ قويدۇم. مەن گارمون چېلىشقا ئامراق. ئەمەلىيەتتە، مەن دېگەن تەكشۈرگۈچى.

— باشقا ئىش قىلسىڭىز بولىغۇدەك. تەكشۈرگۈچىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك ئىدى، سىزدە دەل مۇشۇ كەم ئىكەن.

بۇ گەپ ماڭا ھار كەلدى، شۇڭا:

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدىم-دە، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم.

ئاپتوموبىل ئالمۇتىغا كەلگەنىدى، ئاپتوموبىل ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل بېكىتىگە كەلگەندە، شوپۇرغا ئاپتوموبىلنى توختاتقۇزدۇم-دە، يانچۇقۇمدىن بىر رۇبلى پۇل چىقىرىپ ئۇزاتتىم:

— ئېلىك، رەھمەت سىزگە.
— كىرەك ئەمەس، — دېدى شوپۇر.
"پۇل ئالمايدىغانمۇ شوپۇر بولامدۇ، ئاز كۆرۈۋاتىدۇ ھەقچان"
دەپ ئويلىدىم-دە، يانچۇقۇمدىن يەنە ئۈچ رۇبلى چىقاردىم.
— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ! پۇل ئالمايمەن، — شوپۇر كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاپتوموبىلنى بىر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىقتى.
خەق ماڭا ياخشىلىق قىلسا، ھەشقاللا دېمەيلا كەتسەم ئادەم-گەرچىلىك بولماي قالار، دەپ ئويلىدىم، ئەمما، قانداق ھەشقاللا دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ئاخىر ئاتالمىش "قارىسىغا ھەرىكەت" قىلدىم.
— ئەمىسە، تونۇشۇپ قويايلى! — دېدىم مەن.
— بولىدۇ، — دەپ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى ئۇ، — مېنىڭ ئېتىم ئولىيا.
— كولىيا① دېدىڭىزما؟
— ياق، ئولىيا.
ئۇ ئېتىنى دەپ بىرىپلا كابىنكىغا شاققىدە چىقتى-دە، ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.
ھەيرانلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. ئېسىمنى يىغىپ، ھوشۇمنى تاپقىنىمدىن كېيىن، ئۇھ دەۋەتتىم:
قىزنى يىگىت دەپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان؟!... بۇنىڭدا مەن ئەيىبلىكمۇ ئەمەس، يول بويى ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدىلا قاراپ قويىدۇم، تىكىلىپ قاراپ باقمىدىم. بۇنىسى چۈشىنىشلىك. ئەمما، ئاۋازىچۇ؟ ئاۋازى ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدە

① "كولىيا" ئەرنىڭ، "ئولىيا" ئايالنىڭ ئېتى.

www.uyghurkitap.com

يۇمشاق، چىرايلىق، سىلىق تۇرسا. ئاۋازىدىن نېمىشقا قىزلىقىنى بىلەلمىدىم؟ ئاپلا... يولدا كۆرگەنلىرىمنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. دەسلەپتە ماڭا چۈشىنىكسىز بىلىنگەن ئىشلار ئەمدى چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتكەندى: كابىنكا پاكىز ۋە ئازادە ئىدى؛ شوپۇرنىڭ چىرايى كېلىشكەن، ئېلىپتەك بۇرنىمۇ چىرايىغا ياراشقاندى؛ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ چىقىپ، سىز تەنھەرىكەتچىمۇ، دېگىنىمدە، ئۇ لام-جىم دېمىدى... كۆرمەمدىغان ماۋۇ دەلدۈشلۈكنى! قىز بىلەن يىگىتنىمۇ ئايرىۋالالمىسام...

بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى، شەپكىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالغان بىر تۇتام ساغۇچ چېچى يەنە كۆز ئالدىمغا كەلدى .مېنى توخۇ يۈرەك ئىكەنسىز دېگەنلىرى، يالغۇز ئۆتۈپ نېمە جاپا دېگەنلىرىنى باشقىدىن ئويلىدىم. بۇ گەپلەر ماڭا ئىما-ئىشارەت ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئۇقماي قالدىم؟ تەقدىر ماڭا ئاتا قىلغان قىز شۇ ئەمەسمۇ! دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ئېتىدىن باشقا ھېچ ئىشىنى بىلمەيمەن، يەنە كېلىپ، ئۇنى قانداق تاپىمەن؟

"ئىزدەي!— دېدىم ئۆزەمگە، — ئەتە چوقۇم ئىزدەپ تاپاي..."

## 2. ئولىيانى ئىزدەش

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا يېقىندىكى ئاپتوموبىل مەيدانىغا باردىم-دە، بۇيرۇمچىنى تاپتىم. بىرنېمىلەرنى دەپ، بۇ جايدا ئولىيا ئىسىملىك شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغىنىمدا، بۇيرۇمچى مەندىن سورىدى:

— فامىلىسى شۇستىكوۋامۇ؟

— شۈنداققۇ دەيمەن.
— ياش، چىرايلىق، شۈنداقمۇ؟
— شۈنداق!
— ئېگىزمۇ؟
— ھەئە!
— كۆك كۆزمۇ؟
— ھىم.
— شوپۇرمۇ؟
— ھەئە. "گىل" ماركىلىق ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ.
— ئەپسۇس، بۇرادەر، بۇ قىز ھازىر بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ. توي قىلىپلا كېتىپ قالغان.
— نېمە؟!
— ئەھۋال شۈنداق - تە.
— قاچان توي قىلغان؟!
— بۇلتۇر.
ئاچچىقىم بەك كەلدى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مېنى نېمىشقا بۇنداق كولدۇرلىتىسىز، دېدىم.
— سىزنى مەن كولدۇرلىتىۋاتقىنىم يوق، — دېدى بۇيرۇمچى، — قىز سىزنى كۈتۈپ تاقىتى تۈگەپ، باشقا بىراۋغا تېگىپ كەتكەن تۇرسا، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟
ئىلاجسىزلىقتىن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ماڭدىم. بىرنەچچە ماڭدام مېڭىۋىدىم، بۇيرۇمچى مېنى چاقىرىپ توختاتتى:
— توختاپ تۇرۇڭ!
مەن توختىدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— بىرى كېلىلىڭ.
مەن قايتىپ كەلدىم.
— ئېسىمگە كەلدى. بىزدە ئولىيادىن يەنە بىرى بار، سىز ئىزدىگەن ئولىيا شۇ. بۇ ئولىيا ياش ۋە چىرايلىق.
— شۇنداق!
— ئانچە ئېگىز ئەمەس.
— شۇنداق!
— كۆك كۆز.
— توغرا.
— "گىل" ماركىلىق ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ.
— ھەئە، — دېدىم مەن، — چاقىرىپ بەرسىڭىزچۇ.
— چاقىرسام بولمايدۇ-دە، بۇرادەر.
— نېمىشقا؟
— تۇغۇتخانىدا تۇرسا. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قىز تۇغدى. بېرىپ بېقىڭ، يىراقتا ئەمەس، «سوۋېت» كوچىسىدا. سىزنى كۆرسە، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.
بۇيرۇمچىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويغۇم كېپكەتتى، ئەمما ئۆزەمگە ھاي بەردىم: ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئۇ مېنى قەستەن كولدۇرلىتىۋاتقىنى يوق، ماڭا بارلىق قۇدرىتى بىلەن ياردەملىشىۋاتىدۇغۇ. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ، مېنى كۈتۈپ تۇرغان تاكسىغا قاراپ ماڭدىم.
— توختاپ تۇرۇڭ! — بۇيرۇمچى ئارقامدىن توۋلىدى.
مەن ئاڭلىمىغانغا سالدىم.
يەنە بىر ئاپتوموبىل مەيدانىغا باردىم، ئولىيانى ئىزدەيمەن

دېۋىدىم، بۇيرۇمچى كۈلۈۋەتتى. ئاندىن بۇ قىز تېخى تۇنۇگۈن سىزنى ساقلاپ تۇرغان، دېدى. بۇيرۇمچى تېلېفوندا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، خۇشامەتگويلۇق بىلەن ماڭا سۆزلىدى:

— مەرھەمەت، قېنى ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. ھازىرلا كېلىدۇ.

ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا، سىدام ئىش كىيىمى كىيگەن تەمبەل ئىككى كىشى بۇيرۇمخانىغا كىرىپ كەلدى.

— مانا ماۋۇ! — دېدى بۇيرۇمچى مېنى كۆرسىتىپ، — تۇتۇڭلار ئۇنى!

نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا، ھېلىقى ئىككى كىشى بىلىكىمدىن كاپپىدە تۇتتى-دە، قولۇمنى ئارقىغا قايرىدى.

— ئاخىر قولىمىزغا چۈشتۈڭمۇ، خۇمپەر! — دېدى بىرى.

— سېنى ئەدەبلەپ قويمىساق بولمايدۇ، قىزلارنى يەنە ئالداي-مەن دەيدىغان بولساڭ، ھىم...، — دېدى يەنە بىرى.

— بۇ نېمە گەپ؟ — ھەيرانلىقتا سورىدىم.

— ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك بولۇۋالغىنىنى! — چاڭگىدە تەككەن تەستەك زەربىدىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— نېمىشقا ئۇرىسىز؟! — ئەمدىلا ئاۋازىمنى چىقىرىۋىدىم، ماڭا يەنە بىر مۇشت كېلىپ تەگدى.

— ئۇلىيانى چاقىرىپ كىر، — دېدى ھېلىقى يىگىتتىن بىرى بۇيرۇمچىغا، — يۈزلەشتۈرىمىز، خۇپسەنلىك قىلغان بۇ ئەبلەخ ئەمدى قانداق قىلىدىكىن!

— مانا، ئۇلىيا ئۆزى كېلىپ قالدى! — دېدى بۇيرۇمچى.

بىر قىز ھۆمىدىگەن پېتى بۇيرۇمخانىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

— مۇشۇمۇ؟
— ياق، ئەمەس، — دېدى قىز.
— نېمە، «ئەمەس»؟!
— ئەمەس، بۇ ئادەمنى مەن بۇرۇن كۆرمىگەن.
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟! — دەپ ھۆركىرىدى يىگىتلەردىن بىرى بۇيرۇمچىغا.
— ئۆزى ئۇلىيانى ئىزدەيمەن دېگەن...
— سىڭىلچە، قارا نەرسىنىڭ ھەممىسى كۆمۈر ئىكەن-دە؟ — دەپ ۋارقىرىدى يەنە بىر يىگىت نارازى كەيپىياتتا ۋە مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەتتى، — ئەپۇ قىلىڭ، يولداش، سىزنى ئۇرۇپ خاتا قىپتىمىز، بىز يېڭىلىشتۇق، بۇ...
ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىم بىلەن قاراپ قويۇپ، تاياق زەربىدىن ئىششىغان قولۇقمىنى سىلىدىم. مەن ئۇلارنى چىقارمىدىم، كەيپىم پۇتۇنلەي ئۇچقانىدى، ئۇلار قاتتىق تىل ئىشتەكەندىنمۇ بەكرەك ئازابلانغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئالاقزادىلىككە چۈشكەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدۇم.
— مەن ئۇلىيانى ئىزدەپ كەلگەن، «گىل» ماركىلىق ئاپتوموبىل ھەيدەيدىغان ئۇلىيانى.
— ئوھو، دەل جايىنى تېپىپسىز. ئۇلىيا بولالىسا بىزنىڭ شوپۇرىمىز، — دېدى بىرىنچى يىگىت ۋە بۇ كىشى يەنە بىر ئۇلىيانى ئىزدىگەن ئىكەن دېگەن مەنىدە بۇيرۇمچىغا ئالىيىپ قويدى.
— فامىلىسى بولالىسىنامۇ، ئەمەسمۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم، — دېدىم مەن، — ئۇلىيا تۈنۈگۈن مېنى تارجاردىن ئالمۇتىغا ئەكىلىپ قويغان.

— دەل شۇ بۇلانـكـىننا! — دېـدى يـگىـت، — ئۇ مۇشۇ يولـدا قاتنايـدۇ.

— ئۇ هازىـر نەدە؟

— ئاپتوموبىل هەيدەپ چىقىپ كەتتى. ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ. قايتىپ كەلسىلا، سىزگە ئۇقتۇرىمىز.

— چاپسان كېلەرمۇ؟

— بىر هەپتىدىن كېيىن كېلىدۇ، بەلكىم ئاڭغىچىمۇ قالماس.

مەن ئادرېسىمنى ۋە تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىپ، ئولياغا بېرىـپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، چىقىـپ كەتتىم.

بۇ بىر هەپتە ماڭا بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى، پىكرىم دولقۇنلىنىپ، ئوليا بىلەن كۆرۈشكەن بەختلىك منۇتلاردىكى مەنزىـرىلەر كاللامدىن كەتمەيتتى... نەق يەتتە كۈن ئۆتكەندە، تېلېفون جىرىڭلىدى، تېلېفوننى ئېلىپ، خۇشاللىقىمدىن نېمە دېيىشىمـنى بىلەلمەي قالـدىـم — تېلېفون ئۈنىڭدىن كەلگەنىدى، ئۇ مېنى ئېسىڭىزدىن چىقارمىغىنىڭىزغا رەھمەت، دېدى. ئاندىن، ئەمىسە بۈگۈن كۆرۈشەيـلى، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، ئىشتىن چۈشۈپلا بارىمەن، دېدى.

ئىشتىن چـۈشـۈشـكە يەنە بىر سائەت ۋاقىـت بار ئىـدى، مەن دەرهال ئىشخانىدىن چىقتىم-دە، ئۆيـگە قايـتتىم. ئۆيـگە كېلىـپ، ئۆينى بىرقۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى تاقەتـسىزلىـك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

كارىدوردىـن ئېـگىز پاشنىـلىق تۇپلەينىڭ تاقىـلدىـغان ئاۋازى كەلـدى.

ئىشىكنى غاچچىدە ئېچىـپ، ئىختـىيارسـز كەينىـمگە داجـىـدىم: پۈزۈر كىيىنگەن سېمىز بىر ئايال بىمالال كىرىپ كەلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ دەسلەپ ھەس-ھەيران بولدىيۇ، كېيىن دەرھال يوغان-يوغان چامداپ مەن تەرەپكە كەلدى ۋە قىزغىن سۆزلىدى:

— ياخشىمۇسەن، ئەزىزىم!...پاھ، قارىغىنا سېنى، خۇشاللىقىمدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قاپسەن. بۇنداق ئىش بولۇپ تۇرىدۇ، دائىم...

ئۇ مېنىڭ بويتاقلىق تۇرمۇشى بىلىنىپ تۇرىدىغان كۆلبەمگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى-دە، تومپىيىپ چىققان تىنىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— كېيىمگە قولاق سال مىتېنكا①، — دېدى ئۇ يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — مۇرادىڭغا يەتتىڭ، ئالدىڭدا تۇرغان مەن ئۇلىيا بولالىسنا بولىمەن!... ئۇلار سەن قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى ماڭا بېرىشكىنىدە، نېمە ئىش بۇ، دەپ بىرھازا تېڭىرقاپ قاپتىمەن. كېيىن ئويلاپ كۆرسەم، مېنىڭ ئاپتوموبىلىم سېنى تارجاردىن ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

— سىز يېڭىلىشتىڭىز، باشقا بىركىم بولسا كېرەك، — دېدىم مەن تەستە.

— ساراڭدەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، مىتېنكا!

— راستلا يېڭىلىشتىڭىز. مەن تارجاردىن كېلىشىمدە سىزنىڭ ئاپتوموبىلىڭىزغا چۈشمىگەن، — دېدىم ۋە مېنى ئەكىلىپ قويغان قىزنى سۈرەتلەپ بەردىم.

بولانكىننا ئورۇندۇققا دوققىدە ئولتۇردى-دە:

— ئەزىزىم، بۇنداق قىلما، تونۇماس بولۇۋالما! ئىشنى تېرىغان

① دمىترىينىڭ ئەركىلەتمە ئېتى.

ئۆزەڭ تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە تىكىۋەتمەكچى بولۇۋاتسەن. گەپنىڭ راستى، سېنى ئەكىلىپ قويغان ئۇلىيانىڭ مەن ئىككەنلىكىمنى ئىسپاتلاش مەن ئۈچۈن ئاسانلا ئىش، قولۇمدا سەن قالدۇرۇپ كەتكەن خەت بار، گۇۋاھچىلارمۇ بار — بىر ھەپتە بۇرۇن سەن بىلەن سۆزلەشكەن بىزنىڭ مەيداندىكى كىشىلەر. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدە سەن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتىكەنسەن. ئەمدى بۇ ئىشنى سەن ئىشلەيدىغان ئورۇنغا تولۇق ئېيتمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مېنى قارا تەر باستى، ئاپلا، چاتاق بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم.

— تاتىرىپ كەتتىڭغۇ، — دېدى بۇلانكىننا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چىرايىڭنى سەتلەشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ، مەن سەندىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. مەن بۇ يەرگە بىركىمگە ياراپ قالسام، دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلگەن. ئەمما، مەن سېنى ياراتمايمەن، چۈنكى، بىرىنچىدىن، سېنىڭ تۇزۇك ئۆي سەرەمجانلىرىڭ يوق ئىكەن، ئىككىنچىدىن،...سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟

مەن جاۋاب بەردىم.

— پۇلۇڭنىڭمۇ تايىنى يوق ئىكەن-دە! — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىرەر قىزدىن نەپ ئۈندۈرۈۋالسام دەپ ئويلايدىغانسەن. بەس، مىتېنكا، بۈگۈنكى كۈندە سەندەك يىگىتلەرگە ھېچكىم كۆز قىرىنى سالمايدۇ...

بۇلانكىننا تەنە-كىنايە قىلىۋالغاندىن كېيىن كەتتى، مەن... ئاپتوموبىل مەيدانلىرىنى بۇنداق بىر-بىرلەپ ئايلىنىپ ئىزدەشنىڭ ماڭا نېمە ھاجىتى؟ تۇمشۇقۇمغا يېگىنىم تېخى ئازمۇ؟ ئەگەر راستلا بۇلان-

كىنىنادەك قىزغا ئۇچراپ قالسام، ھالىمغا ۋاي، كەم دېگەندىمۇ ئۆمرۈم بىر ھەسسە قىسقىرايدۇ-دە، دەپ ئويلىدىم.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئەيتاۋۇر قورقۇپ قالدىم، مېنى ۋەھىمە باستى، ئولىيانى يەنە ئىزدەشكە پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ بۇلانكىنانىڭكىدەك بولسا، تۈگەشكىنىم شۇ، دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مۇشۇ خىيالدىن كېيىن، ماڭا تىترەك ئولاشتى، يائاللا!...

كۈنلەر يورغىلىشىپ، ھەپتىلەر ئۆتۈۋەردى، ئولىيا بارا-بارا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، تۇرمۇشۇم نورماللىشىپ قالدى، كۆڭلۈم بۆلەكتىن تىنچىدى دېسەممۇ بولىدۇ. ئەپسۇسكى، تەقدىر بۇنداق تىنچ كۈنلەرنى بەك قىسقارتىۋەتكەنىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خۇشال تۇرمۇشۇمغا قايغۇ قېتىلدى، تۇراقلىق تۇرمۇشۇمدا داۋالغۇش بولدى.

بىركۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، زاۋۇتىمىزنىڭ باشلىقى دېگەن مۇنۇ يوچۇن گەپلەرنى ئويلاندىم: "رازۇمىيېۋ، خىزمەت پوزىتسىيەڭنى تۈزەتمەيدىغان بولساڭ، سېنى ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان قاتاردا ئىشتىن بوشىتىمەن."

ئويلا-ئويلا، تۆت كوچىغا كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماپتىمەن، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالغىلى تاسلا قالدىم. ئاپتوموبىلنىڭ غاچچىدە توختىغان چىرقىراق ئاۋازىدىن كېيىنلا، شۇنداق قارىسام، يېڭى بىر "گىل" ماركىلىق ئاپتوموبىل ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

— نېمە بولدىڭىز، كېتىپ بېرىپ ئۇخلاۋاتامسىز نېمە؟!

شوپۇرغا قاراپلا، ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم: "ئولىيا! ئولىيا!" كابىنكىنىڭ يەلەمپىيىگە بىر سەكرەپلا چىقتىم-دە، كابىنكا

ئىشكىنى شاققىدە ئېچىپ، كابىنكىغا كىرىۋالدىم.

ــ مىتېنكا؟! ــ قىز بەك ھەيران قالدى، ــ ئۆلۈمنى كۆتۈپ تۇرغانىمدىكىز، بېسۇۋتسەم قانداق قىلاتتىڭىز...

## 3. ياخشى ئىشقا كاشىلا جىق

ئېھ، مۇھەببەت... بەزىلەر ئاسانلا مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ، بەزىلەرگە مۇھەببەتكە ئېرىشمەك بەك تەس چۈشىدۇ. كېيىنكى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ پالاكەت باسقان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئېنىق، بۇنداقلارنىڭ بىرىنچىسى مانا مەن.

ئولىيا يېنىمدا بولمىغان چاغدا، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە كۆزۈمگە سىغمايتتى، پەرىشان يۈرەتتىم. ئولىيا بىلەن كۆرۈشكەندە گۈلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كېتەتتى. ھەي، بۇلارنى دەپ يۈرۈپ نېمە قىلارمەن، ئەيتاۋۇر ئىشقى-مۇھەببەت پىراقىدا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە بۇنىسى ئايان.

ئولىيا بىلەن كۆرۈشسەملا، ئۆزەمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك سېزەتتىم، ئىككىمىز كىنو، تىياتىرلارغا دائىم بىللە باراتتۇق. ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك، ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئەمما،...ئولىيانىڭ مېنى سۆيىگۈزمەسلىكى دەرھال دىققىتىمنى تارتتى. ئاشىق-مەشۇقلار سۆيۈشمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ بۇنداق مۇھەببەت پەقەتلا چۈشىنىشمەسلىك بولىدۇ! ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولغىنىمدا، بىزارمۇ بولماي، بەك خۇشال بولۇپمۇ كەتمەي تۇرغىنىنى سەزدىم. ھەتتا، بىركۈنى توي خېتى ئالايلى دېگىنىمدە،

ئۇ:

— بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، مىتېنكا! — دېدى.

— ”يانغىن“؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھازىر بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغانغا تېخى بالدۇر.

— قانداقسىگە بالدۇر بولسۇن؟ سېنىڭ پىراقىڭدا باغرىم كاۋاب بولدى، دېسەمۇ بولىدۇ.

— توي خېتى ئېلىشقا بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ.

— نېمىشقا؟ بۇ ئەڭ مۇھىم شەرت ئەمەسمۇ!

— سەن بۇنى ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى دېمەكچى بولۇۋاتقانسەن؟ باشقا شەرتلەر توغرۇلۇق ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئويلىمىغان بولساڭ، ئەمدى ئوبدانراق ئويلىغىن.

ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپلا كېتىپ قالدى.

ئىش قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئۆزگەردى! ئولياغا توي خېتى ئالايلى دېسەم، چوقۇم خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق،...ئوبدانراق ئويلاپ باقاي دېدىم-دە، بۇرۇن كۆرۈشكەن چاغلىرىمىزنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئاۋال تارجاردىن ئالمۇتىغا كېلىدىغان چاغدا، ئىككىمىز تۇنجى مەرتەم كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ماڭا دېگەن مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىدىم: ”سىز باشقا كەسىپكە ئالماشسىڭىز بولىدىكەن...“ بۇ گەپنى جىق ئويلاپ، يېنىش-يېنىش تەھلىل قىلدىم. ”ھەي، ئەخمەقلىقىمنى قارىمامدىغان، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ئۇنىڭ بۇنداق دېگىنى ۋەزىپەم بار دېگۇدەك ۋەزىپىگە ئېرىشكىنىڭدىن كېيىن، ساڭا خوتۇن بولىمەن، دېگەنلىك ئەمەسمۇ. بولىدۇ، ئوليا ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكىمۇ رازىمەن!...ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەشھۇر زاتلار قاتارىغا مىنىڭمۇ ئىسمىم

قوشۇلسا، نامدار كارخانىدىن بىرەرسىگە رەھبەرلىك قىلسام، بۇمۇ شەرەپ ئەمەسمۇ؟...مەن ئۆزەمنى يېنىدا مېھمانخانىسى بار ئىسىل ئىشخانىدا ئولتۇرغان قىياپەتتە قىياس قىلدىم: سۇنئىي خىرۇم بىلەن قاپلانغان ئىشىكنىڭ سىرتىدىن: "باشلىق بارمىكىن؟" دېگەن ئاۋاز كەلدى. كاتىپ قىز: "ئىشى ئالدىراش، تېلېفون بېرىۋاتىدۇ. بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ..." دەپ جاۋاب بەردى.

بىراق، مېنى دەرھال غەم باستى: ئولىيا بىلەن تونۇشقانىدىن بۇيان، ئولتۇرسام-قوپسام ئۇنى ئويلاپ، باشقا ئىشلارنى ئېسىمدىن تامامەن چىقىرىۋەتكەنلىكىمدىن، خىزمەت ئەھۋالىم كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشماقتا ئىدى. تەنقىد يېغىپ كەتتى. كېيىن، زاۋۇت باشلىقىمىز ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ تاقىتى پۈتكەندە، ئاخىر ماڭا ۋارقىراپ كەتتى.

ئولىيانىڭ ھېلىقى "باشقا كەسىپكە ئالماشىسىڭىز بولىدىكەن" دېگەن گېپىنى ئەسلەپ، خىزمەت پوزىتسىيەم توغرىسىدا ئوبدانىراق ئويلىنىشقا، ياكى توۋا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. "ھېلىمۇ ياخشى، ئولىيا ماڭا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى، بولمايدىغان بولسا، ئىستىقبالىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىكەن..." دەپ ئويلىدىم، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ماڭا بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، بۇ ئىش، ئۇنىڭ دېگىنىدەك، مېنىڭ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىمدىن بولغان بولماستىن، رەھبەرلىككە بويۇن ئەگمىگەنلىكىمدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەن ئادەتتە رەھبەرلىك زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك، باشباشتاقلىق قىلىمەن؛ مەن تېخى خەق ياخشىچاق بولۇۋالدى، ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتتى، دەپ ئۇششاق گەپ قىلمىسۇن دەپ، ھەممە ئادەم بىلەن ئوخشاش مۇناسە-

ۋەت قىلىمەن: بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ: ھەممە بەردە يانپاشقا ئېلىشتى، ئەدىبىمنى بېرىشتى، جازالىدى، ئىستىقبالىم قاراڭغۇلاشتى، دېگەن پىكىرلەر كاللامغا كەلدى. كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئىككى خۇلاسە چىقاردىم: بىرىنچى، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلىشىم كېرەك، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت قىلغان ئادەمگە، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئىككىنچى، رەھبەرلىككە ياخشىچاق بولۇشۇم كېرەك، چۈنكى رەھبەرلىككە ياخشىچاق بولۇش چاققان ئۆسۈۋېلىشنىڭ كاپالىتى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلىيانىڭ تەلۋىنى قاندۇرۇشنىڭ كاپالىتى.

ئۆزەمگە ئاشۇنداق تۆۋەن پروگرامما بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتىم. خىزمەت پوزىتسىيەمنى تېزلا ئۆزگەرتىۋىدىم، پۈتۈن زاۋۇت بۇنىڭغا شۇ زامات دىققەت قىلىپ كەتتى، كىشىلەر مەندىكى ئۆزگىرىشنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگەنلىكتىن ھاسىل بولغان دەپ قارىدى، رازۇمېيپۇدەك ئادەمگىمۇ ئاڭ كىرگۈزدى دېيىشىپ، تۆھپىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يازدى.

يەنە بىر مەسىلىدە تاقىتىم تاق بولماقتا ئىدى: پىروگراممىدىكى ئىككىنچى ماددىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك؟ گەپتىن گەپ يوقلا زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ماختاپ-ئۇچۇرۇپ، ياخشىچاق بولسام قاملاشمايدۇ-دە؟ بۇنداق قىلسام تەخسىكەشلىك قىلدى دېگەن گەپ چىقىدۇ، بۇ ھال پايدىسىز. مەن ئىشنى چاندۇرماي جۆندەش ئۈمىدىدە ئىدىم. ئاخىر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت كەلدى.

بىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن ئۆيگە

قاراپ ماڭدىم. ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. كېتىۋېتىپ يول
بويىدىكى قارا-قۇرا نەرسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. يېقىن بېرىپ
قارىسام، بىر ئادەم يېتىپتۇ. ئېڭىشىپ يۈزىگە قاراپلا چۆچۈپ
كەتتىم — بۇ كىشى بىزنىڭ زاۋۇت باشلىقىمىز ئىدى! ئۇ گۆپ-گۆپ
ھاراق پۇرايتتى. دەسلەپتە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. ۋىكتور
ۋاسىلىيېۋىچتەك قاتتىق قول، تەلەپچان، زاۋۇتتىكى ھەممە ئادەم
ھېيىقىدىغان ئادەممۇ نۇقسانسىز ئەمەسكەنغۇ...دەپ ئويلىدىم. قانداق
قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ماڭا تەنبىھ بەرگەنلىرى ئېسىمگە كەلدى-دە،
ئۇنى دەرھاللا ھوشىغا كەلتۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدۇم.
ھە، بۇرادەر، ئۇ يەردە تۇرۇپ باققىن، ئاندىن ماڭا باشقىچە قارايدى-
غان بولىسەن، دەپ ئويلىدىم. يەنە مۇنداق ئويلارمۇ خىيالىمغا
كەلدى: تەقدىر دېگەن ئادەمنى مانا شۇنداق كولدۇرلىتىدىغان
نەرسە، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتىم، مېنى
نېمە قىلىمەن دېسە قىلاتتى. ئەمدى ئەھۋال باشقىچە، مەن ئۇنى قانداق
قىلىمەن دېسەم، شۇنداق قىلالايمەن. ھوشىغا كەلتۈرۈش ئورنىغا
ئاپىرىپ بېرىمەن دېسەم، ئۇ غىڭ قىلماي ماڭىدۇ، بولىدى قىلىۋەت-
سەم، بۇ ئىش تۈگەيدۇ. قىسقىسى، ئۇ ھازىر مېنىڭ چاڭگىلىمدا.
كۆڭلۈم قەن يېگەندەك لەززەتلەنسىمۇ، ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ماھىر
بولاي، دەپ قارىدىم. بىرھازا ئويلىنىپ، بىر يەكۈن چىقاردىم:
ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرسەم،
چوقۇم ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ؛ لېكىن، بۇنداق قىلىش
ئۆزەمگە پايدىلىقمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش تەس؛ ئۇنىڭ ئورنىغا
قوپال بىر بيۇروكرات كەلسە، مەندەك كىچىك شەخسنى كۆزگە
ئىلمايدۇ، ئۇ چاغدا... ياق، ئەڭ ياخشىسى، ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچنى

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي. ئۇ مەسىلىكتىن يېشىلىپ، مېنىڭ ئۇنى بالا-قازادىن ساقلاپ قالغانلىقىمنى بىلىپ قالار. بىلگىنىدە، مەندىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، مېنى جەزمەن ئۆستۈرۈپ قويىدۇ.

مۇشۇ خىيالدىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقىنى كۆتۈرۈپ، تەسلىكتە ئالغا قاراپ ماڭدىم، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېلىمنىمۇ تۈز قىلالمىدىم (ئۇ كەم دېگەندىمۇ 70 كىلوگىرام كېلەتتى). ئۇنىڭ ئۆيى يىراق ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىش مۇشكۇل ئىش بولسىمۇ، بار كۈچۈمنى يىغىپ، ئاخىر ئېلىپ چىقتىم. بىرپەس دەمىمنى ئېلىۋال-غاندىن كېيىن، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستىم. زاۋۇت باشلىقىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ئىشىكنى ئاچتى. بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى بىزنىڭ ئىشخانىدا بىر كۆرگەنىدىم.

— كەچۈرۈڭ. يولدا ئۇچراپ قالدى، لايدەك بولۇپ كېتىپ-تۇ،... — دېدىم مەن.

ئايال تاتىرىپ كەتتى.

ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، سافاغا ئاۋايلاپ قوي-دۇم-دە، ئۆزەمنىڭ مۇشۇ زاۋۇت باشلىقىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەي-دىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ، چىقىپ كەتتىم.

"ھىم، بۇ نۆۋەت مۆھۆر باسقاندەك ئېسىگە چىڭ ئورناپ كېتىدىغان بولىدۇم. ئەمدى ھۆرمەتلىك ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى 180 گرادۇس ئۆزگىرىدۇ" دەپ ئويلايتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە "ئويۇن" باشلاندى. مەن ھېچ ئىش كۆرمە-گەن ئادەمدەك ئىشقا كەلدىم ۋە ئىشخانىغا كىرىپلا ئۆز ئىشىمغا كىرىشىپ كەتتىم. تۈنۈگۈنكى ئىش توغرۇلۇق ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ

تىنمىدىم. ئۆزەمنى ماختاپ نىمە قىلاي! خەقىقە گەپ مەنبەسى بولۇپ بىرىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ دىمەك، ئولتۇرۇپ ھۆجەجەتلەرنى ۋاراقلىغاچ ئىچقلىق ئىشكتىن زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە پات-پات قاراپ قوياتتىم. كۆرۈپ تۇرىمەن، ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ بىر خىزمەتچى خادىمنى چاقىرتتى، كېيىن يەنە ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىنى چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى چىقاتتى. بىردكا فالائونوۋ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— مىنى نىمىگە چاقىرتقانلىقىن! تونۇگۈن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن نەگە باردىڭ؟ كىم ئۈچىرىدى؟ دەپ سورىدى، ئاخشىمى كىر يۇيدۇم، ھىچكىمگە يولۇقمىدىم، دىدىم. ئۇنداق بولسا ئىشىڭنى قىل... دىدى.

زاۋۇت باشلىقىنىڭ نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى، ئۇ كىمنىڭ ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغانلىقىنى بىلمەكچى-دە. ئەمما مەن لام-جىم دىمىدىم. ئۆزى باش قاتۇرسۇن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلەلمەي تىت-تىت بولۇپ كەتسۇن! ئۆزى مەندىن سورىسا، ئېيتىپ بىرىمەن، دەپ ئويلىدىم. مىنىڭچە، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇنۇمى ياخشىراق بولاتتى. ئۇ: يارايسەن يىگىت! ئادەمنى قىيىن ھالدىن قۇتۇلدۇرۇپمۇ ھىچ ئىش كۆرمىگەن ئادەمدەك گەپ-سۆز قىلماي يۈرۈپسەن، دەيدۇ. ماڭا قاتتىق تەنبىھ بەرگەنلىكىگىمۇ ئۆكۈنۈشىدە گەپ يوق.

— رازۇمىيېۋ! زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا، — دىدى كاتىپ قىز.

مەن كېتىۋېتىپ ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ بىلەن بولىدىغان كۆڭۈللۈك سۆھبەتنىڭ خۇشاللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

www.uyghurkitap.com

— ياخشىمۇسىز، رازۇمېيېۋ، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ!

هاراقنى جىق ئىچىۋەتكەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ قاپىقى ئىششىپ، كۆزى قىزىرىدىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قانمىغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

ئۇ ئاۋال تاغدىن-باغدىن سۆزلىدى. ئالدىنقى يىلى باش ئىدارىنىڭ مۇپەتتىشى ئوبۇخوۋ بىزنىڭ زاۋۇتقا كەلگەندە ئۇنداق بولغان، مۇنداق بولغان، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى...

مەن ئەدەب بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم:

— ۋاقتىنى زايا قىلىپ نېمە قىلىسىز، ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ! سىزنىڭ مېنى نېمشقا چاقىرغانلىقىڭىز ماڭا مەلۇم. تۈنۈگۈن سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچىسىزغۇ؟ مەن ئاپارغان.

— سىزما؟ — دېدى زاۋۇت باشلىقى ھەس-ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، مەن، ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ، — دېدىم ھۆرمەت بىلەن، — دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋاتسام، بىركىم يولدا ياتىدۇ...

— يۈرىكىڭىز ئەجەب يوغانكەنغۇ سىزنىڭ! — زاۋۇت باشلىقى ۋارقىرىۋەتتى، — كىم سىزنى ئۇنداق قىل دېدى؟!

— نېمە بولدى؟ قارىسام غەرق مەس يېتىپسىز...

— بۇ بىشەملىك!

— سىز كوچىدا يېتىپ قالغان تۇرسىڭىز، مەن پەش قېقىپ كېتىپ قالمايمەن-دە. سىزنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرسەم قانداق قىلاتتىڭىز؟...

— سىز قاراپ تۇرۇپ ناتونۇش بىرنەرسىنى، تازا شاللاق بىرنېمىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكەپسىز!

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— نېمىشقا ”مۇمكىن ئەمەس“ ئىكەن؟ ئامالسىزلىقتىن ساقچى چاقىرتتىم.

— مەن...

— ئۆزىڭىزنى ئاقلىماڭ، رازۇمبىيېۋ! قانداق ئادەملىكىڭىزنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن، ئەمدى بىلدىم.

— مەن...

— سىز مەندىن ئۆچ ئالماقچى.

— قانداقلارچە...

— سىزدىن ياخشى ئىشلەشنى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن.

— بۇنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن...

— بۇرۇن سىز مەندە ياخشى تەسىر قالدۇرغان، رازۇمبىيېۋ.

— ئەمما مەن...

— بۇنىڭدىن باشقا، سىز رەزىل، چۇپەي ئادەمدەك تۇرىسىز...

ئۇ ماڭا تەنبىھ بېرىۋاتقاندا، بارا-بارا سەگەكلەشتىم-دە، ئۇبدان ئويلىنىشقا باشلىدىم. بىزنىڭ زاۋۇت باشلىقىمىزنىڭ تادانلىقىنى قارىمامدىغان! قاراڭ، ئۇنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتنى يارىتىۋالغىنىنى. نېمىدېگەن ئۇستىلىق بۇ!... ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ، ئەمدى زاۋۇت باشلىقىمىز بىر ئامال قىلىپ مېنى جەزمەن چۆرۈپ تاشلايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

دېگەندەكلا، ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ، مۇناسىۋەتسىز مۇشۇنداق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىككىمىزدىن بىرىمىز يەنە بىرىمىزگە يول بوشىتىشىمىز كېرەكلىكىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، زاۋۇتتىن يۆتكىلىپ كېتىشىمىز لازىملىقىنى ئوچۇق-ئاشكارىلا ئېيتتى.

مەنىمۇ بوش كەلمەي، گەپ ياندۇرۇپ تۇردۇم. مەن مۇنداق دېدىم: ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ، مېنى ئىشتىن بوشىتىدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىز. مەن رازۇمېيېۋ سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق گول-گۇدەك ئەمەس، مەن سىزنىڭ پەسكەشلىكىڭىزنى دەرھال باش ئىدارىگە مەلۇم قىلىمەن.

— مۇتتەھەم! — دەپ ۋارقىرىدى زاۋۇت باشلىقى.

— چىچاڭشىماڭ، بۇنداق چېچىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟... خالىسىڭىز، ئەپلىشىپ قالايلى، ھەركىم ئۆز يولىدا ماڭسۇن.

— يوقال!...

ئىشخانىغا كىرىشىمگە، سەپداشلىرىم ئورنۇۋېلىپ سوراشتى:

— نېمە بولدى؟ سېنى نېمە ئىش بىلەن چاقىرىپتۇ؟ تۈنۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن نەگە باردىڭ دەپ سورىغاندۇ تايىنلىق؟

— ياق، — دېدىم جاۋابەن، — ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ مەن بىلەن بىللە ئەتە كۆل بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى... بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟ ھېيت-ئايەم، يەكشەنبە-دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭ بىلەن بېلىق تۇتۇشقا چىقىپ تۇرىمەن.

سەپداشلىرىم ماڭا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ قويۇشتى-دە، بىر-بىرلەپ تارقىلىشتى. بۇ چاغدا مىشكا گېرادېشېۋ (يامان نېمە بۇ!) زەردە بىلەن:

— بۇگۈنگىچە سېنى تەكشۈرگۈچى ئورنىدىن چۈشۈرەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن-دە!... — دېدى.

بۇ ئىشنى خېلى ۋاقىتقىچە ئولىياغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، مەن ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتىشنى خالىمايتتىم، ئۇنىڭ مېنى پالا-

كەت باسقان ئادەمكەن دەپ قېلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتىم، بۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ مېنى تاشلىشى چوقۇم، ئۇنداقتا مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن! ئەمما، بۇ ئىشنى ئولىيادىن سىر ساقلاشنى تېخىمۇ خالىمىدىم، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىق بولاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن، ئۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىم، ئەڭ يېقىن ئادىمىم ـ دە!

ئولىيا گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، مېنىڭ قىلىقىمغا ئىنتايىن تۆۋەن باھا بەردى ۋە ئاخىرىدا:

ـــ زاۋۇت باشلىقى بىر ئامال قىلىپ سېنى توغرىلايدۇ، ـــ دېدى.

ـــ توغرىلاپ باقسۇن! مەنمۇ بوزەكلەردىن ئەمەس.

ـــ ھەي مىتېنكا يەي، مىتېنكا! سېنى ئاشكارا بىرنېمە قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

ـــ قانداق قىلىمەن دېسە قىلمامدۇ، ئىشقىلىپ ماڭا تېگەلمەيدۇ.

ـــ ناتايىن، ـــ دېدى ئورېنكا (ئولىيا) رەددىيە بېرىپ.

مەن يەنە گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدىم، "قېنى كۆرەرمىز" دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

## 4. قانچە ئېگىزدىن يىقىلساڭ، شۇنچە چىڭ چۈشىسەن

ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ مېنى ھېچنېمە قىلمايدۇ دەپ بەك گۆدەكلىك قىپتىمەن، بۇنداقمۇ نادانلىق بولامدۇ. قارىماسىز، ئۇنىڭ مېنى باپلىغىنىنى! لېكىن، ئۇ شۇنداق چاندۇرماي باپلىدىكى، كىمنىڭ باپلىغانلىقىنى بىرمەزگىل ئۇقماي يۈرۈپتىمەن.

مېنى باش ئىدارە تۇيۇقسىزلا چاقىرتىپ، دىمىترىي رازۇمېيېۋ، سىز قوشۇمچە رول ئىيلىۋاتقىلى ئۇزۇن زامان بولدى. ئاساسلىق رولغا چىقىدىغان پەيتىمۇ كەلدى، بۇرادەر. ماتور رېمونت زاۋۇتىغا باشلىق بولۇڭ، بۇ زاۋۇت يېرىم قول سانائەت خاراكتېرىدە بولغىنى بىلەن، بەك مۇھىم، ئىستىقبالى بار زاۋۇت. ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمۇ بەك ئۆم، بەك قەيسەر، قىسقىسى، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەپ بېقىڭ، دېدى.

گەپىنىڭ راستى، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن دىلىمدا چۆچۈپ كەتتىم. كادىر دېگەن شۇنچە جىق تۇرسا، مېنى نېمىشقا بۇنداق ئەتىۋارلاپ كېتىدۇ؟... دەپ ئويلىدىم. ئىچىمدە بەك رازى بولغان بولسامۇ، مەن تېخى خام، بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن، مەندىن يارامىلىق ئادەملەر بار، ئۇنداق، مۇنداق، دەپ يۈرۈپ، قەتئىي رەت قىلدىم. باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك-تە. مەن ئارىسالدا بولۇپمۇ قالدىم. بۇلار ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچتىن پىكىر ئالسا، ئىش چاتاق بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. دېمەك، ئۇلار ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، مەن زادىلا ئۇنىمىدىم.

سۆھبەتدىشىم ئۆزىنى باسالمىدى ۋە:

— دىمىترىي رازۇمېيېۋ، سىزنىڭ كەمتەرلىكىڭىز ئېشىپ كەتتى، — دېدى.

— نەدىكىنى، نەدىكىنى، — دېدىم مەن، — سىزگە شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ.

— بۇ يالغۇز مېنىڭلا قارىشىم ئەمەس. سىلەرنىڭ زاۋۇتنىڭ باشلىقى ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچمۇ سىزگە يازغان باھاسىدا بۇ توغرۇلۇق

توختىلىپتۇ.

— ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ؟ باھادا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— نېمىشقا "مۇمكىن ئەمەس" ئىكەن؟ — ئۇ ئىمىر-چىمىر خەتلەر يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇندى.

بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ، كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم: قەغەزدە مېنى سىياسەت سەۋىيىسى ئۈستۈن دەپ يېزىلغاندى — ئەمەلىيەتتە، بىر مەخسۇس تېمىنى تۆت يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئوتكەچە ئىشلەپمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغاندىم؛ ئابروبىلۇق دەپ يېزىلغاندى — ئەمەلىيەتتە، سەپداشلىرىم مېنى تەكشۈرگۈچىلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، دەپ ھېسابلىشاتتى؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ھارماي-تالماي ئۈستۈرۈپ كەلدى، كەسپىي جەھەتتە تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلدى دەپ يېزىلغاندى — ئەمەلىيەتتە، بولارغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيتتىم. زاۋۇت باشلىقىمىز ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغان بولۇپ قالماي دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، زىيادە كەمتەرلىك قىلىپ كېتىدىغان كەمچىلىكى بار دەپمۇ يېزىپ قويۇپتۇ. بىراق، ئۆزەمدە بۇنداق كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى ھېچقاچان سەزمىگەندىم!...

— سىزنىڭچە قانداق؟ — دەپ سورىدى سۆھبەتدىشىم.

— مېنى ۋىكتور ۋاسىلىيېۋىچ تونۇشتۇرغاندىكىن، رەت قىلسام سەت تۇرار، قىلغۇچىغا قاراڭغۇ بولۇر، كۆرگۈچىگە ئايدىڭ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — دېدىم ئوڭايسىزلىنىپ.

— بالدۇرراق مۇشۇنداق دېسىڭىزچۇ، — دېدى سۆھبەتدىشىم خۇشال بولۇپ.

ئولىيانىڭ "ئۇ سېنى ئاشكارا بىرنېمە قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟"

دېگەن سۆزى ئىختىيارسىزلا ئېسىمگە كېلىپ قالدى-دە، ئولىيا ئەجەبمۇ دانا ئىكەنا! دەپ ئويلىدىم.

زاۋۇت باشلىقىمىزنى مۇنداق ئادەم دەپ ئويلىماپتىكەنمەن! قورسىقىدا جىق چوت سوقىدىكەن ئەمەسمۇ! مېنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ئويلىمىغان چارىسى قالمىغان ئوخشايدۇ. يوچۇنلا بىر ئادەم ئىكەن! كۆڭلىگە ياقمايدىغان كىشىنى ئۈستۈرۈش چارىسى بىلەن كۆزدىن نېرى قىلىش زادىلا كادىرنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى يېڭى چارە ئەمەسلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا پېقىرنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى يېڭى چارە ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. يېقىنقى يىللاردا مەن بىر فۇتبول بولۇپ قالدىم، ھەربىر رەھبەر ئوتتۇرىدا تۇرغۇچى ئارقا مۇھاپىزەتچىگە ئوخشاش، مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدىن يىراققا تېپىۋېتىشكە كۈچەپ كەلدى، قارشى تەرەپنىڭ ئىشىكىگە كۈچەپ تېپىپ كەلدى. گەپنىڭ راستى، بۇ ھال ماڭا پايدا كەلتۈردى، خالاس، سەۋەبىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەن ئاددىي تەكشۈرگۈچىدىن چوڭ كارخانىنىڭ رەھبىرى بولۇپ ئۆستۈم، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەن رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىردىم، كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلاشتىم.

كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئەمدى ئولىيا ئاق، كۆك دېيەلمەيدۇ، ماڭا باشقىچە پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇڭا نىكا خېتى ئالساق دەپ ئىلتىماس قىلىشقىمۇ بولىدۇ، قىسقىسى، مەن غالىپ بولۇپ چىقتىم، دەپ ئويلاپ، بولغان ئىشنى ئولىياغا ئېيتتىم. ئەمما، مەن بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن. ئولىيا مېنى ئۆستۈرگەنگە خۇشال بولۇپ قويسىچۇ كاشكى، قىزىق ئىش، ئۇ مېنى ماختاش تۈگۈل، ئەتە زاۋۇت باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگىن،

زاۋۇت باشلىقى بولۇشنى خىيال قىلما، دەپ تۇرىۋالدى.
— سەن قانداق زاۋۇت باشلىقى بولالايسەن، مىتېنكا! — دېدى ئۇ.
— "قانداق زاۋۇت باشلىقى بولالايسەن" دېگەننىمۇ گەپمۇ؟ بىلىپ قوي، مەن دېگەن...
— مەن بىلىمەن، — دەپ سۆزۈمنى بۆلدى ئۇ، — زاۋۇت باشلىقى بولغان ئادەم ئىشلەپچىقىرىشتىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئەقىللىق بولۇشى لازىم. رەھبەرلىك خىزمىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ خىزمەت، قابىلىيىتى ۋە تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز كىشىلەرگە خۇسۇسەن شۇنداق.
— بىراق، بىر ئىشقا بەل باغلىسا، نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ رەددىيە بەردىم مەن.
— بەل باغلىيالايدىغانلارغا شۇنداق، سەن ئۇنداق بەلنى چىڭ باغلايدىغانلاردىن ئەمەس، — دېدى ئۇلىيا جاۋابەن، ئاندىن يەنە ماڭا تەربىيە بەرگىلى تۇردى. ئاخىرىدا، — مىتېنكا، سەن ئىقتىدارلىق ئادەمنى ئەقىللىق دېمەي، خىزمەت ئەمەلىي يۇقىرى ئادەمنى ئەقىللىق دەيدىكەنسەن. بۇ توغرا ئەمەس جۇمۇ! — دېدى.
ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. كاللامغا مۇنۇ خىياللار كەلدى: زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ دەسلەپتە ئۆزەك ماڭا ۋەزىپەم بار دېگۈدەك ۋەزىپەڭ بولسۇن، دەپ ئىما قىلدىڭ، ئەمدى بۇ ۋەزىپىگە ئىلىناشسام، مېنى كولدۇرلىتىۋاتىسەن. قارىغىنا سېنى، دانالاردەك تۇرىسەن تېخى! گېپىڭگە قارىسىغۇ دۆلەت ئەربابىدەك سۆزلەيسەن، ئەمما، ئەمەلىيەتتىچۇ؟ ئاددىيغىنا شوپۇر، ئاپتوموبىل شوپۇرى، مېنىڭ لايىقىم، خالاس.

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، ئولىيانىڭ سۆزىنىڭ مەلۇم ئاساسمۇ بار ئىدى، شۇڭا بۇ ئاساسنى كۆپىنچە رەددىيە بىلەن ئاغدۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن رەددىيە بېرىشكىمۇ ئالدىرىمايتتىم، چۈنكى مەن: ئايال كىشى ئەرنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ ماڭسا، ئەر كىشى ئۇچۇن سەتچىلىك، دەپ قارايتتىم؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشىنى قاچان قىلسام بولۇۋېرىدۇ، ئەمما، زاۋۇت باشلىقلىق ئورنىدا خالىغاندا ئولتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ھەممە ئادەم ئولتۇرۇۋېرىدىغان ئورۇن ئەمەس. ئويلاپ قالدىم: قېنى، ئىشلەپ باقمايمەنمۇ، گېنېرال بولۇشقا تۇغما لايىق بولۇپ چىقامدىمەن تېخى! دېمەك، بۇ قېتىم ئولىيانىڭ نەسىھىتى ۋە ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلماي، ئۆزەمنىڭ ئويۇم بويىچە ئىش قىلدىم. نېمە بولسا بولمامدۇ، ئىشلەپ كۆرمەيمەنمۇ، دەپ ئويلايتتىم.

... بۋاستە تەجرىبەمدىن خىزمەتتە رەھبەرلەرنىڭ يولىيورۇقى بولمىسا، بۇنداق خىزمەتنىڭ قارغۇلۇق بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ گويا ئادەم كۆزىنى ئېتىۋېلىپ ئىش قىلغانغا ئوخشاش ئىش بولىدىغانلىقىنى، بۇنداقتا، ئادەمنىڭ خىزمەتتە بەك قىينىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، تېخى بەزىدە يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا، تۆۋەندىكىلەرگە كونكرېت يولىيورۇق بېرىشنى ئۆزەم ئۇچۇن ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەت قىلدىم. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، باش ئىنژېنېر، سېخلارنىڭ مۇدىرلىرىنى ئىشخانامغا چاقىرتىۋېلىپ، ئۇلارغا راسا سۆزلىدىم. سۆزۈم ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس ئىدى، پروگرامما خاراكتېرلىكمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما شۇنداق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. سۆزۈمنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسىي نۇقتىلىرىنى مۇنۇ ئۈچ جەھەتكە

يىغىش مۇمكىن: 1. بىر ئىزدا توختاپ قالماسلىق، 2. ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىش، 3. يەنىمۇ ياخشى نەتىجە قازىنىش. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولدى دېيىشكە بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، سۆزۈمنىڭ ماھىيىتىنى بىر كىشى يەنىلا دەماللىققا چۈشىنىپ كېتەلمىدى، ئۇ قانداق قىلغاندا يەنىمۇ ياخشى نەتىجە قازانغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، قانداق چارە بىلەن يەنىمۇ ياخشى نەتىجە قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدى.

— بۇ ناھايىتى ئېنىققۇ؟ — دېدىم مەن، — تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىلمىي ئەمگەك تەشكىللاتى، كەشپ قىلىش-ئىختىرا قىلىش ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش ئاممۇۋى ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن ياخشى نەتىجە قازىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ھازىر، بەلكى شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشىمىزدىكى ئۈچ ئەڭگۈشتەر، — دەپ سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم، — يولداشلار، كۆپرەك گېزىت كۆرۈڭلار...

جاۋابىم ئىنتايىن ئەتراپلىق بولدى، ئەمدى ھېچكىم سوئال قويالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنىدىشلەرمۇ بىراقلا توگىدى.

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا، خىزمەت ئىستىلىم توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدىم ھەمدە: ئەقەللىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سەل-پەل بىلىشىم كېرەك، شۇندىلا يۆنۈلۈشنى تۇتۇش ئاسان بولىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن سېخقا چۈشتۈم. ئوھوي، نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ بۇلار؟ تاراق-تۇرۇق، پالاق-پۇلۇق، گۈلدۈر-گۈمبۈرلەر ئادەمنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەيتتى. كەينىمگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كېتەيمۇ دېدىم، ئەمما، بۇنداق قىلسام ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ، كىشىلەر مېنى: زاۋۇت باشلىقىمىز

سامان قورساق نېمىكەن، مۇشۇ ئاۋازلاردىن قورقۇپ، بەدەر تىكىۋەتتى، دەپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، سىختا قىلىۋەردىم، سىختا كېتىۋېتىپ، ماتور ئوڭلاۋاتقان يىگىتكە بىردىنلا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇ ئېگىز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئىش كىيىمى مايلىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردىم. ئۇ سالام قايتۇرمىدى، بىر يېپىنى تارتىۋىدى، گۈلدۈرلەپ ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ماتور ئايلانغىلى تۇردى. قورقۇپ ئارقامغا داجىدىم، قارىسام، يۈزىگە قارا ئەينەك ئورنىتىلغان تۆمۈر نىقاپ تارتىۋالغان ئىشچىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتىمەن.

— ياخشىمۇ سىز! — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ غۇدۇراپ قويۇپلا، ئىنچىكە مېتال تاياقچىنى تۆمۈردىن ئىشلەنگەن بىر نەرسىگە ئۇرۇۋىدى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يورۇق چىقىپ، ئۇچقۇندىلار ئۇستۈمگە شارقىراتمىدەك چۈشتى. كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، تەبىئىي ھالدا يان تەرەپكە ئۆزەمنى ئالدىم.

— ھەي، كىرانىنىڭ ئاستىدا تۇرغان ئادەم، نېرى تۇر! — يۇقىرىدىن بىرى ۋارقىرىدى، — جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ نېمە!

كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، دەرھال يانغا چاپتىم، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆرەككە چۈشۈپ كېتىپ، يۇمشاقىنا بىر نەرسىنىڭ ئۇستىگە چۈشتۈم، بىر ئەرنىڭ پەس ۋە قوپال ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ قاراپ تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئۇستىگە سەكرەۋاتىسەنا! — ئۇ بېقىنىمغا بىر نوقۇۋىدى، تىنىقىممۇ قىينىلىشىپ كەتتى.

ھوشۇمنى تاپقىچە، ئۆرەكنىڭ تۆپىسىدە تۇرغان بىر توپ ئىشچى

ماگا قاراپ كۇلۇشكىلى تۇردى.

سېخ مۇدىرى كېلىپ، ئۆرەككە قارىدى ـ دە، ھۆركىرىدى:

ــ تىش ـ ش ـ ش! زاۋۇت باشلىقى رېمونت ئۆرىكىگە چۈشۈپ كەتسە، سىلەرنىڭ بۇ يەردە كۇلۇشكىنىڭلار نېمىسى!

...زاۋۇتنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەن دەپ دۆچ كەلگەن بۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن مەيۇسلىنىپ كەتمىدىم، ھەتتا بۇنى ماگا پايدىلىق بولدى دېيەلەيمەن: مەن خىزمەتنى تۇتۇشتا چىقىش نۇقتىسىنىڭ ناتوغرا بولغانلىقىنى بىلدىم. باشقا زاۋۇتلارغا بېرىپ كۆرۈپ باقسام، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنسەم، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ كەلگەن بولسام بوپتىكەن، شۇنداق قىلسام، كەسىپ ئەھلى ئەمەس ئادەم كەسىپ ئەھلى بولۇپ قالىمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدىم. خوپ، قىلىمەن دېگەندىكىن، دەرھال قىلىش كېرەك.

قېرىنداش زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، زاۋۇتىمىزدا يېڭى چارىلەرنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىم. ئاساسلىقى، مەن ئۇ زاۋۇتلاردا كۆرگەن دەرۋازىدىن كىرىشتە قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى بولدۇم. دەرھال قاراشقا، بۇ كىچىك ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئوبدان ئويلاپ باققاندا، ئۇنداق ئەمەس.

مەن زاۋۇتنىڭ ئىنتىزامىنى تۇتۇشتا، ئىشنى دەرۋازىدىن كىرگۈچىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن باشلاش كېرەك، دەپ قارىدىم. بۇنداقتا، غەرق مەس بولغانلارغۇ بىر نۆرى، ئازراق كەيپ بولۇپ قالغانلارمۇ ئىشقا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇلارنى دەرۋازىۋەن كىرگۈزمەيدۇ ـ دە. زاۋۇتتىن بىرنەرسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش خىيالى بارلارمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى، ئىشتىن چۈشۈپ

ئۆيگە قايتىدىغان چاغدىمۇ دەرۋازىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ. دەرۋازىۋەن بىلىپ قالسا، بۇنداقلار جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. قىسقىسى، دەرۋازا — بىر مەش، ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئۇنۇملۇك قورال، كەپىنىك ئوچۇقى، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق بەك خاتا.

مېنىڭدىن بۇرۇن بۇ زاۋۇتقا باشلىق بولغانلار دەل بۇنىڭغا سەل قارىغان. زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازىۋەنى بولسىمۇ، بولار بىھۇدە بولۇپ قالغان: كىرىش-چىقىشتا كۆرسىتىدىغان كىنىشكىمۇ يوق، دەرۋازىۋەنمۇ تەكشۈرمىگەن. كىشىلەر كىرىمەن دېسە، كىرگەن، چىقىمەن دېسە، چىققان، ھېچكىم ئارىلاشمىغان. بۇنداق قالايمىقانچىلىققا مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتىم، ئەلۋەتتە، شۇڭا بىر يۈرۈش قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىش قارارىغا كەلدىم.

قاتتىق دەرۋازىۋەن تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى تەپسىلىي بۇيرۇقنى تەييارلاشقا نۇرغۇن باش قاتۇردۇم. مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بىنائەن، دەرۋازىدىن كىرىش-چىقىش كىنىشكىسى باسما زاۋۇتىدا باستۇرۇلدى ۋە ئىشچىلار، تېخنىكلار، ئىنژېنېرلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش كىنىشكا تارقىتىلدى، كىنىشكىدا شۇ كىشىنىڭ رەسىمى ۋە مېنىڭ ئىمزايىم بار ئىدى. تەييارلىقلىرىمىز پۈتكەندىن كېيىن، دەرھال كۆچكە ئىگە قىلىشنى بۇيرۇدۇم. بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك رەھبەرلىك قىلىشتا ئاساس ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزەم تەكشۈرمەكچى بولدۇم. دەرۋازا ئالدىغا بىر سائەت بۇرۇن كېلىپ، دەرۋازىۋەننىڭ ئىشىنى كۆزەتتىم. بۈگۈن دەرۋازا ساقلاش نۆۋىتى 40 ياشلاردىكى، يۈزى قىزىل، ئۆزى سېمىز ئاياللىغا — توما يەڭگىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دەرۋازىۋەن بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسا كېرەك، نۇرغۇن ئىشچىلار



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئېتىنىلا چاقىراتتى، ئۇمۇ چاققانىلا سالام قايتۇرۇپ تۇراتتى، ھەربىر ئادەمگە خۇشال كۈلۈپ مۇئامىلە قىلاتتى. كىرىش-چىقىش كېنىشكىسىنى بولسا سوراپمۇ قويمايتتى، گويا بۇنداق نەرسە زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك.

"قاتتىق قوللۇق، ئەستايىدىل ۋە تۈزۈمنىڭ سىمۋولى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. مېنىڭ بۇيرۇقۇم سەن ئۈچۈن قانۇن ئەمەسمۇ، ئاخىر؟" دەپ ئويلىدىم.

توما يەڭگىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇيرۇقۇمنى نېمىشقا ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى سورىسام، ھەممە ئادەمنى تونۇيدىغانلىقىنى، ناتونۇش ئادەم كەلگۈدەك بولسا، كىنىشكىسىنى كۆرسەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئىدى! خۇددى رەھبەرلىكتىن دانادەك، ئانداق قىل دېسەم، مۇنداق قىلمەن دەۋاتقىنىنى.

جۇدۇنىم تۇتتى. ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن، ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدىم:

— ھېزى بول، بولمىسا، دەرۋازىدىن ئايرىلىسەن.

— ئوقتۇم، — دېدى ئۇ جاۋابەن ۋە شۇ زاماتلا دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىۋاتقانلاردىن "كىنىشكىڭىز قېنى؟" دەپ سورىغىلى تۇردى.

— ۋاي توما يەڭگە، نېمە بولدىڭىز؟ بىز مۇشۇ زاۋۇتنىڭ ئادەملىرىغۇ، تونۇيالماي قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— تونۇشنىغۇ تونۇدۇم، بىراق، كىنىشكىسى يوقلار دەرۋازىدىن كىرىمەن دەپ خىيال قىلمىسۇن!

www.uyghurkitap.com

— كىنىشكام ئۆيدە قاپتۇ. ئەتە ئەكىلەي.

— ئەمىسە، ئەتە كىرىڭ.

— بۈگۈن ئىشلەيمەن ئەمەسمۇ.

— تېلېفون بېرىپ، بىر قېتىمغىلا ئىشلەيدىغان كىنىشكىدىن بىرنى ئېلىڭ.

بىردەمدىلا دەرۋازا تۈۋىگە 15 — 16 ئىشچى يىغىلدى، ئۇلار ئۇغرىسى قايناپ، يېڭى تۈزۈمنى ھە دەپ تىللايتتى.

"ھېچ ۋەقەسى يوق، يەنە بىرەر ـ ئىككى سائەت تۇرساڭلار، ئىشقا كېچىكىپ كەلدى، دەپ تىزىملاپ قويساق، ئاگاھلاندۇرۇش ياكى جازا بەرسەك، شۇ چاغدا سىلەرگە ئەقىل كىرىدۇ" دەپ ئويلىدىم مەن.

ماڭا توما يەڭگىمۇ ئىشچىلارغا ئوخشاش تىت ـ تىت بولۇۋاتقاندەك سېزىلدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دەرۋازا تۈۋىدىكى ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، ھېچكىمنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇپ باقمىغانىدى، ھازىر ئۇلارنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ! ئىشقا كېچىكىپ قالدىغان بولدۇق دەپ، ئۇلار ئالدىرىشاتتى، توما بولسا كىبىر بىلەن سۆزلەيتتى:

— ھوي، كىنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ!

"ھېچقىسى يوق، — دەپ ئويلايتتىم مەن، — ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا ئاۋال ئۆزەڭ ئادەتلەن، ئاندىن باشقىلارغا تەلەپ قوي. سەن نۆۋەتچى بولغاندىكىن، يەنە كېلىپ مائاش ئېلىۋاتقاندىكىن، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقساڭ بولىدۇ ـ دە..."

يەنە بىردەم تۇردۇم. دەرۋازا قېشىدا ئادەم قالمىغانىدى. ئەمدى رەتكە چۈشتى، بۇ بەلەن بولدى، دەپ ئويلىدىم.

— مۇشۇنداق قىلىش كېرەك! — دېدىم مەن زاۋۇتقا كىرىۋېتىپ توما يەڭگىگە.

— بىلدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەچ يولۇمنى توستى ئۇ ۋە جىددىي تۇستە سورىدى، — سىزنىڭ كىنىشكىڭىزچۇ؟

— شۇمۇ گەپمۇ! مەن دېگەن زاۋۇت باشلىقى تۇرسام!

— دەرۋازا تۈۋىدە مانا مەن زاۋۇت باشلىقى، — دېدى توما يەڭگە ۋە تېخىمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى، — سىزنىڭ كىنىشكىڭىز قېنى؟

— بەك باشباشتاق بولۇپ كېتىپسەنغۇ! — دېدىم ئاچچىقلاپ.

— ۋارقىرىماڭ، — دېدى ئۇ ۋە بىلىكىمدىن تارتىپ دەرۋازا سىرتىغا ئېپچىقىپ قويدى، — كىنىشكىڭىز يوق تۇرۇپ دەرۋازىدىن بىر چامداممۇ ئاتلايمەن دېمەڭ!

— بۇنداق ئەخمەقانە چاقچاق قىلمىساڭچۇ!

— چاقچاق قىلىدىغانغا چولام يوق. ماڭا كىرىش-چىقىش كىنىشكىسىنى كۆرسەتكەنلەرنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن.

دەرۋازىۋەن تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەن زاۋۇت باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە كۆرۈلگەن بىرىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى تەدبىر بولدى، باش ئىدارە ئاخىر مېنىڭ زاۋۇت دەرۋازىسىدا كۆلەڭگە قالغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ، خۇددى تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك، مېنى سۈپۈرۈپ چىقاردى.

بۇ قورقۇنچلۇق زەربە بولدى. ئۆمرۈمدە "قانچە ئېگىزدىن يىقىلساڭ، شۇنچە چېك چۈشىسەن" دېگەن سۆزنىڭ نېمىلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلدىم. ئۇلىيانىڭ زاۋۇت باشلىقى بولغىلى ئۇنىمىغىنى

www.uyghurkitap.com

دېگەن سەممىي نەسىھەتى ئىختىيارسىز ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، خىجالەتچىلىكتە ئۆزەمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. بۇ ئىشنى ئۇلىياغا ئېيتتىم، ئەمدى يۈزۈمگە ئىككىنچى قارىمايدىغان بولدى دەپ ئويلىۋىدىم، بىراق ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مېتىنكا! ئادەمنىڭ بېشىغا بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈنلەر كېلىدۇ. بۇ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، ھەتتا قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ ئاددىي ئىشچى بول دېگەن تەكلىپىنىمۇ بەردى.

— ئويلاپ باقاي، — دېدىم مۇجمەل جاۋاب بېرىپ. دېمىسىمۇ بىرپەس ئويلاندىم، لېكىن مەن باشقا بىر ئىشنى: رەھبىرىي خىزمەت ئۆتەيدىغانلا بولسام، نەگە بېرىپ ئىشلىسەممۇ ئوخشاش، دېگەننى ئويلانغاندىم.

## 5. تەلەيسىزنى ئەرۋاھمۇ بوزەك قىلىدۇ

مېنىڭ ئىشسىز قالمايدىغانلىقىم ئۆز-ئۆزىدىنلا مەلۇم، چۈنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھەممىلا يەردە ئادەمگە ئېھتىياج چۈشمەكتە. بىراق، ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىدىغانلارغا ئېھتىياج چۈشۈۋاتىدۇ، مەن بولسام تۈزۈك ئەمەل تۇتسام دەپ ئويلايتتىم، شۇڭا، كىشىلەر ماڭا، كۆپىنچە، باشقىچە قارايتتى: مېنى نېرۋىسى چاتاق دەپ، كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن مېنى يولغا سالماقچى بولاتتى. ئەمما، جاھاندا ياخشى ئادەم-

لەرنىڭ بارلىقى ماڭا مەلۇم بولغاچقا، مەقسەتكە يەتمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ھېلىقى كۈنى 21-ئورۇنغا باردىم، بۇ ئورۇننىڭ نامى غەلىتە ئىدى: "سانائەت، مەدەنىيەت، تۇرمۇش قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش، سەپلىمىلەرنى قۇراشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى". مەن يېڭى تاكتىكا قوللىنىپ، ئىدارە باشلىقىغا:

— سىلەرنىڭ ئىدارىدەك چوڭ، ئابرويلۇق ئورۇندا ئىشلەشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، يەنە كېلىپ سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە ئىشلەشنىلا خالايتتىم، سېرگىي كارپوۋىچ، — دېۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بېرىپتىمەن.

— كۆڭلىڭىز چۈشىنىشلىك. بىراق، شتاتىمىز توشۇپ قالغانىدى.

— بەزىلەرنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدىغاندۇ؟ بۇ ئىدارىنى كادىر يېتىشتۈرىدىغان چوڭ مەش، دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — دېدىم.

سېرگىي كارپوۋىچ بۇ ياغلىما گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال جانلىنىپ كەتتى، ئۇ خۇشاللىقىدا لەززەتلىنىپ سۆزلىدى:

— توغرا ئېيتتىڭىز. ھازىرقى بىرمۇنچە داڭلىق كىشلەر رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بىزدە تازا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، — ئاندىن ئۇ ماڭا ئۇنچە ئادەمنى ئېتىنى ئاتاپ ساناپ بەردى، كېيىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى، نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى سورىدى.

مەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۇنىڭغا كەمتەرلىك ۋە خىجىللىق بىلەن دەپ بەردىم، بولۇپمۇ ياش چېغىمدىن تارتىپلا ئۆزەمدە رەھبىردي خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارىنى مەقسەتلىك ھالدا يېتىشتۈرگەنلىكىمنى تەكىتلىدىم.

www.uyghurkitap.com

— بۇنىسى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى سېرگېي كارپوۋىچ مېنىڭ گېپىمگە ئۇلاپلا، — خېلى سوّلەتلىك ئىكەنسىز، ئاۋازىڭىزمۇ ياڭراق چىقىدىكەن، باشلىق بولغۇدەك سالاپىتىڭىز بار ئىكەن. خوش، قانداق ۋەزىپىلەردە بولغانىدىڭىز؟

راستىمنى ئېيتسام مەقسىتىمگە يېتەلىشىم ناتايىن، ئازراق يالغان چىلىق قىلغىنىم تۈزۈك بولار، دەپ ئويلاپ، مۇنداق دېدىم:

— دەسلەپتە ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىدە باشلىق بولغان. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى دەپ قوغلىۋېتىشتى.

— نېمە بولغان، ئىشتىن چاتاق چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ؟

— چىقىرىپ قويدۇم. ئىشتىن چاتاق چىقىرىپ قويدۇم. مۇندىن كېيىن قارا مېتاللار زاۋۇتىغا باشلىق بولدۇم، ئۇ يەردىنمۇ بوشىتىلدىم.

— ئوخشاش سەۋەب بىلەنمۇ؟

— ھەئە.

— مۇنداق دەڭ.

"بۇ بوۋاي ئىندەككە كەلدى" دەپ ئويلىدىم خۇشال بولۇپ، ئاندىن يېقىنقى بىر قېتىملىق ئەھۋالنى راسا سۆزلەپ بەردىم.

— بۇنىڭدىن بىرەر تەجرىبە-ساۋاق ئالدىڭىزمۇ؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى سېرگېي كارپوۋىچ.

— ئەلۋەتتە! — دېدىم جاۋابەن، — بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغۇچىلارغا بوش كەلمەيمەن، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇنداقلارنىڭ دەككىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بېرىمەن. مېنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلارنى بىلىپ قالسام، دەرھال ئىشتىن بوشىتىمەن، بولمىسا، ئۆزەم ئىشتىن بوشىتىلىمەن-دە...

— توغرا ئېيتتىڭىز. سۆزىڭىزدىن ئوبدان چېنىققانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئىشقىلىپ مەقسىتىمگە يەتتىم: سېرگېي كارپوۋىچ مېنى ئۆزىگە مۇئاۋىن قىلىۋالدى.

يېڭى خىزمەت تاپقانلىقىمنى ئولىياغا خۇش خەۋەر قىلىپ ئېيتىۋىدىم، ئۇ ياقىلاش تۇگۇل، ئاچچىقلاپ كەتتى. ئەمدى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانلىقىمنى، ئۆتكەنكى خاتالىقتىن ساۋاق ئالىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا قايتا-قايتا چۈشەندۈردۈم.

— مەيلى، ئىختىيارىڭ، — ئۇ ئاخىر قوشۇلدى، ئەمما ئاخىرىغا قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشقا باپ ئەمەسلىكىڭنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىسەن...

يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. رەھبەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ ئورۇندىكى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا، تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدىم. ئاۋال بۆلۈملەرگە بېرىپ، خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. بۇيرۇش-پىلان تۈزۈش بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىغا قارىسام، ئوھوي، ئىشخانىنىڭ ئىچى بازار بولۇپ كېتىپتۇ. نېمە يىغىن ئېچىۋاتقاندۇ، دەپ قاپتىمەن، ئەمەلىيەتتە، نەدە يىغىن بولسۇن، تالاش-تارتىش بولۇۋاتقانىكەن، بەزىلەر ”كېلات“ كاماندىسى قالتىس دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ قاراشقا قاتتىق قارشى چىقاتتى. كەلگىنىمنى ھېچكىم سەزمىدى. تالاشسۇن، مۇنازىرىلەشسۇن، ھەقىقەت مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن ئايدىڭلىشىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى بىردەم كۆرۈپ كېتىپ قالدىم.

قۇرۇلۇش سەپلىمىلىرى بۆلۈمىدىمۇ مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— بىلىپ قوي، "ژىگۇل" ھەممىدىن ياخشى پىكاپ! — دەپ ۋارقىرايتتى بىرى.

— جۆيلۈمە! — دەيتتى يەنە بىرى.

ھەقىقەت مۇنازىرىلەشكەنسېرى ئايدىڭلىشىدۇ-دە، دەپ ئويلاپ، يەنە بىر بۆلۈمگە كەتتىم. مەن بارغانلىكى بۆلۈمدە كەسكىن مۇنازىرىلەر بولماقتا ئىدى. بولدى، تامىقىمنى يەۋېلىپ، چۈشتىن كېيىن كۆزدىن كۆچۈرەي، ئالدىراپ نېمە كەپتۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئەمما، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنمۇ، ئەتىسى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بۆلۈملەردىكى مۇنازىرىلەر جىمىقمىدى، جىمىقىش تۈگۈل بارغانسېرى قىزىپ كەتتى، كوچىدا كېتىۋاتقانلار: بۇلار ئۇرۇشۇۋاتامدۇ نېمە! دەپ يولىدىن توختاپ قارايدىغان ھالغا يەتتى.

ئىدارىمىزدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇرلاپ بىلگەنسېرى، بۇلار قاچان خىزمەت قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالدىم.

ئىدارىدە تۇيۇقسىزلا "توي بولىدىكەن!" دېگەن خەۋەر تارقالدى.

چىرايىدىن شادلىق يېغىپ تۇرغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر پات-پات كارىدوردىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

— كىمنىڭ تويى بولىدىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

— مىسيا كىشكىنىنانىڭ، — دېيىشتى كىشىلەر.

— سوغا-سالام ئۈچۈن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پۇل چىقىرىدىكەن-دە؟

— پۇل چىقارمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ كىشكىنىنانىڭ ئۈچىنچى قېتىم توي قىلىشى.

— ئۇچىنچى قېتىم؟ ئۇنداق بولسا، ئەل-جامائەت نېمىشقا بۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ؟
— بەلكىم بۇ نۆۋەت ئوبدان ئادەمگە تېگىدىغاندۇ...
ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن ئىدارە يەنە تەۋرەپ كەتتى.
— ئۇتۇپتۇ! — دېگەن ئاۋازلار تۇرۇپ بىنانىڭ بۇ چېتىدىن، تۇرۇپ بىنانىڭ ئۇ چېتىدىن كېلىشكە باشلىدى.
— پىكاپ ئۇتۇۋاپتۇمۇ؟ كىم ئۇتۇپتۇ؟ — سورىدىم مەن.
— نەدىكىنى! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — ئىۋان پروروكوۋ داۋادا ئۇتۇپ چىقىپتۇ. ئانىسىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆي ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ بىر يىلدىن جىق ۋاقىت داۋالاشتى. قاراڭ، ئۆيىنى ئاپتۇ! ئەمدى ئۇنى "يۇيايلى"...
كۈلكىنىڭ يىغىسى بار دېگەندەك، پروروكوۋ بىچارە ئانىسىدىن ئۆي ئالغان غەلىبىسىنى مۇبارەكلەشكە ئۇلگۈرمەيلا، ئىدارىغا توساتتىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلدى. بۇ ئۆمەكنى مىنىستىرلىكتىن ئەۋەتىپتۇ دەڭا! تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر كېلىپلا ھۆججەتلەرنى كۆردى، كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، خىزمەت ئەھۋالىمىزنى تەكشۈردى، بىر ئايچە شاپاشلاپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى پاش قىلدى.
تەلەيسىزنى ئەرۋاھمۇ بوزەك قىلىدۇ دېگەن گەپ مەن ئۈچۈنلا ئېيتىلىۋىدىمىكىن. مەن تېخى خىزمەتكە رەسمىي كىرىشمەي تۇرۇپلا، ئىدارىمىزنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى.
قېرىشقاندەك، دەل مۇشۇ چاغدا ئولىيا بىلەن يەنە غىژ-غىژلىشىپ قالدىم. بىركۈنى، ئولىيا مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەمنى سوراۋەردى، مەن: ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان دەپ ساڭا نۇرغۇن قېتىم

ئېيتقان ئىدىمغۇ، دېدىم.

— سەن قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟

— ئون بىرىنچى يىللىقنى پۈتتۈرگەن①.

— ئەمىسە، نېمىشقا "ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان" دەيسەن؟

— ئون بىرىنچى يىللىقتىن يۇقىرىسى بولمىغاندىكىن.

ئولىيا بۇ گېپىمگە ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ قويىدى-دە، گەپ قىلمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، ماڭا: ئىشتىن چۈشكەندە بىكار بولغاندىكىن، كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا بىرىپ ئوقۇساڭ ئوبدان بولاتتى، دېدى. مەن جېنىمنىڭ بېرىچە رەت قىلدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇردى، شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تۇنجى قېتىم يىرىكلەشتى.

## 6. سىركە قۇيغان خام سەي تەملىك بولىدۇ

"بالا-قازادىن بەخت-سائادەت چىقىدۇ، بەخت-سائادەتكە بالا-قازا يوشۇرۇنىدۇ" دېگەن سۆز ماڭىمۇ باپ كەلدى. كىتابخان، ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭچۇ. ئولىيا بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن ئۇزاق ئۆتمەي، بەخت-سائادەت ماڭا قاراپ كۈلۈپ كەلدى: تۇيۇق-سىزلا، ئىدارە باشلىقىمىز سىرگىي كارپوۋىچ باش ئىدارىگە يۆت-كەلدى، مەن مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندىم، بۇ

---

① سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر (باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ) ئادەتتە سەككىز يىللىق، ئون يىللىق بولۇپ، ئون بىر يىللىقلىرىمۇ بار.

كۆتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى. ”ئولىيا نېمىشقا مېنى كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغىن دەپ تۇرۇۋالدۇ؟ كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرسەم قانچىلىك ئىستىقبالىم بولاتتى؟ ئادەتتىكىلا بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ شۇ، ئەمما مەن... بولىدىلا، ئايال كىشى دېگەن بەرىبىر ئايال كىشى-دە!“ دەپ ئويلىدىم.

ۋەزىپەم ئۆسكەندىن كېيىن، دەسلەپتە خۇشاللىقىمدا ئولتۇرالماي قالدىم، بۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىشىمگە ناچار تەسىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىدارىدىكى ئەھۋاللاردىن دەرھال ھوشۇمنى تاپتىم: بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كېتەتتى، مۇشۇنداق باش قېتىنچىلىقىدا خۇشال بولىدىغانغىمۇ چولام تەگمەيتتى. ئولىيانىڭ سۆزى توغرا، كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى راستلا ئارتىۋالمىسام بولغانىكەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— سىركە قۇيغان خام سەي تەملىك بولىدۇ، مىجەزى كەسكىن رەھبەر غەيرەتلىك بولىدۇ.

ئولىيانىڭ مېنى بوشاڭ دەپ دارىتمىلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

دەسلەپتە ئاچچىقلىنىپ يۈرۈپتىمەن، ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا بېشىمنى چاڭگاللاپ، قاتتىق كېسەل بولغان ئادەمدەك ۋايساپ كەتتىم:

— ئەخمەق!...قىپقىزىل ئەخمەق. خاتىرجەم ئىشلەۋەرسەم بولىدىغان ئادەم تۇرۇپ، نېمىشقىمۇ بىر ئىدارىنىڭ يۈكنى شىللەمگە ئارتىۋالغاندىمەن. ئەمدى جامائەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش كېرەك-تە...

ئالايلۇق، مۇپەتتىش ۋىرخوۋنىڭ ھاراق پۇراپ يۈرگىنى يۈر-

گەن. ئۇنى چاقىرتىپ سۆزلەشسەم، يۇۋاشلىق، سىپايىلىك بىلەن:
خاتا قىپتىمەن، ئىككىنچى ھاراق ئىچمەيمەن، دەيدۇ. ئەمما، بىر
كۈن ئۆتۈپلا يەنە ئىچىدۇ... قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر ياقلىق
قىلماي بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ، بولمىسا، ئىچۈۋېرىدۇ ئەمەسمۇ.
ئۇنى جازالاش كېرەكمۇ؟ ئۇ ئون نەچچە قېتىم جازالاندى. ئىشتىن
بوشىتىش لازىممۇ؟ ئۆيىدە نوپۇس جىق، ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە
ئادەمنىڭ كۆڭلى بارمايدۇ.

— قارىمامدىغان بۇ چېگىشلىكنى، — دەپ ئىڭرىدىم، — يەنە بىر
مەرتەم سۆزلىشىپ كۆرەي.

شۇنداق قىلىپ، مۇپەتتىش ۋىرخوۋ ئالدىمدا يەنە بىر قېتىم
ھازىر بولدى. ئۇ ھاياسىز كۆزلىرىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ماڭا
تىكەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، يولداش ۋىرخوۋ...، — دېدىم.

— كىرىشكە رۇخسەتمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز چىقىپ، ئىشخانىغا
قاتتىق قول دەپ نام چىقارغان بۆلۈم باشلىقى چېرداكوۋ كىرىپ
كەلدى، — سىلەرگە دەخلى قىلمايدىغاندىمەن؟

— ئولتۇرۇڭ، يولداش چېرداكوۋ، — دېدىم، ئاندىن ۋىرخوۋغا
قاراپ سۆزلىدىم، — بۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ، ۋىرخوۋ؟ بۇرناكۈن
ۋەدە بېرىپ چىقىپ كېتىپ، تۈنۈگۈن يەنە...

— ۋەدىسى تۈگمەيدۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى چېرداكوۋ.

— قاراڭ، يولداش ۋىرخوۋ، بۇ سەت ئەمەسمۇ. بۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنداق قىلماڭ...

— قىز بالىغا نەسىھەت قىلغاندەك نەسىھەت قىلىپ ئېغىزنى
ئۇپراتقىچە، خىزمەتتىن چىقىرىۋەتسىلا بولىدى! — دېدى چېرداكوۋ

مۇپەتتىشكە قادىلىپ تۇرۇپ، مۇپەتتىش ئىختىيارسىز شۇمشەيدى.

— ئېھتىمال، ئۇ تۇزەتسىچۇ؟ ئۇنى قاچان ئىشتىن بوشىتىمىز دېسەك بوشىتالايمىز، بۇ ھوقۇق بىزدە، — دېدىم مەن.

— مەيلى، — دېدى چېرداكوۋ يۇمشاپ، — تۇزىلىشكە يەنە بىر نۆۋەت پۇرسەت بېرەيلى. ۋىرخوۋ، تىل خەت يېزىپ بېرىڭ.

— شۇنداق، يېزىپ بېرىڭ، — دېدىم چېرداكوۋنىڭ غەرىزىنى زادىلا بىلمىسەممۇ سۆزىنى ياقلاپ.

— نېمە تىل خەت يازىدىكەنمەن؟ — سورىدى مۇپەتتىش نېمە بولغىنىنى بىلمەي.

— شىرەنىڭ يېنىغا كەل، — بۆلۈم باشلىقى رەت قىلىپ بولالمايدىغان تەلەپچۈز بىلەن بۇيرۇدى، — مانا قەغەز، يەنە بىر مەرتەم ۋەدە بېرىمەنكى، ئىشقا مەس كەلسەم، ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرمايلا، دەرھال ئىشتىن بوشىتىۋەتسە غىدىڭ-پىدىڭ دېمەيمەن، دەپ ياز.

— دۇرۇس، ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرمايلا، — بۆلۈم باشلىقىنىڭ غەرىزى ماڭا ئەمدى ئايان بولغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدىم، — شۇنداق يېزىڭ. بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ يېزىڭ.

"بۇ بۆلۈم باشلىقى قابىل ئىكەن! — دەپ ئويلىدىم خۇشال بولۇپ، — مۇشۇنداق ئىختىساسلىق ئادەملەر تۇرغاندا، بىر ئىدارە تۈگۈل، بىر مىنىستىرلىكنىمۇ باشقۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

ۋىرخوۋ دەرھاللا بىر تىل خەت يازدى. چېرداكوۋ ئوقۇپ بولۇپ ماڭا بەردى-دە، سۇرلۇك قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىردىنلا ۋارقىراپ-جارقىراپ تەنبىھ بەرگىلى تۇردى:

— ھۇ مۇتتەھەم! ۋىجدانسىز! بۇ قېتىممۇ ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈپ كەتتىم دەپ ئويلىما. سەندەك ئادەمچۇ، جەم ئىسىتىمىز ئۇچۇن

ھاقارەت! سىنى ئەمگەك ئىنتىزامىنى بۇزغان تۈزەلمەس ئۇنسۇر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك! — چېرداكوۋنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئىشخانىنى بىر ئالدى.

قورقۇنچلۇقتا ۋىرخوۋنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ چېرداكوۋنىڭ بىر تەستەك سىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، چېرداكوۋغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قوياتتى. چېرداكوۋنىڭ گېپى تۈگە-تۈگمەيلا، ئۇ ئىشخانىدىن بەدەر تىكىۋەتتى.

"بۆلۈم باشلىقى ئىقتىدارلىق ئەزىمەت ئىكەن!" دەپ ئويلىدىم ۋە چېرداكوۋغا دېدىم:

— ئەدىبىنى ئوبدان بېرىپ قويدىڭىز، يولداش چېرداكوۋ!

— بۇنداق ئەبلەخقە مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، بولمىسا، يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگمەس دەپ، ئەتىسى تۈگمەيدۇ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ.

چېرداكوۋنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. قول ئاستىمدا مۇشۇنداق پرىنسىپچان، قابىل كىشىنىڭ بولغانلىقىغا ئىچىمدە خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ ياردىمى نىمىدېگەن زور، سۆھبەتكە بەلگىلەپ بەرگەن مۇقامى نىمىدېگەن توغرا، ھە! بەك بەلەن بولدى! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى خالىغان چاغدا ياردەمگە چاقىرسام بولىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىرەركىمنى تەنقىدلىمەكچى بولسام، تەنقىدلەنگۈچىگە قوشۇپ چېرداكوۋنىمۇ چاقىرتىش ئادىتىم بولۇپ قالدى. بۇنداق تەربىيە خاراكتېرلىك سۆھبەتنىڭ ئۈنۈمى ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە بولدى: خاتالىقلار يۈزتۇرانە تۈزىتىلدى، ئىدارىدە ئىنتىزام چىڭىدى، خىزمەتمۇ يۈرۈشۈپ

كەتتى، دېيىشكە بولاتتى. مەن ھەتتا: "ئىدارە باشلىقى بولۇپ رەسمىي تەيىنلەنسەملا، چېرداكوۋنى ئۆزەمگە مۇئاۋىن قىلىۋالىمەن. مەن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتىمەن، ئۇ كىشلەرنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى تۇتىدۇ" دەپ ئويلىغاچ ئىشخانىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا ماڭدىم. "ئۇ ماقۇل دەرمۇ؟ ماقۇل دەر، ئۆستۈرگەندىكىن ماقۇل دەر. نېمىلا دېگەن بىلەن، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ-دە."

ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدۇم ۋە كاتىپ قىزغا چېرداكوۋنى چاقىرىشنى ئېيتتىم.

— ئىشقا كەلمىگىلى ئىككى كۈن بولدى، — دېدى قىز جاۋابەن، — مەس بولۇپ يېتىپ قاپتۇمىش.

— چېرداكوۋما؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

"نېمە قىلغىنى بۇ؟ باشقىلارغا شۇنچە قاتتىق قول ئادەمنىڭ... مۇئاۋىنىم قىلىۋالىمەن دەۋاتسام تېخى..." پىكرىم قالايمىقانلىشىپ، سەۋەبىنى شۇنچە ئويلاپمۇ تاپالمىدىم.

ئەتىسى سەھەردە ئىشخانىغا كىرىپ تۇرسام، چېرداكوۋ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى، گۇناھ-ئەيىب مەندە، جازالاڭ، دەپ بېشىنى سىلىپ ئالدىمدا تۇردى.

ئايلانما ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، شىرەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بۇ سەپدىشىمغا ئۆلۈككە قارىغاندەك ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قارىدىم، قانداق ئېچىنىشاتقانلىقىمنى قانداقىسىگە ئىپادىلەشنى بىلمەيتتىم.

— نېمە ئىش بۇ، دوستۇم...، — ئاخىر ئېغىز ئاچتىم.

— زادىلا قاملاشمىدى! — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈم تۈگىمەيلا بۇرۇنقىدەك سۆز ئارىلاپ، — ئادەمنىڭ ھۆ بولغۇسى كېلىدۇ! ياۋىدلىق، نادانلىق دېسىمۇ بولىدۇ! قاراپ تۇرۇپ ئىككى كۈن ئىشقا

كەلمىدىم! ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنمەن... سىزگە قىيىن بولدى، سۆيۈملۈك دىمىترىي فومىچ. شۇنداق، مەن سىزنى رەھ-بىرىم، شەپقەتچىمنى تەسچىلىكتە قالدۇردۇم. مەن نېمىشقا بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدىم؟ ماڭا بۇ ھوقۇقنى كىم بەردى؟ كىم بەردى ھە؟ ھېچكىم! مەن راستتىنلا ئۇششۇق، ۋىجدانسىز ئىكەنمەن!

چېرداكوۋ بىر تىنىۋېلىپ، ئىششىق كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە، بۆلۈم باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرىكى مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

— ئۇيدان ئىشلىشىم كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىراق، ئۇنداق قىلالمىدىم، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىم...

ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ تۇراتتى، ئىككى خىيال بولۇپ سول تەرەپكە ئىككى چامدام ماڭدى-دە، ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغاندەك، بىرىپلا مېنىڭ ئايالىما ئورۇندۇقۇمغا ئولتۇرۇپ قالدى.

مەنمۇ بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

— نېمىشقا مەس بولۇپ قالدىم؟ — سورىدى چېرداكوۋ، — بۇ تاسادىپىي بولۇپ قالغانمۇ؟ ياق، ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئىدارىمىزدا ئەھۋال نورمال ئەمەس: ئىنتىزام بوش، تەلەپ بوش، شۇڭا ئادەملەر يامان ئۆگىنىپ قالغان، — چېرداكوۋ بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، شىرەنى دۈككىدە مۇشتلىدى ۋە ۋارقىراپ كەتتى، — قانداق قىلىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەيلىگە قويۇۋېتىمىزمۇ؟! ياق، بەس! بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان پەيت كەلدى! يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ...

ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئىشخانى-

دىن چىقىپ كەتتىم.

## 7. ئورنۇمنى تاپتىم

قاچانغىچىلىك ئىدارە باشلىقى بولىدىغانلىقىم، قانچىلىك تىل-ھاقارەت بولىدىغانلىقى، بوشاڭلىقىم ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىم نامەلۇم ئىدى. ۋەھالەنكى، ھايات ئۆز يولىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممىدىن يەكۈن چىقاردى.

بىزنىڭ ئىدارىنى ھاجەتسىز دەپ تارقىتىۋەتكۈدەكمىش، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەس-ھەيران قاپتىمەن. دەسلەپتە، مېنى باش ئىدارىغا يۆتكەيدۇ، باشقا ئەمەلگە قويىدۇ، ھەتتا ئۆستۈرۈشى مۇمكىن، ھەر ھالدا مەن دېگەن رەھبەر تۇرسام، سوغۇق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك، دەپ ئىشىنىپلا يۈردۇم.

بىراق، كۈنلەر سوتكىلاپ ئۆتۈۋەردى، ئىدارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر — ئاساسلىقى ئىنژېنېرلار باشقا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بەزىلىرى زاۋۇتقا بۆلۈندى، ئەمما، نېمىشقىدۇ، مېنى ئەتەي ئۇنتۇپ قېلىشقاندى.

باش ئىدارىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغان، ھەتتا تەلەپمۇ قويغان بولسامۇ، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىدىم. باش ئىدارىدىن ھەتتا، مۇۋاپىق ئورۇن تاپالمىدۇق، ئۆزى خىزمەت تاپسۇن، دېگەن گەپمۇ كەلدى. بىرنەچچە ئورۇنغا بېرىپمۇ باقتىم. لېكىن، ئارخىپىمنى بۈگۈن بۇ ئورۇن ۋاراقلاپ بېقىپ، ئەتىسى ئۇ ئورۇن كۆرۈپ بېقىپ، ئۈچىنچى ئورۇن تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ بېقىپ،...ئاخىردا ئۆزەمگە قايتۇرۇپ بەردى. نېمىشقا شۇنداق

قىلدۇ؟ ئالىي مەكتەپ دىپلومى يوقكەن دەيمىش. ئىلگىرى بۇنداق كىچىك ئىشلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى، ئەمدى ھەممىيلەن دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلىيانىڭ مېنى ئوقۇغىن دېگەن سۆزى بەك توغرا ئىكەندۇق. ھاماقەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەپتىمەن. ئەمدى ئىشسىز قالدىم، شۇنداقلا قىزسىز قالدىم، ئاشۇنداق ئوبدان قىز مەندىن يىراقلاشتى! يېقىنقى كۈنلەردە ئۇلىيا قىسما-قىسما باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدىغۇ ئاران-ئاران چىداپ يۈرەتتىم، ئەمدى...

ئازابلىق خىيالغا پاتتىم: "قانداق قىلىش كېرەك؟ نەگە بارىمەن؟ بۇنداق بولارىمنى، يەنە كېلىپ دەل يېڭى يىل ھارپىسىدا بۇنداق بولارىمنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن...ھازىر، ھەممە ئادەم خۇشال-خۇراملىق بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى، ھالبۇكى، مەن ..."

ئىچىم پۇشۇپ، پىكرىم چېچىلىپ كەتتى. بىرەر يۈز گرام قېقىۋېتىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي، ئىچىۋالسام سەل يېنىكلەپ قالارمەن، دەپ ئويلاپ، بىر كىچىك دۇكانغا كىردىم-دە، ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ھاراق ئىچىۋەتتىم. ئەمەلدىن قالغىنىمنى ئويلاۋەرسەم، غەم-غۇسسىدىن قۇتۇلالمايمەن، پىكرىمنى باشقا ئىشقا بۆلسەم بولاتتى، ئۇنداقتا، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم، دەپ ئويلىدىم. بىراق، نېمە قىلىشىم كېرەك؟

بۇرۇن، ھاراق ئىچىۋالسام كۆڭۈل-كۆكسۈم ئېچىلىپ، يايراپ كېتەتتىم-دە، ئاغىنە-بۇرادەرلەر بىلەن پاراڭلاشقۇم، چاقچاقلاشقۇم كېلەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ قالدىم، كاللامغا بىردىنلا:



www.uyghurkitap.com

روژدېستۋو بوۋاي قىياپىتىدە ئۇلىيانىڭ قېشىغا بارسام قاندا ق بىرلار؟ كىيىمنى تىياتىرخانىدا كىيىم ـ كېچەك باشقۇرىدىغان تونۇشۇم سوفىيا ـ دىن ئۆتۈنە ئالسام بولىدۇ. ئۇلىياغا بەرگىلى ئازراق سوغا ـ سالام ھازىرلىسام، ئۇ مېنى كۆرۈپ، ھەيران قالار! دېگەن خىيال كەلدى.

دۇكاندىن بىر بوتۇلكا ھاراق، ماگىزىندىن يوغان بىر تۆرت سېتىۋالدىم ـ دە، سوفىيانى ئىزدەپ تىياتىرخانىغا باردىم.

بىردەمدىلا روژدېستۋو بوۋاينىڭ كىيىمنى كىيىپ، خۇشال ھالدا قايسىبىر ناخشىنى غىڭشىپ، كوچىدا ئىنگاكلاپ ماڭدىم.

يولۇچىلار ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، مېنى مۇبارەكلەيتتى، بىر ئادەم تېخى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ـــ يولداش روژدېستۋو بوۋاي! توختاپ تۇرۇڭ! ـــ دەپ گەپ قىلغاچ قولۇمدىن تۇتۇۋالدى، ـــ سۆيۈملۈك بۇرادەر، ياردەم قىلسى ـ ڭىز چۇ!

ـــ نېمىگە ياردەم قىلىمەن؟

ـــ ئاڭلاپ تۇرۇڭ، بىزنىڭ ماگىزىن يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن قارىغاي سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى ئىدى، بىزدە دەل روژ ـ دېستۋو بوۋاي كەملىك قىلىپ تۇراتتى، مېنى سەن بىر بوۋاي تېپىپ كەل دەپ ئەۋەتكەن. ھەممە تىياتىرخانىلارغا بېرىپ باقتىم، زادىلا تاپالمىدىم! باشقا جايلار تەكلىپ قىلىپ ئەكېتىپتۇ. بىر ياردەم قىلسىڭىز، ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويسىڭىز!

ئۆزەمنى بىر كۆرسىتىپ قويای، كۆپرەك يالۋۇرسۇن، دېگەن ئوي بىلەن، بىرسىنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن، مانا ھازىر ۋاقىت توشۇپ قالدى، دېدىم.

ـــ بېرىپ، بىر مىنۇت تۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ مەيلى. سىزدىن

ئۆتتۈنەي! يىراق ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ شۇ، يېنىمىزدىلا.
— بولمايدۇ. كېچىكىپ قالىمەن.
بۇ چاغدا ئۇ تاراقلىماچ تېزىدىن بىر سىقىم چىقىرىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:
— بۇ ھەققىڭىز بولسۇن، 25 رۇبلى پۇل، ئاز كۆرمەي ئېلىڭ...، — دېدى.
بۇ كىشىنىڭ پۇلىنى ئالمىدىم، ئەمما: بۇ ئادەمگە ياردەم قىلىپ قويسام نېمە بوپتۇ؟...دەپ ئويلاپ قالدىم. ھەي، مەيلى ئەمەسمۇ، ئويۇن كۆرسەتسەممۇ مەيلى-دە، دېگەن ئوي كاللامغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا دېدىم:
— ماقۇل. ئەمىسە ماڭايلى.
— سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت! — دېدى ھېلىقى ئادەم ۋە مېنى بىر ماگىزىنغا باشلاپ كىردى.
كەيپ بولۇپ قالمىغان بولسام كەلمەسمىدىمىكىن، ئازراق ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. كېتىۋېتىپ، روژدېستۋو بوۋاينىڭ رولىنى قانداق قىلسام ئوبدان ئېلىپ چىقارمەن، بۇرۇن ھېچقاچان بۇ رولدا چىقمىغان، دەپ ئويلىدىم. ئويلا-ئويلا، بۇ چاغلىق ئىشقۇ، دېگەن يەرگە كەلدىم ۋە بىر كۇپلېت شېئىرمۇ تەييارلىۋالدىم.
ھېلىقى ئادەم مېنى چوڭ زالغا باشلاپ كىردى، زالدا يېڭى يىلغا ئاتاپ تەييارلانغان رەڭگارەڭ بېزەلگەن قارىغاي ۋاللىداپ تۇراتتى. مۇزىكا توختاپ، زالدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى.
بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئادەملەر ئارىسىدىن مۇدەنگۈلدەك رەڭدار، قىزىلگۈلدەك گۈلشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سۆيۈملۈكۈم

ئولىيانى بىردىنلا كۆرۈپ قالدىم. كۆپچىلىك قىزغىن ۋە داغدۇغىلىق قارشى ئالغانلىقى، بولۇپمۇ بۇ كىچىلىككە چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئولىيامۇ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن (قۇۋۋىتىم بىراقلا ئون ھەسسە ئاشقاندى)، قاتتىق ئىلھاملىنىپ، ئۆزەمنىڭ ھەرگىزمۇ نان قېپى، ھارام تاماقلاردىن ئەمەسلىكىمنى كۆرستىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، سالاپەت بىلەن قوشۇمامنى تۈرۈپ، كۆپچىلىكنى دىققەت قىلسۇن دەپ، ھاسا بىلەن پولنى توكۇلداتتىم، ئاندىن قولۇمنى ئالدىمغا سوزۇپلا، شېئىرنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدىم:

ئېھتىرام ماگىزىن ئەمگەكچىلىرىگە!
ھەشقاللا سىلەرنىڭ ئەمگەكلىرىڭلارغا.
شۇ ئەمگەك چۈمدۈردى بۇ يېڭى يىلدا،
سىلەرنى مۇشۇنداق شاد-خۇراملىققا!...

گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. ھەممىدىن قىزغىن چاۋاك چالغان، ھەممىدىن خۇشال كىشى ئولىيا ئىدى، ئۇ گويا ۋاللىداپ تۇرغان نورۇز قارىغىيغا ئوخشاشلا جىلۋىلىك ئىدى. ئىختىيارسىز روھلىنىپ كەتتىم ۋە سۆزلىدىم:

— ھارپا كۈنى جەم بولۇش ھەممە كىشىنى خۇشاللىققا بۆلەيدۇ. پاھ، نېمىدېگەن خۇشال منۇتلار بۇ، ھە! ماگىزىندىكى يولداشلار بىلەن بىللە بولغىنىم ئۈچۈن بولۇپمۇ خۇشالمەن. ئاراڭلاردا چىرايلىق قىزلارنىڭ نۇرغۇنلىقىدىن خۇشال بولغىنىم يوق. ئۇنداق ئەمەس. بۇ يىغىلىش ماڭا بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن مەن پوكەي

www.uyghurkitap.com

يېنىدا تۇرغان چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەتتى.

يەنە چاۋاك چېلىندى. مەن تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتىم، مەن ئۆزەمنى سۇغا كىرگەن بېلىقتەك ھېس قىلدىم-دە، ماسا بىلەن پولنى يەنە توكۇلداتتىم، ئاندىن ئالەمنى بويسۇندۇرۇشتا سودىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى ھە دەپ سۆزلىگىلى تۇردۇم. ئاخىرىدا: يېڭى يىلدىن باشلاپ، ماگىزىن، دۇكانلار "پۇلنى مەشەدە ساناپ ئېلىڭ، پوكەيدىن نېرى كېتىپ سانىسىڭىز، كەم چىقىپ قالسا، بىز مەسئۇل ئەمەس" دېگەن كونا شوئارنىڭ ئورنىغا "بۇ دېگەن ماگىزىن، فومكا، ئېھتىيات قىل!" دېگەن يېڭى شوئارنى قوللانسا، دېگەن مۇۋاپىق تەكلىپنى بەردىم.

سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتقانلار گۈررىدە كېلىپ، مېنى ئورىۋالدى، "ئۇنى كۆتۈرۈڭلار!" دەپ ۋارقىراشتى. كىشىلەر مېنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يۇقىرىغا ئاتاتتى، كېيىن ماڭا يوغان رومكىدا لىق شامپان ھارىقى ئەكىلىپ بەردى.

چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئولىيا بىردىنلا مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى.

— بەك ئوبدان بولدى، مىتېنكا! — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — سېنى قۇتلۇقلايمەن!

— قىزچاق، يېڭىلىشتىڭىز، سىز مېنى بىركىمگە ئوخشىتىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدىم ۋە ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قۇچاقلىمىدىم، سۆيدۈم.

— خۇپسەنلىك قىلما، سېنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم.

— ئولىيا، جېنىم ...، — ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم.

مېنىڭ سۆيۈشۈم ھەقلىقتەك، ئۇلىيا ئۆزىنى مەندىن قاچۇرمىدى.

— مىتېنكا، توختاپ تۇر، كېيىنۋېلىپلا كېلىمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ئاندىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ قارىقىز! — دېدىم كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ، — شەھەرنى ئايلىنىپ ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىغاندى، سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۆكۈۋاپتىكەن-دە.

چاۋاك ۋە كۈلكە ئاۋازلىرى ئىچىدە، ماگىزىن ماڭا سوغا قىلغان سوغاتنى ئەل-جامائەت مۇرەمگە قويۇپ قويدى. ئۇلىيا كەلگەندىن كېيىن، بۇ شادۇخۇرام ۋە دوستانە ئادەملەر بىلەن خوشلاشتىم.

سۆيۈملۈك ئۇلىيا ئىككىمىز كوچىدا پاتروشكىلاپ ئىتتىك كېتىپ بارىمىز، كۆڭلىمىز توق، ۋۇجۇدىمىز بەختكە چۆمگەندى.

— سەن توغىما ئارتىس ئىكەنسەن، مىتېنكا، سەن ئۈچۈن خۇشالمەن.

— ئۇلىيا!... — مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك گەپ تاپالمىدىم.

بۇ چاغدا يەنە بىر يولۇچى يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ياردەم قىل، بۇرادەر!...ماقۇل دېمىسەڭ، بۇ يەردىن كەتمەيمەن! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، كېچىلىككە قاتنىشىش ئۈچۈن مېنى تارتتى. مېنىڭغۇ ماقۇل دېگۈم بار، شۇغىنىسى ئۇلىيانىڭ بارغۇسى بارمۇ، يوقمۇ، بۇنى بىلمەيمەن-دە. ئۇلىيا كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەكلا:

— بىللە بارايلى، مىتېنكا، كۆپچىلىك ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش لازىمغۇ...، — دېدى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شەھەرلىك جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، لايىھىلەش مەھكىمىسى،

ئۆي-جاي شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا تېخىمۇ ئېسىل ئويۇن كۆرسەتتىم.

مېنىڭ ئويۇن كۆرستىش تالانتىم بىر تاماشىبىنغا ئىنتايىن ياراپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، يېڭى يىللىق سوغاتلارنى بالىلىرىمغا بۆلۈپ بەرسىڭىز ۋە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنى مۇبارەكلىسىڭىز، "ۋولگا" ماركىلىق پىكاپ بىلەن ئىككىڭلارنى ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ قويۇشقا تەييارمەن، دېدى.

مەن ماقۇل بولدۇم، بالىلارنى مۇبارەكلىدىم. ئۇلار بەك رازى بولۇشۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ بىنادىن چىقماق تەسكە چۈشتى: ھەممە ئۆيدىكى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى چىقىپ، "بالىلىرىمىز خۇش بولۇپ قالسۇن"دەپ، مېنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى.

ئۆيگە كەلسەك، ئەتىگەن سائەت ئۈچ يېرىم بوپتۇ.

— يېڭى يىلىڭنى تەبرىكلەيمەن، ئولىيا!

— يېڭى يىلدا بەختلىك بول، مىتېنكا! — دېدى ئولىيا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ئاخىر ئۆزەڭگە لايىق رولنى تېپىۋالدىڭ، ئۆزەڭگە باپ خىزمەتنى تېپىۋالدىڭ، مەن بۇنىڭغا خۇشال. سېنىڭ رول ئېلىشىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى! شېئىرنى بەك بەلەن دېكلاماتسىيە قىلدىڭ! ھەممىلا يەردە ئەل-جامائەت ساڭا ئاتاپ چاۋاك چالدى. سېنى سېرك ئۆمىكىدە ھەييارنىڭ رولىغا چىققۇچى، دەپ ھۆكۈم قىلغانلارمۇ بولدى. ناھايىتى ياخشى بولدى، مىتېنكا، ساڭا قويىدىغان باشقا يۇقىرى تەلىپىممۇ يوق.

— رەھمەت ساڭا، ئولىيا! ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە باپ رولغا چىقىشى لازىملىقى ماڭا مەلۇم بولدى. مەن ئەمدى كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇيمەن...

www.uyghurkitap.com

— توغرا ئېيتتىڭ، مىتېنكا! — ئولىيا مېنى چوكىدە سۆيۈپ قويدى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 5-سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇللا ئابابز**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ئوسمان موللەك**

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

**گۈلىستان (11)**
(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1987 - يىل 5 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1987 - يىل 5 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.87 يۈەن

**花 坛（11）**

**（苏联小说选译）**

（维吾尔文）

民族出版社编辑出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米 1/32 印张 8 5/8

1987年5月第1版

1987年5月北京第1次印刷

印数：0001—2,200册 定价：0.87元

书号：M 10049（4）218

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



书号 M10049 (4) 218
定价 0.87元